# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
# ئىلمىي ژورنىلى

1984 - يىل 4 - سان

(ئومۇمىي 17 - سان)



Altunoq

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى

تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

# مۇندەرىجە


مەنىۋى دۇنيا توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە……………………يۈسۈپ ھۈسەيىن 1

سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) ۋە ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيىتى
ھەققىدە…………………………………………ۋاھىتجان غوپۇر 19

ماركسىزم لېنىنىزمنىڭ تىراگېدىيە كۆز قارىشى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەنقىدلىرى
توغرىسىدا…………………………………………لى لىنشىڭ شى لېيىڭ 31

يەككە ماگىنىت قۇتۇبى توغرىسىدا……………………چاپپار روزى تەرجىمىسى 39

"زۆرۈر شەرت"، "يېتەرلىك شەرت"، "زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرت" لەر ھەققىدە ئىزاھلار
…………………………………………ئابدىغەييۇم توختى 47

لېنىننىڭ ئىسپاتلاش ۋە ھېساپلاش ئۇسۇلى……………………گەن جىڭجى 52

ئالىي سىفەن ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى بىر قانچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ
قىلىش كېرەك…………………………………………لى بىڭدې 104

سادۇللا ۋە ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە
…………………………………………ئۆمەر ئوسمان 123

كۆڭۈلنىڭ ياخشى دوستى……………………………ئەسقەر ھۈسەيىن 138

# مەنىۋى دۇنيا توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە

يۈسۈپ ھۆسەيىن

## مۇقەددىمە

يېقىنقى زاماندىن بۇرۇن، بولۇپمۇ داروۋىن " ماددا خىللىرىنىڭ تاللىنىشى " بىلەن " تەدرىجى تەرەققىيات " تەلىماتى ئارقىلىق ئىلىم دۇنياسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جەمئىيەتنى تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ ئالىي باسقۇچى ئورنىغا، ئادەمنى ئەڭ ئالىي ئورگانىك ماددا ئورنىغا قويۇپ تەكشۈرۈش ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەتىجىنى ماركس بىلەن ئېنگېلس ياراتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنى تەدبىق قىلىپ، تارىخى ماتېرىيالىزىم بىلەن ئىلمى سوتسىيالىزىم تەلىماتىنى ياراتتى. زامانىمىزدا بولسا، ئالەم بوشلۇقىدا تۇرۇپ يەر شارىنى تەكشۈرۈش، بولۇپمۇ ئەنگىلىيىنىڭ ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە ئالىمى جاندىرانىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى مىنرالنى، ئورگانىك زەررىلەرنىڭ يەر شارىغا قونۇپ، يەر شارىدىكى ماددا خىللىرىنىڭ تاللىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى توغرىسىدىكى ئىلمى بايقاشلىرى ئالەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك باغلىنىشلارنى ئېچىپ كۆرسىتىشتە يېڭى تەجرىبىلەرگە يول ئاچتى.

شۇڭا بۇ جەھەتتە، مۇلاھىزىلەرگە يېتەكچى رول ئوينىغۇچى پەلسەپىۋى تۈپكى ئۇقۇملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش - ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىز مەقسەت ئېتىۋارى بىلەن پەقەت ئىككى مەسىلىنى — ماددا بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەت بىلەن ئىجتىمائى تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تاللاپ ئالايلى.

— ماددا بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، پەلسەپە تارىخىدا ماتېرىيالىزىم بىلەن ئىدېيالىزىم مىڭ يىللار سىرى "ماددا بىرىنچىمۇ ئاڭ بىرىنچىمۇ" دېگەن مەسىلىنى تالاش - تارتىش قىلىپ كەلگەن. ھازىر، بىز ئۈچۈن "ماددا" ئۇقۇمى ھەققىدە كۆپ توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئالەمدىكى سەييارىلارنىڭ تۇمانلىق قاينامىلىرىدىن تارتىپ، ئادەم مېڭىسىدىكى ھەر قايسى پوستىلاقلاردىكى زەررىلەرنىڭ قاينامىلىرىغىچە ھەممىسى "ماددا" ئۇقۇمى دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنى



Altunoq

كىلاسسىك ماتېرىيالىستلار «تۆت زات» قا (تۇپراق ـ ماددىنىڭ قاتتىق شەكلىگە، سۇ ـ ماددىنىڭ سۇيۇقلۇق شەكلىگە، هاۋا ـ ماددىنىڭ گاز شەكلىگە، ئوت ـ ماددىنىڭ ئېلېكترونلۇق شەكلىگە) ئومۇملاشتۇرغان. ئەمدى گەپ «ئاڭ» ئۇقۇمىدا. «ئاڭ» ئۇقۇمى ئەسلىدە ئىدىيالىستلارغا خاس ئۇقۇم. ئەگەر دىنى ئىدىيالىزمنىڭ «خۇدا» ئۇقۇملىرى ۋە پەلسەپە ئىدىيالىزمىنىڭ «مۇتلەق روھ» ئۇقۇملىرىنى ۋە ئۇنى سۈپەتلەشلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرسەك، ئالەملىك ۋە ئادەملىك مادىي ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى، بولۇپمۇ كىلاسسىك «تۆت زات» نىڭ تۆت خىل ماھىيىتىنى ـ تۇپراقنىڭ قۇرۇقلۇق، سۇنىڭ ھۆللۈك، ھاۋانىڭ سوغۇقلۇق، ئوتنىڭ ئىسسىقلىق خۇسۇسىيىتىنى تەكشۈرسەك، بۇ، ئالەملىك ئېنېرگىيىنىڭ تۆت خىل ئومۇملاشتۇرۇشى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. (بولۇپمۇ بىز «قۇرئان» دىكى خۇدانىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، خۇدانىڭ دەل شۇ تۆت خىل ئېنېرگىيىدىن قوشۇلغانلىقىنى، شەيتاننىڭ پەقەت بىرلا ئېنېرگىيە ـ ئوتتىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرىمىز.) شۇڭا «ئاڭ» ئۇقۇمى مەيلى سۇبيېكتىپ خاراكتېردە بولسۇن مەيلى ئوبيېكتىپ خاراكتېردە بولسۇن ئېنېرگىيە مەنىسىدە (ئورگاننىڭ ئېنېرگىيە، مىنېرالنى ئېنېرگىيە) چۈشۈنۈلگەندە ئاندىن، «ماددا» ئۇقۇمى بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماددىنىڭ يوقالماسلىق قانۇنى بىلەن «ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىش قانۇنى ئوتتۇرىسىدىكى قىممەت مۇتلەق تەڭلىك دەرىجىسىگە يەتكەن بولىدۇ. خۇددى ماتېماتىكىدىكى مۇتلەق تەڭلىمىنى ئىپادە قىلغۇچى نۆل رەقىمى بارلىق ئاددىي، ئالىي تەڭلىمىلەرنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى بولغاندەك، بۇنداق مۇتلەق تەڭلىك بىزنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ كاتېگورىيە پەرقلىرى توغرىسىدىكى مەنتىقى مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭمۇ بېشى ۋە ئاخىرى بولىدۇ.

ــ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بىلەن ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، بۇ ئىككى ئۇقۇم ماددا بىلەن ئاڭنىڭ (ئېنېرگىيىنىڭ) پەقەت جەمئىيەتكە تەدبىقلىنىشىدىن ئىبارەت. بىز «ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت» ئۇقۇمى بىلەن «ئىجتىمائىي تەپەككۇر» ئۇقۇمىدىكى «ئىجتىمائىي» سۆزىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. يەنى «ئىجتىمائىي» ئۇقۇمى پەقەت جەمئىيەتكىلا قارىتىلغان. شۇڭا، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمى پەقەت «ماددا» ئۇقۇمىنىڭ جەمئىيەت دائىرىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىجتىمائىي تەپەككۇر ئۇقۇمى جەمئىيەتتىكى بارلىق ئادىمىزاتنىڭ تەپەككۇر ئومۇملىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ. باشقىچە ئېيتساق، «ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت» ئۇقۇمى بارلىق ئىنسانلارنىڭ تېنىنى ۋە تېنى ئۈچۈن يارىتىلغان بارلىق مادىي قۇرۇلمىلارنى، «ئىجتىمائىي تەپەككۇر» ئۇقۇمى بارلىق ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ۋە جېنى ئۈچۈن يارىتىلغان بارلىق ھادىسىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئۈچۈن تەن مۇھىممۇ ياكى جان مۇھىممۇ دېگەن مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن بولمىغىنىدەك جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ «ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت» مۇھىممۇ ياكى ئىجتىمائىي تەپەككۇر مۇھىممۇ دېگەن مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

يۇقۇرقى ئىككى تەرەپنى ئومۇملاشتۇرۇپ باشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئويلىغىنىمىزدا بىز كاتېگورىيە پەرقلىرىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم يەنى ئالەم بىلەن ئادەم، جەمئىيەت بىلەن شەخسى مۇناسىۋەتلىرى چوڭ كىچىكلىك، ئىلگىرى ـ كېيىنلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن «ماددا بىلەن ئاڭ». «مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇر» ئۇقۇملىرى شۇ خۇسۇسىيەت بويىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. يەنى ماددا ئالەمگە، ئاڭ پەقەت ئادەمگە خاس دەرىجىدە قارال-

سا ئۇ چاغدا ماددا بىرىنچى، ئاڭ ئىككىنچى بولىدۇ. مەۋجۇدىيەت جەمئىيەتكە، تەپەككۇر شەخسكە خاس دەرىجىدە چۈشۈنىلسە مەۋجۇدىيەت بىرىنچى، تەپەككۇر ئىككىنچى بولىدۇ. چۈنكى ماددا دائىرىسىنى كىچىكلەتكەنسىرى ئېنېرگىيىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا دائىرىسىنى كىچىكلىتىدۇ.

شۇڭا، يۇقۇرقى ئىككى مەسىلە ماقالىنى ئوقۇغان بولداشلار دىققەت قىلىدىغان مۇھىم تەرەپ، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسا ماقالىنىڭ ئەھمىيىتى يوقىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپ شۇكى، ماقالىنى ئوقۇۋاتقان كىتاپخانىنىڭ مۇنداق فىزىكىلىق ھادىسە بىلەن فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىدىكى ئوخشاشلىقىغا دىققەت قىلىشى زۆرۈر: كىنو لېنتىسىغا قارىساق ھەر بىر كاتەكچىدىكى رەسىم جىم تۇرىدۇ. لېكىن ئېكراندا رەسىملەر ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ نىسپىلىك ئۆزگىرىشلىرى ئىچىدىكى مۇتلەق قىلىقنى كۆرۈشىمىز ئۈچۈن بىشارەت. شۇنداقلا كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى لېنتىنى ھەددىدىن تېز ئايلاندۇرۇپ رەسىم تارتسا بۇ رەسىم ئېكراندا ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت بىلەن كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ھەددىدىن ئاستا سۈرئەت بىلەن رەسىم تارتسا ئېكراندىكى رەسىم ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلىدۇ. ئادەم فىزىئولوگىلىك ھالىتىدىمۇ شۇنداق، قان قىزىپ كەيپىيات جىددىيلەشسە ۋاقىت ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك. قان سوۋۇپ سەۋىرچان بولغاندا ۋاقىت تېز ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ بىزگە ئېينىشتېيننىڭ نىسپىلىك نەزەرىيىسىنى ئەسلىتىدۇ. يەنى تاشقى ماددى دۇنيادىكى ماكان، زامان ئۆزگۈرۈشلىرى بىلەن ئىچكى مەنىۋى دۇنيادىكى، ”ماكان زامان“ ئۆزگىرىشلىرىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە مۇناسىۋەتلىك جايلاردا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## مەنىۋى دۇنيانىڭ ئالاھىدىلىگى

مەنىۋى دۇنيا دىگىنىمىز پەقەت ئادەملەرنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرىغا قارىتىلغان. (ھايۋانلارنىڭ، ئومۇمەن جانىۋالارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە بىز ئامالسىز ) شۇڭا مەنىۋى دۇنيا ــ ئادەمدىكى شەخسى تەپەككۇر بىلەن ئىجتىمائى تەپەككۇردىن قۇرۇلغان. شۇنداقلا، مەنىۋى دۇنيا، شەخسى تەپەككۇر ئىچىدىكى سوبىكتىپزۆرۈرىيەت بىلەن ئىجتىمائى تەپەككۇردىكى ئوبىكتىپزۆرۈرىيەتتىن قۇرۇلغان. تۆۋەندە تەكشۈرۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن مەنىۋى دۇنيا ئۇقۇمى ئورنىدا كۆپىنچە تەپەككۇر ئۇقۇمىنى قوللىنىمىز. شەخسى تەپەككۇر بىلەن ئىجتىمائى تەپەككۇر، خۇددى تەن بىلەن ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەت ماددى ئىشلەپچىقىرىش، ماددى ئىستېمال، ماددى ئايرىۋاشلاش مەزمۇنىدىن تەركىپ تاپقاندەك، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، مەنىۋى ئىستېمال مەنىۋى ئايرىۋاشلاش مەزمۇنىدىن تەركىپ تاپىدۇ.

بۇنى تۆۋەندە ئايرىم ـ ئايرىم كۆرىمىز.

ــ مەنىۋى دۇنيانىڭ ” مىكراسكوپلۇق “ كۆرۈنىشى بولغان شەخسى تەپەككۇر توغرىسىدا.

گەپنى مىسالدىن باشلاش ئۈچۈن، بىز تېلېۋىزورنى ئېلىپ كۆرەيلى: بىز تېلېۋىزورنى كۆرگەندە ئېكراندىن كارتىنىلارنى كۆرىمىز. كارنىيىدىن ناخشا ـ مۇزىكا، گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلايمىز.

ۋە كارتىنىلار بىلەن ئاۋازنىڭ زىچ ماسلاشقانلىقىنى بىلىمىز. كارتىنا بىلەن ئاۋازنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، تېلېۋىزور ئېچىدىكى مۇرەككەپ قۇرۇلمىنى، تېلېۋىزور ئىستانسىسىدىكى رەسىم بىلەن ئاۋاز دولقۇنىنى تارقىتىشىنى، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بۇنداق كارامەتنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسىنىڭ ماگنىتلىق پولات سۈركىلىشىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئويلىساق ئادەم تېنى ۋە ئادەم مېڭىسى ئېسىمىزگە چۈشىدۇ.

تەپەككۇر تىل بىلەن زىچ ئالاقىدار، تىل بولسا ئاۋاز دولقۇنلىرىدىن ئىبارەت. تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ ئاساسى بولغان رەڭ ۋە نۇرلارمۇ رەڭ نۇر دولقۇنلىرىدىن ئىبارەت. تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇر ئۇقۇم بىلەن ئوبرازلاردىن قۇرۇلغان. ئۇقۇملار بىلەن ئوبرازلارنىڭ ئۆزى نېمە؟

ئادەمنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سەزگۈ ئەزالىرى بولىدۇ. ئىچكى سەزگۈ ئەزالىرى دېگىنىمىز ـــ يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر، بۆرەك قاتارلىقلار، ئۇلار ئىچكى غىدىقلىنىشنى سىزىشنىڭ مۇھىم ئەزالىرى. تاشقى سەزگۈ ئەزالىرى دېگىنىمىز ـــ كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز، تېرە قاتارلىقلار، ئۇلار تاشقى غىدىقلىنىشنى سىزىشنىڭ مۇھىم ئەزالىرى. بۇ ئىچكى ـ تاشقى سەزگۈ ئەزالىرى ئۆزىگە خاس سۈپەت ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئىستېمال قىلىنغان ھەر قانداق ئوزۇقلۇق ( ئورگانىك ياكى مىنېرالنى بولسۇن ) ئۆز خىلى، سۈپىتى بويىچە شۇ سەزگۈ ئەزالىرىغا سەرپ بولىدۇ. ئادەم تېنىنى تولۇق چىرمىغان نېرۋا تالالىرىدىن ئىبارەت « ئورگانىك سىملار » بارلىق سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ئادەم مېڭىسىدىكى ھەر قايسى سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن بىۋاستە باغلانغان مېڭە پوستلاقلىرىنى تۇتاشتۇرغان. ئىچكى ـ تاشقى سەزگۈ ئەزالىرىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس « غىدىقلىنىش » نىڭ ئۆزى بىر خىل بىئوخىمىيىلىك رېئاكسىيە. بۇ « بىئوخىمىيىلىك رېئاكسىيە » دىن ئورگانىك ئېلېكتىر ئىشلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىستېمال قىلىنغان ئورگانىك ئوزۇقلۇق ـ ئاقسىل، كىراخمال، ۋىتامىن، ئىشقار قاتارلىقلاردىكى خىمىيىۋى ئېلېمېنتلار ( بۇنى فىزىئولوگلار ئېنىقلاپ چىققان. بۇ ھەقتە توختىلىش نىشانىنى بۇراپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن توختالمايمىز ) رېئاكسىيىسىدىن ئىچكى ئەزالاردىكى سىزىم ( ئورگانىك ئېلېكتىر ) ھاسىل بولىدۇ. تاشقى سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلغان دولقۇنلار ـــ نۇر، رەڭ، ئاۋاز، ھىد، تەم، تېمپېراتۇرا، ئېلېكتىر، ماگنىت دولقۇنلىرى ئەسلىدە ناھايىتى ئۇششاق مىكروزەررىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق زەررىلەر سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا ئۇرۇلغاندا شۇ سەزگۈ ئەزالىرىدىكى نېرۋىلاردىن ئىبارەت سىمدا ئېقىۋاتقان ئورگانىك ئېلېكتىر ئېقىمىغا قوشۇلۇپ ئىچكى دولقۇننى ( سەزگۈلەر ئېقىمىنى ) تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق تاشقى دولقۇنلار تەسىرىدىن بولىدىغان ئۇقۇم بىلەن ئوبرازنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مىسال بولىدىغان قۇلاق سەزگۈسى بىلەن كۆز سەزگۈسىنى، ئاۋاز بىلەن رەڭنى ئالايلى.

ئاۋاز ـــ ھاۋا دولقۇنى، يەنى مەلۇم بېسىم بىلەن ھاۋانىڭ تىترىشى، ھاۋانىڭ تىترىشى قۇلاق پەردىسىنى تىترىتىدۇ. بۇنداق تىترەش ئىچكى تىترەشكە ئايلىنىپ، مېڭىدىكى قۇلاق سەزگۈسى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار مېڭە ھۈجەيرە گۇرۇپپىسىغا تەسىر قىلىدۇ. خۇددى گەپ ـ سۆز، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئىز قويغاندەك، مېڭىگە بارغان ئاۋاز دولقۇنى مېڭىدىكى قۇلاق سەزگۈسىگە باغلىق مېڭە ھۈجەيرىسىگە ئىز قويىدۇ. ئادەم گەپ قىلمىسىمۇ مېڭىنىڭ ئىچىدە تەپەككۇر قىلغاندا ماتېرىيال بولىدىغان ئۇقۇم فۇنېتىك تۈرەلمىدىن تەشكىل تاپقان. بىز تۇغما

گاس ئادەمنىڭ تۇغما گاچا بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن. چۈنكى ئۇنداق كىشىدە تەپەككۇر قىلىدىغان ئۇقۇم دولقۇنلىرى ئايلىنىدىغان مېڭە ھۈجەيرە گۇرۇپپىسى ئورنىنى باشقا ھۈجەيرە گۇرۇپپىسى ئىگەللىگەن.

رەڭ ـ نۇر دولقۇنى. قوياش نۇرى خىلمۇ ـ خىل خىمىيەۋى ئېلېمېنتلاردىن قۇرۇلغان ماددىنى يورۇتقاندا، نۇر شۇ شەيئىدىكى ئېلېمېنتلار بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ رەڭدار نۇر قايتۇرىدۇ. بۇ نۇر ئادەمنىڭ كۆزىگە تەسىر قىلىدۇ. كۆز ئالمىسىدىكى كىرىستال ھۈجەيرىلەردىكى بەھساپ نېرۋا تالالىرىدا ئېقىۋاتقان ئورگانىك ئېنېرگىيىگە بۇنداق رەڭ زەررىلىرى تەسىر قىلغاندىن كېيىن كۆز بىلەن باغلىق مېڭە ھۈجەيرە گۇرۇپپىسىدىكى ھۈجەيرىلەرگە ئىمز قويىدۇ. بۇ خۇددى تۇسنالغۇ لېنتىسىغا مەنزىرە تارتىلغانغا ئوخشاش ھال.

دېمەك، بىز قىلدىن كىچىك لېنتىلەرگە ناھايىتى چوڭ مەنزىرىلەر ياكى ناھايىتى مۇرەككەپ ئۆركېستىر مۇزىكىسى پاتقانلىقى بىلەن مېڭە ھۈجەيرىسىنى سېلىشتۇرساق ھېس قىلالايمىز.

ئەندى بىزنىڭ ئالدىمىزغا تاشقى ماددا دۇنيا بىلەن ئىچكى مەنىۋى دۇنيانىڭ زامان، ماكان پەرقى مەسىلىسى كېلىدۇ.

تاشقى ماددى دۇنيادا يۇلتۇزلۇق بوشلۇق، يەر شارىدىكى رايونلار ئادەم ياشىغان جاي «ماكان»، قوياش ئەتراپىنى ئايلانغان يەر شارىنىڭ مۇئەييەن سۈرئىتى بىلەن ئۆلچىنىدىغان ۋاقىت «زامان» ياكى ئادەم ئۆمرى زامان. بۇ غايەت زور ماكان بىلەن زامان، ئەندى ئادەم مېڭىسىدىكى ھەر قايسى ھۈجەيرە گۇرۇپپىلىرىدىكى تاشقى دۇنيا ئىزلىرى ۋە بۇ ئىزلارنىڭ مېڭىدىكى ئېلېكتر ئېقىمى بىلەن بېيىشى تەرتىپلىرىنى ھاسىل قىلىشى، مەلۇم ئۇقۇم مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلەر (تەسەۋۋۇر ناھايىتى سۈزۈك بولغان چاغدىكى خۇددى چۈش مەنزىرىلىرىگە ئوخشاش كۆرۈنۈشلەر) دىكى «ماكان»، ئۇقۇملارنىڭ، ئوبرازلارنىڭ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆزگىرىش جەريانىدىكى زامان ـ بۇ ناھايىتى كىچىك ماكان بىلەن زامان. ئەگەر بىز ئالەمنى بەھساپ يۇلتۇزلۇق تۇمان دېسەك، ئادەم مېڭىسىدىكى ھۈجەيرىلەرنىمۇ شۇنداق كىچىكلەنگەن يۇلتۇزلۇق تۇمان دېسەك بولىدۇ.

يەر شارى تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت دەپ ئايرىلغىنىدەك ۋە تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ تۈپكى پەرقى مەدەنىيەت بولغىنىدەك ئادەم مەنىۋى دۇنياسىمۇ تەبىئەت ئىنكاسى بىلەن جەمئىيەت ئىنكاسىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئىككى خىل ئىنكاسنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغۇچى ئەقىلدۇر.

بىز بۇنىڭ ئۈچۈن جىم ياتقاندا، كۆزىمىزنى يۇمۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش ھالىتىمىزنى تەكشۈرۈپ باقساق بولىدۇ. سىز پۈتۈن خىياللارنى ئۇنتۇپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىڭ، بۇ چاغدا ھەر خىل ئۇقۇملار لىپىلداپ پەيدا بولىدۇ يەنە داۋاملىق تىكىلىسىڭىز، دەسلەپتە غۇۋا، كېيىن سۈزۈك مەنزىرىلەر كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇقۇم بىلەن مەنزىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز ۋە تەدرىجى ھالدا ئۇقۇملار بىلەن مەنزىرىلەر بىر ـ بىرىگە باغلانماي قالىدۇ. سىز بىرەر كىمنى ئەسلەپ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرمەكچى بولسىڭىز ئەكسىچە باشقا مەنزىرە، قىياپەت كېلىۋالىدۇ. مۇشۇ پەرقنىڭ ئۆزى دەل تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئۇقۇم سىزگە جەمئىيەتنىڭ تەسىرى، ئوبراز بولسا تەبىئەتنىڭ تەسىرىدۇر.

ـ مەنىۋى دۇنيانىڭ «تېلېسكوپلۇق» كۆرۈنۈشى بولغان ئىجتىمائىي تەپەككۇر توغرىسىدا.

ئەگەر ھەر بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە بولىۋاتقان تەپەككۇرنى " نەق ئەھۋال خاتىرىسى " تەرىقىسىدە تېلېۋىزوردا كۆرسىتىشكە بولسا ۋە ئەگەر ئاز دېگەندە يۈز ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى " نەق ئەھۋال خاتىرىسى " نى يۈز تېلېۋىزور ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولسا ۋە بۇ يۈز تېلېۋىزورنى ئالدىڭىزغا قويۇپ قويسا، ئاندىن سىز مەنىۋى دۇنيانىڭ نەقەدەر ئاجايىپ - غارايىپ ئىكەنلىكىگە ھەيران قالغان بولاتتىڭىز. دېمەك بىز دەۋاتقان ئىجتىمائىي تەپەككۇر دەل ئەنە شۇنداق مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدىكى تەپەككۇرلارنىڭ ئومۇمىي جۇغلانمىسىدۇر.

بىز ھەر كۈنى ئۆز ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ھەركەتلىرىدىكى ئىپادىلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ئۆزىمىزدىن يىراق جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ تۇرىمىز، كىنو، تىياتىر، تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرىمىز، رادىيو ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇلار پەقەت ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ تاشقىرىغا چىققان ئىپادىسى. خۇددى دېڭىز ئۈستىدە كۆتىرىلگەن دولقۇنغا ئوخشاش بولۇپ، ئادەملەر مېڭىسى ئىچىدىكى قىسمى خۇددى دېڭىزنىڭ ئاستىغا ئوخشايدۇ.

شېئىرلاردا تاۋۇزدەك مېڭە ئىچىگە يۇلتۇزلۇق ئالەم سىغىپ كېتىدۇ. ھەر كاللىدا مىڭ خىيال دېيىلگەن. بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئالدىنقى مەزمۇندا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ئالەمدىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانى بىلەن ئادەم مېڭىسىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ سانىنى ئۆلچەپ بولماق تەس. قۇياشنىڭ بىر خىل نۇرى مىڭ خىل نەرسىدە مىڭ خىل ئەكس ئەتكەندەك، بىر ئوبيېكتىپ دۇنيا مىڭ سوبيېكتىپ دۇنيادا مىڭ خىل ئەكس ئېتىدۇ. ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ يېڭىدىن - يېڭى شەكىللەرگە ئىگە بولۇشى دەل ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ رەڭمۇ - رەڭ گۈزەللىكلەرگە تولغان مىليونلىغان مەنىۋى ئالەمگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر.

بۇرۇنقى دىنىي پانتازىيىلەردىكى ئاتالمىش " ئۇ ئالەم " دىكى جەننەت، دەۋزەق " ۋە كويىقاپ، تىلسىمات قاتارلىقلارنى ساددا كىشىلەر ئاسماندىكى نەرسە ياكى ئۆلگەندىن كېيىن جان بارىدىغان قانداقتۇ بىر زامان، ماكان دەپ ئىشىنىپ كەلگەن، لېكىن بۇ تەپەككۇرلار نەزىرىدە " ئۇ ئالەم " دەل شۇنداق ئىجتىمائىي تەپەككۇر ئىدى. مەسىلەن: يۇقۇرىدىكى مىسال بويىچە، روھىي كەيپىياتى خۇشخۇي، غەم قايغۇسىز ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان تېلېۋىزورنى قاتار قىلىپ قارىساق، بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ جۇغلانمىسىدىن جەننەتنى كۆرىمىز. روھىي كەيپىياتى غەزەپلىك، غەم قايغۇ ئىچىدە تۇرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى تەسەۋۋۇرلارنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان تېلېۋىزورلارنى قاتار قىلىپ قارىساق، بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ جۇغلانمىسىدىن دەۋزەقنى كۆرىمىز. ئەگەر بىرىگە قارىمۇ - قارشى كەيپىياتتا تۇرغان كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان تېلېۋىزورلارنى قاتار قىلىپ قارىساق، بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ جۇغلانمىسىدىن كويىقاپ بىلەن تىلسىماتنى كۆرىمىز.

ئەگەر ئاي شارىدا تۇرۇپ تېلېسكوپ بىلەن يەر شارىغا قارىساق، ياكى ئايروپىلاندا تۇرۇپ، شەھەر، يېزىغا قارىساق ئادەملەرنى چۈمۈلىلەردەك كۆرىمىز. بۇنداق نوقۇل كۆز - قۇلاق سەزگۈسىدە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ھەقىقەتەن تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئىجتىمائىي تەپەككۇردىن ئىبارەت مەنىۋى دۇنيانى كۆرۈش، ئاڭلاش ئۈچۈن دىل كۆزى بىلەن دىل



AltunOq

قۇلىغى زورۇر. بۇنداق مەنىۋى دۇنيادا تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت ئارىلىشىپ كەتكەن، يەنى ئۇچارلىقلار، ئۆزگۈچىلەر، ھەر خىل جانىۋارلار، ھايۋانلار، ئادەملەر ئارىلىشىپ كەتكەن، ھەممىتتا ھەر خىل سەزگۈ ئەزالارمۇ ھەر خىل مەخلۇقلارغا خاس ئەزالاردىن پۈتۈلگەن.

تۇتېم ۋە ھەر خىل پانتازىيىلىك چۆچەكلەر، شېئىرلار، داستانلار ئەنە شۇنداق مەنىۋى دۇنيانىڭ بىر قىسمى.

ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەتتە، بىز ھەر خىل سىياسى، ئىقتىسادى، ئەخلاقى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى. مەسىلەن: دۆلەت ئاپاراتىدىكى ھەر خىل مىنىستىرلىكلەر ۋە ئاساسى قاتلامدىكى ھەر خىل ئاپاراتلار ئادەم مېڭىسىدىكى قاتمۇ-قات مېڭە پوستلاقلىرى ۋە سەزگۈ ئەزالىرىدىكى، نېرۋا تاللىرىدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ چوڭايتىلغان شەكلىدۇر. شۇڭا شەخسى تەپەككۇردىكى قانۇنىيەتلەر بىلەن ئىجتىمائى تەپەككۇردىكى قانۇنىيەت چوڭ-كىچىكلىك پەرقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئوخشاش.

ئەمما بۇنداق ئىجتىمائى تەشكىلاتلارنىڭ ھەر بىرىدە يۈزلىگەن، مىليونلىغان ئادەملەر بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس مەنىۋى دۇنياغا ۋە مەنىۋى دۇنيادىكى چەمىرلاپ، لىغىرلاپ تۇرغان مەنىۋى ماكان - زامانغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە بۇنداق ئىجتىمائى تەشكىلاتلار ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەت بويىچە مۇئەييەن زامان، ماكانغا تەئەللۇق بولغىنى بىلەن ئىجتىمائى تەپەككۇردا مىڭلىغان- مىليونلىغان، مەنىۋى زامان، ماكان بار. بەزىلەر ئۆز تەپەككۇرىدىكى زامان، ماكانغا لايىق مىڭ يىل ئىلگىرى ئەسكىلىكلەر ئىچىدە ياشاپ، شۇ چاغدىكى كىشىنىڭ روھى بويىچە ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن. بەزىلەر مىڭ يىل كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولىدۇ دەپ ھېساپلىغان تەسەۋۋۇردىكى زامان، ماكانغا لايىق ياشاشقا تىرىشىشى مۇمكىن. شۇڭا ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەت مۇرەككەپلىكىدىن ئىجتىمائى تەپەككۇرنىڭ مۇرەككەپلىكى نەچچە ھەسسە ئارتۇق.

ئادەملەرنىڭ خېلى كۆپچىلىكى "تەقدىر" توغرىسىدا ئويلىنىدۇ ياكى زارلىنىدۇ ياكى قارشىلاشماقچى بولىدۇ. تەقدىر ئەمەلىيەتتە ئوبىكتىپ زۆرۈرىيەت بىلەن سوبىكتىپ زۆرۈرىيەتتىن تەشكىل تاپقان. خۇددى شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھالدا ئىجتىمائى تەپەككۇردىكى ئوبىكتىپ زۆرۈرىيەت مىليونلىغان مەنىۋى ماكان، زامان ئوخشىماسلىقلىرىدىن تەركىپ تاپقان. مەسىلەن: بىر ئادەم كىتاپ ئوقۇغاندا، كىنو كۆرگەندە ئۇنىڭ تەسىراتى ئىچىگە غەرق بولغاندا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كىتاپ، كىنودىكى زامان، ماكان ئورۇن ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان تاشقى زامان، ماكان ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ھاسىل بولىدۇ. يا ئۇنىڭدا يا بۇنىڭدا تۇرۇش تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. كىلاسسىك ئەسەرلەردە تەسىرات "پىكسىرات" كۆۋرىگى توغرىسىدا پانتازىيىلىك تەسۋىرلەر كۆپ. بۇ ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس. ماددى دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئەنە شۇنداق كۆۋرۈكتۇر. بۇنداق كۆۋرۈك ئىجتىمائى تەپەككۇردا ھەددى ھېساپسىز. بۇنداق ھەددى ھېساپسىزلىقنى "ۋىجدان" ئۇقۇمىنىڭ خىلمۇ - خىللىقىدىكى چەكسىزلىك بىلەن ئىسپات قىلىش مۇمكىن. بەزىلەر ۋىجدانغا مۇۋاپىق يورۇغلۇق ئىچىدە، بەزىلەر ۋىجدانغا خىلاپ ھالدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشايدۇ. گەرچە ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەتتە يورۇغلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئېنىق ئايرىمىسى بولسىمۇ ئىجتىمائى تەپەككۇردا ماكان، زامان ھەددى - ھېساپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن يورۇغلۇق بىلەن قاراغلۇلۇقمۇ ھەددى - ھېساپسىز.

دېمەك يۇقۇرقى ئىككى تەرەپنى - مەنىۋى دۇنيانىڭ مىكراسكوپلۇق كۆرۈنىشى بولغان شەخس

تەپەككۇر بىلەن مەنىۋى دۇنيانىڭ تىلىسكوپلۇق كۆرۈنىشى بولغان ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتىنى خۇددى يەر شارىنى ئوراپ تۇرغان ئاتموسفېرا بىلەن ھەر بىر ئادەم تېنىدىكى يەل بىلەن ياكى يەر شارىنى يورۇتۇپ تۇرغان ئاپتاپ بىلەن ھەر بىر تېنىدىكى «ئوت» بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوخشىتىش مۇمكىن. گېئولوگىيە تارىخىدا يەر شارىدىكى ئاتموسفېرا بىلەن ئادەم ئۈچۈن زۆرۈر كىسلاروتنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى بار ئىكەن، خۇددى شۇنىڭدەك، شەخسىي تەپەككۇر بىلەن ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ تارىخى بار.

## مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كاتېگورىيىلىرى

ماددىي دۇنيا، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، ماددىي ئىستېمال، ماددىي ئايرىۋاشلاش جەريانىدىن تەركىپ تاپقىنىدەك، مەنىۋى دۇنيا، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تەپەككۇرمۇ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، مەنىۋى ئىستېمال، مەنىۋى ئايرىۋاشلاش جەريانىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ خۇددى $3-3=0$ بولغاندا ئوخشاش، شۇنداقلا $1+1+1=3$ بولغانغا ئوخشاش ئۈچ تەرەپ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كاتېگورىيىلىرىنى تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئىچىدە قالغان ئىككى تەرەپمۇ يوشۇرۇنغان ۋە زۆرۈر تېپىلغان جايدا ئۆزىنى كۆرسىتىپمۇ قويىدۇ.

مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كاتېگورىيىلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە يەنىلا شەخسىي تەپەككۇر بىلەن ئىجتىمائىي تەپەككۇرنى ئايرىم - ئايرىم كۆرىمىز.

### — شەخسىي تەپەككۇر جەھەتتە

1) سىزىم:

ئادەم تېنىدىكى ئىچكى - تاشقى سەزگۈ ئەزالىرىدىكى ھۆجەيرە بىلەن تاشقى دۇنيادىن تەسىر قىلغان دولقۇنلاردىكى زەرەر «بىئولوگىيىلىك رېئاكسىيە» ھاسىل قىلغاندا ئىشلەنگەن ئېلېكتىرلىك ھالەت — سىزىم. بۇنى مىكرو مەنىۋى مەھسۇلات دېيىشكە بولىدۇ. ئادەم تېنىدىكى سەزگۈ ئەزالىرى خىلمۇ - خىل سۈپەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن سىزىمنىڭ سۈپىتىمۇ خىلمۇ - خىل.

2) تۇيغۇ:

ئادەم تېنىدىكى نېرۋا تالالىرى ئارقىلىق ھەرخىل سەزگۈ ئەزالىرىدىن مېڭىگە بارغان سىزىم. ئۇ مېڭە پوستلاقلىرى ئارىسىدىكى ئېلېكتىرلىك ئېقىم بىلەن ئۇچرىشىدۇ، سېلىشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى مېڭىدىكى بىئوخىمىيىلىك رېئاكسىيە بولۇپ، بۇ جەرياندا سېلىشتۇرۇلغان سىزىم ئىچىدە كۈچلۈك بولغىنى — تۇيغۇ. بۇنى مىكرو مەنىۋى تاۋار دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى سېلىشتۇرۇش قىممەت ھاسىل قىلىدۇ.

3) ئەقىل:

ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ئوتتۇرا مېڭىدىكى زاپاس تۇيغۇلارنى ئايلاندۇرۇپ يېڭى تەرتىپ ھاسىل قىلىدىغان ئورگان. بۇنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا بىئوخىمىيىلىك رېئاكسىيە جەريانى.

ئەقىلنىڭ ئەسلىنى، پەرەز قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالساق تەسىر قىلىنغان بىۋاسىتە سېزىم ئۈستىگە زاپاس تۇيغۇلارنى قوشۇش جەريانىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئەقىل مىكرو مەنىۋى قوشۇمچە قىممەت جەريانى بولىدۇ.

4) ئەقىدە:

فىزىئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىچە ئادەم مېڭە مەركىزىدە بىر ھورمون بەز بولۇپ، بۇ ئادەم بەدىنىدىكى پۈتكۈل ئورگانىك ئېنېرگىيىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان يادرو ئىكەن. ئادەمنىڭ فىزىئولوگىك قان تىپى، پسىخولوگىك مىجەز تىپى ئەنە شۇ ھورموننىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. شۇنداقلا چوڭ مېڭىدىكى ئەقلى پائالىيەتمۇ شۇنى مەركەز قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ چوڭ مېڭىدىكى سېلىشتۇرۇش، ئايلىنىش نەتىجىسىدە ھەممىدىن ئۈستۈن چىققان بىر تۇيغۇ شۇ ھورمون بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئۇ ئەقىدىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەقىدە — مىكرو مەنىۋى كاپىتال.

## ئىجتىمائىي تەپەككۇر جەھەتتە

① ئورگىنال:

جەمئىيەتتىكى خىلمۇ - خىل ساھەلەر، تەشكىلاتلار ئۆز كەسپىگە مۇۋاپىق مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەيدۇ. مەسىلەن: كىتاپ، دوكلات، كىنو، ناخشا، مۇزىكا، تىياتىر، ماقالە قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھامان مەلۇم ۋاقىت ئىشلىتىش جەريانىدا ۋە ئىچكى جەھەتتىن تەكشۈرۈلۈش جەريانىدا مەنىۋى ئالماشتۇرۇشقا قاتناشمىغان بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكنى پەرقلەندۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئورگىنال دەپ ئاتىدۇق، ئورگىنال — مەنىۋى مەھسۇلات.

2) ئەسەر

جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر، تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا رەسمىي ئالماشتۇرۇشقا قاتناشقان ئورگىناللار. مەسىلەن: كىتاپنىڭ نەشر قىلىنىشى، سىنارىيىنىڭ فىلىمگە ئايلىنىشى، سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆرگەزمىگە قويۇلۇشى، دوكلات ماقالىلارنىڭ مۇزاكىرە - مۇھاكىمىگە قويۇلۇشى قاتارلىقلار. چۈنكى بۇ جەريان ئىككىدىن ئارتۇق ساھە، كەسىپنىڭ سېلىشتۇرۇلۇش جەريانى بولىدۇ. ئەسەر — مەنىۋى قىممەتكە ئىگە بولغان ئورگىنالدۇر.

3) تەشۋىقات:

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەسەرنىڭ ھەر قانداق بىر خىلى نۇرغۇن نۇسخە كۆپەيتىلىپ تارقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەزمۇنى مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى تەشۋىقات. چۈنكى ھەر بىر ئۇچرىشىش يېڭىدىن - يېڭى قىممەت ھاسىل قىلىدۇ. يەنى نۇرغۇن ئىدىيە، مەزمۇن شۇ بىر ئەسەر نامى بىلەن كۆپىيىدۇ. ھەتتا ئوبزورلار، شەرھىيلەر ئېلان قىلىنىدۇ. تەشۋىقات جەريانىدا قوشۇلغان ھەر بىر يېڭى مەزمۇن ئەسلىدىكى ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تەشۋىقاتنى مەنىۋى قوشۇمچە قىممەت دېيىشكە بولىدۇ.

4) نوپۇز:

جەمئىيەت قاتلاممۇ - قاتلام ئىجتىمائىي كۈچ مەركەزلىرىدىن تەركىپ تاپقان.

نوپۇز ئەنە شۇنداق مەركەزلەرنىڭ مەنىۋى ھالىتىدۇر. جەمئىيەتتىكى مەلۇم ساھەلەردە خىلمۇ-خىل ئەسەرلەرنىڭ سىپلىشتۇرمىسى نەتىجىسىدە مەلۇم ئەسەر ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئۇ تەشۋىق قىلىنىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى باشقىلارنىڭ مېڭىسىنى ئىگەللەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىجتىمائى تەپەككۇردا مەركەز شەكىللىنىدۇ. نوپۇزنى مەنىۋى كاپىتال دېيىشكە بولىدۇ.

## مەنىۋى قىممەت كاتېگورىيىلىرى

ئالدى بىلەن قىممەتنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى. قىممەت ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. يەر شارى ئۈچۈن قوياش، ئاي شارى ئۈچۈن يەر شارى قىممەتلىك. بولۇپمۇ جانلىقلارنىڭ تەبىئى تاللىنىشى جەريانىدا قىممەت قانۇنلىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. قىممەت دېگىنىمىز قانائەتلەندۈرۈلۈشى لازىم بولغان ئېستېمال ئېھتىياجىنىڭ مىقدارىدىن ئىبارەت. شۇڭا قىممەتنىڭ ماھىيىتى، مىقدار، ساندىن ئىبارەت. مەسىلەن: قوساققا مۇئەييەن مىقداردا ئوزۇق كىرگەندىن كېيىن "توق" بولىدۇ. كۆڭۈل مۇئەييەن دەرىجىدە ھوزۇرنى قوبۇل قىلسا شوخ بولىدۇ. "توق" ۋە "شوخ بولۇش ئۈچۈن لازىمەتلىك نەرسىلەردىكى مىقدار، سۈپەت-قىممەت، ئەگەر ئىستېمال ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان شەيئى ۋە ھادىسە ھەر قانچىلىك كۆچلۈك ۋە گۈزەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىممەت بولالمايدۇ. قىممەتمۇ ماددى قىممەت، مەنىۋى قىممەت دەپ ئايرىلىدۇ ۋە بىر-بىرىگە زىچ سىڭىشىپ كەتكەن. بىز ماقالە مۇددىئاسىغا ئاساسەن مەنىۋى قىممەت كاتېگورىيىلىرىنى يۇقۇرقى شەخسى تەپەككۇر بىلەن ئىجتىمائى تەپەككۇردىكى ئىشلەپچىقىرىش كاتېگورىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆردىمىز.

## مۇتلەق مەنىۋى قىممەت

ماددى مەھسۇلاتتا شۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا سىڭگەن مېھنەت ۋە ماتېرىيال سەرپىياتى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىمە مۇتلەق ماددى قىممەت بولغىنىدەك مەنىۋى مەھسۇلاتنىمۇ مەسىلەن شەخسى تەپەككۇردىكى سىزىم بىلەن ئۇنىڭغا كەتكەن ھۆجەيرە بىلەن زەررە ئوتتۇرىسىدىكى بېئوخىمىيىلىك رېئاكسىيە ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىمە، ئىجتىمائى تەپەككۇردىكى ئورگىنال بىلەن شۇ ئورگىنالنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن كەتكەن سەرپىيات، ماتېرىيال ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىمە مۇتلەق قىممەت بولىدۇ. مۇتلەق مەنىۋى قىممەت ئايرىۋاشلاشقا باغلىق بولمىغان قىممەتتۇر. بۇ خۇددى مەسىلەن ئادەملەر قالغاچنىڭ پاشا - كۇمۇتىلارنى يوقىتىپ مۇھىت ئۈچۈن پايدا كەلتۈرىدىغان قىممىتىنى بىلمىگەن چاغدا ئۇنى يامان دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ مۇھىت ئۈچۈن پايدىلىق تەرىپى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ تونۇشقا باغلىق بولمىغان قىممەت بولغىنىدەك بىر ھالەت. ھەر قانداق بىر مەنىۋى مەھسۇلات ئۇ تونۇلسۇن-تونۇلمىسۇن ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە. بۇ ياكى ئون يىل ياكى مىڭ يىل كېيىن تونۇلىشىدىن قەتئىينەزەر.

## نىسبەت مەنىۋى قىممەت

ماددى ئايرىۋاشلاشقا قاتناشقان مەھسۇلاتلار ئىستېمال تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا ئەسلى قىممىتىگە قارىغاندا يا ئارتۇق يا كەم باھادا سېتىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ توۋار بولىدۇ. توۋارنىڭ ماھىيىتى نىسپى ماددى قىممەت.

مەنىۋى ئايرىۋاشلاشتا. مەسىلەن: شەخسى تەپەككۇردا بىر نەچچە خىل سىزىم مېڭىدە ئۇچرۇشۇپ، سېلىشتۇرۇلغاندا، دىققەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بىر خىل سىزىم كۈچلۈك، بىر خىل سىزىم ئاجىز كېلىپ، بۇنداق قوشۇلىدىن تۇيغۇ ھاسىل بولغاندا، دىققەت ئۆزگۈرۈۋچان بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇيغۇ نىسپى مەنىۋى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىجتىمائى تەپەككۇردا بىر نەچچە خىل ئورگىنال سېلىشتۇرۇلغاندا ئىجتىمائى ئىستېمال ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بىرەر خىل ئورگىنال تەستىقلىنىپ قالىدۇ. بۇ يەردە تەستىقلانمىغان ئورگىنال ئۇ يەردە تەستىقلىنىپ ئەسەر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، تۇيغۇ بىلەن ئەسەردىكى قىممەت ئۆزگۈرۈۋچان بولغانلىقى ئۈچۈن، نىسپى مەنىۋى قىممەت بولىدۇ.

## مەنىۋى قوشۇمچە قىممەت

ماددى ئىشلەپچىقىرىشتىكى كاپىتال بىلەن ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتىدە ماددى قوشۇمچە قىممەت بار. يەنى ئىشچى كۈچى ئۆزىنىڭ ھەققىدىن ئارتۇق قىممەت ئىشلەيدۇ. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتىكى. مەسىلەن: شەخسى تەپەككۇردىكى ئەقلى ھەرىكەت، ئىجتىمائى تەپەككۇردىكى تەشۋىقات ـ مەنىۋى قوشۇمچە قىممەت جەريانىدۇر. چوڭ مېڭىنىڭ ئەقلى ھەرىكىتىدە پاكىت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتكە ئىگە سىزىم ئۈستىگە مېڭىدىكى زاپاس تۇيغۇلار قوشۇلغاندا مېڭە ھۆجەيرىلىرى بىر خىل سىزىم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان زورۇقۇشتىن كۆپرەك ھالدا پاكىت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان تۇيغۇلار ئۈچۈن ئېنېرگىيە سەرپ قىلىپ پاكىتتىن ھالقىپ كەتكەن چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەنە شۇ پاكىتتىن ھالقىغان چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزىدە ۋە ئىجتىمائى تەپەككۇردا بىر ئەسەرنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن كەتكەن بارلىق ئەقلى سەرپىيات، ئوبزورلار، تەبىرلەر، ئىزاھلار، چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ئۆزىدە مەنىۋى قوشۇمچە قىممەت بار.

## جۇغلانما مەنىۋى قىممەت

ماددى ئىشلەپچىقىرىشتا كاپىتال جۇغلانما قىممەت. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا يەنى شەخسى تەپەككۇردىكى ئەقىدە، ئىجتىمائى تەپەككۇردىكى نوپۇز ـ جۇغلانما مەنىۋى قىممەتتۇر. چۈنكى ئەقلى پائالىيەت ئارقىلىق نۇرغۇن سىزىم ۋە تۇيغۇلار ئەقىدىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن، تەشۋىقات پائالىيىتى ئارقىلىق نۇرغۇن ئورگىنال ۋە ئەسەرلەر نوپۇزنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەقىدە بىلەن نوپۇز شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. خىزمەت قىلىش جەريانىدا سەرپ بولغان بارلىق مىقدار ـ قىممەتتۇر.


AltunOq

## مەنىۋى دۇنيادىكى تەبىئى تاللىنىش

بىز يۇقۇرىدا مەنىۋى دۇنيادىكى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش كاتېگورىيىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ماس مەنىۋى قىممەت كاتېگورىيىسىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق . ئۇلار مەنىۋى دۇنيادىكى ھەرىكەت ھالەتلىرى ۋە ماھىيەتلىرىدىن ئىبارەت . ئەندى شۇ ئاساستا مەنىۋى دۇنيادىكى تەرەققىياتنىڭ ماھىيىتى بولغان تەبىئى تاللىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمىز. تەبىئى تاللىنىشنىڭ ئۆزى ماھىيەتتە يەنىلا قىممەتلەر سېلىشتۇرمىسىدىن ئىبارەت. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن يەنىلا شەخسى تەپەككۇر بىلەن ئىجتىمائى تەپەككۇر پەرقى بويىچە بايان قىلىمىز.

## سەزگۇ بىلەن ئەقىدە

بىز يۇقۇرىدا سەزگۈمىزنى مەنىۋى مەھسۇلات (مۇتلەق مەنىۋى قىممەت)، ئەقىدىنى مەنىۋى كاپىتال (جۇغلانما مەنىۋى قىممەت) دېدۇق. ئەمدى بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۈستىدە توختىلىمىز. ئىجتىمائى ماددى ئىشلەپچىقىرىشتا كاپىتال بىلەن ئەمگەك زىددىيەتلىك بولغىنىدەك، شەخسى تەپەككۇردىكى سەزگۇ بىلەن ئەقىدىمۇ زىددىيەتلىك. چۈنكى ئەقىدە مۇئەييەن تۇيغۇنىڭ ئۇزۇن ئورۇندا تۇرۇشى بولۇپ، بۇنداق ئۇزۇن ئورۇندا تۇرغان تۇيغۇ باشقا سەزگۇ ئەزالىرىدىكى سەزگۈمىزنى چەكلەيدۇ. مەسىلەن: بىز بىلىمگە بولۇپمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئەقىدە قىلىدىكەنمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىمىزنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى جىم ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلىمىز. نەتىجىدە كۆرۈش سەزگىمىز كۈچەيگەن بىلەن، باشقا ئەزالىرىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئازايغانلىقى ئۈچۈن سەزگىمىز قابىلىيىتى تۆۋەنلىشىدۇ. ياكى مەلۇم بىر نەرسىگە ئەقىدە قىلسىڭىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىمىز.

## نوپۇز بىلەن ئەقىل

ماددى ئىشلەپچىقىرىشتا كاپىتال بىلەن ئەمگەك زىددىيەتلىك بولغىنىدەك مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىجتىمائى تەپەككۇردا نوپۇز بىلەن ئورگىنال ئىشلىگۈچى ئەقلى زىددىيەتلىك. بىرەر ئورگىنال مەنىۋى ئالماشتۇرۇشتا قاتنىشىپ ئەسەرگە ئايلىنىپ تەشۋىقات ئارقىلىق نوپۇزى تىكلەنگەندىن كېيىن مەلۇم ساھەدىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ، ئەقىدە قىلىدۇ. ئەقىدە سەزگۈنى چەكلىگەندەك نوپۇزمۇ ئۆزىگە زىت بولغان ھەر قانداق ئەقلى پائالىيەتنى چەكلەيدۇ. ھەتتا تىكلەنگەن نوپۇز ۋە ئۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئەسلىدىكى نوپۇز ئىگىسىنىڭ ئەقلى پائالىيىتىنىمۇ چەكلەپ قويىدۇ. مەسىلەن: داھىلار ياكى باشلىقلار نوپۇزى تىكلەنگەندىن كېيىن ھەرىكىتى، سۆزىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئادەم ئۆمرىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان بىھىساپ سىزىملارنىڭ ئارىسىدىن بىر نەچچە ئە-

قىدىنىڭ تاللىنىپ مۇقىملىشىپ قېلىش جەريانى، جەمىيەتتە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان سان-ساناقسىز ئورگىنىزملار ئارىسىدىن بىر نەچچە نوپۇزىنىڭ تاللىنىپ چىقىشى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى كۆرەشلەر جەريانىدا بولىدىغان تەبىئى تاللىنىشقا ئوخشاش بىر جەريان. ئادەم ئىستىتىك سىزىملىرىنىڭ ھەر قاندىغى، بىز يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكەن بىئو-خىمىيىلىك رىياكسىيە نەتىجىسى ئىكەن، ئۇنىڭ تەبىئى خاھىشى ئۇيۇشۇلىكنى ئىگەللەش ئۈچۈن تىرىشىشى، بۇ جەمىيەتتە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بولۇپ ئەكس ئەتكەن. ئىجتىمائى تەپەككۇر دائىرىسىگە كىرىدىغان نۇرغۇن كىتاۋى نەسىھەتلەردە، كۈندىلىك سۆزلەردە، گەرچە، ئۆزگىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى كۆپ تەكرارلىنىپ تۇرسىمۇ شۇنداق روھنىڭ ئۆزىدە قىممەتنىڭ مۇئەييەن ئىپادىسىمۇ بار. مەسىلەن: ئۆزگىنى كۆزلەش ئالىجاناپلىق، ئۆزى-ئۆزىنى كۆزلەش چاكىنىلىق دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ ئالىجاناپلىق بىلەن چاكىنىلىق ئوتتۇرىسىدىكى قىممەت پەرقى ئۆزىنىڭ قىممەت دەرىجىسىنى كۆتىرىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، يەنى «قۇربان بېرىش» ئارقىلىق ئۇيۇشۇلىككە ئېرىشەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**شۇڭا ئادەمدىكى** ئەقىدە-تۇيغۇلارنىڭ قىممەت سېلىشتۇرمىسىدا تاللىنىپ، جەمىيەتتە نوپۇز ئورگىنىزملارنىڭ قىممەت سېلىشتۇرمىسىدا تاللىنىپ ئۇيۇشۇلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن مەنىۋى دۇنيادىكى مەلۇم ماكان، زاماندا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىپ، باشقا سىزىم، باشقا ئەسەرلەرنىڭ تەرتىۋىنى باشقۇرىدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئادەمنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنىڭ تىكلىنىشىدە، ياكى مەلۇم ئىجتىمائى گۇرۇھنىڭ ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەتتە ئورۇن تۇتۇپ تۇرۇشىدا ئىچكى كۈچ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## مەنىۋى دۇنيادىكى تەبىئى تەرەققىيات

تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى جەمىيەتنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى ئىجتىمائى تەرەققىيات جەريانىنى ئوبيېكتىۋ قانۇنىيەتلىرىگە ئىگە تارىخى جەريان دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىجتىمائى تاللىنىش ھالىتىدە ياشاپ كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەيدۇ. بىز يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئىجتىمائى مەۋجۇدىيەتنىڭ مەزمۇنى بولغان ماددى ئىشلەپچىقىرىش، ماددى ئىستېمال، ماددى ئايرىۋاشلاش تارىخى ھەر قايسى رايونلاردىكى تەبىئى جۇغراپىيە شارائىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ھالەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقلا ئىجتىمائى تەپەككۇرنىڭ مەزمۇنى بولغان مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، مەنىۋى ئىستېمال، مەنىۋى ئايرىۋاشلاش تارىخى ھەر قايسى جايلاردىكى ئىجتىمائى شارائىتنىڭ ئىدىئولوگىيىلىك ھالەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردە ئېكولوگىيە بىلەن ئىدىئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى ئەسلەش زۆرۈر.

ئېكولوگىيە دېگىنىمىز تەبىئەتتىكى خىلمۇ-خىل ھادىسىلار، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭ ماسلىشىشنى تەكشۈرۈش ئىلمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتىۋ مەزمۇنىدا ئەنە شۇنداق تەبىئەتتىكى مىنېرال، ئورگانىك دۇنيا، بولۇپمۇ ئورگانىك ساھەلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ھالەتلىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى بۇزۇلۇش، يالغۇز جانلىقلارغىلا ئەمەس بەلكى ئادەملەرگە، جەمىيەتكە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىدېئولوگىيىدىكىمىز جەمئىيەتتىكى خىلمۇ-خىل ھادىسىلەر، خىلمۇ-خىل كىشىلەر توپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭ ماسلىشىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنىدا جەمئىيەتتىكى خىلمۇ-خىل ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ھالەتلىرى بولىدۇ. بۇنداق تەڭپۇڭلۇق ھالەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى يالغۇز جەمئىيەتكىلا ئەمەس ھايۋاناتلارغىمۇ، تەبىئەتكىمۇ ناھايىتى زور تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئېكولوگىيە بىلەن ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈچۈن مىسال ئالساق، تەبىئەتتە مەلۇم نەرسىلەر ئاپەتكە ئۇچرىسا، ئۇ ئىجتىمائىي قەھەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئىدېيىۋى قەھەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا، ئىدېئولوگىيىلىك تەرتىپ بۇزۇلغاندىن كېيىن تەبىئەتتىن قالايمىقان پايدىلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ئورمانلار تاشلىنىدۇ. يايلاقلار بۇزۇلىدۇ. بوستانلىقلار خارلىنىدۇ شۇنداق قىلىپ جانلىقلار زەنجىرىدىكى مەلۇم ھالقا ئۈزۈلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن كىلاسسىك تەبىر بويىچە ”تۆرت ئاناسىر“ بىلەن ”تۆت خىلىت“، ”تۆت ئېنېرگىيە“ ”تۆت مىجەز“ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئېكولوگىيە بىلەن ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ، زەنجىرسىمان مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ماتېرىيال غەزىنىسى.

مەنىۋى دۇنيا تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك تېمىلارنىڭ بىرى ”ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيەت“ بىلەن ”سۇبيېكتىپ زۆرۈرىيەت“ نى چۈشىنىش مەسىلىسىدۇر. بىز بۇيەردە غەرب بىلەن شەرق ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇرۇشتا مۇنداق ئىككى خىل تەرەپنى كۆرەيلى.

شەرقنىڭ قەدىمقى دۇنياۋى چۈشەنچىلىرىدە، ئالەمنىڭ ماھىيىتى ”ھاۋا“ دەپ قاراش ئاساس ئىدى. شۇنداقلا ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ”ھاۋا“ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە چۈشەندۈرەتتى. بۇ ماددىي كۈچ يەكۈنىگە تاقالغان، بۇنى بىز مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ”چىگۇڭ“، ”تەيجى“، ”چامباشچىلىق“ ئەنئەنىسىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز.

غەربنىڭ قەدىمقى چۈشەنچىلىرىدە ئالەمنىڭ ماھىيىتى ”ئوت“ دەپ قاراش ئاساس ئىدى، شۇنداقلا ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ”ئوت“ نۇقتىئىنەزىرىنى ئاساس قىلىپ چۈشەندۈرەتتى. بۇ مەنىۋى كۈچ يەكۈنىگە تاقالغان. بۇنى غەربتىكى ئەللەردىكى ھېس تۇيغۇلىرىنىڭ قىممىتىنى ماددىي ھاياتتىن ئۈستۈن بىلىش، مۇھەببەت مۇناسىۋەتلىرىدىكى ”دۇئېل“ ۋە ”ئەيسا روھى“ ئەنئەنىسىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز.

”ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيەت“ بىلەن ”سۇبيېكتىپ زۆرۈرىيەت“ ئۇقۇمى ماددىي جەھەتتىن ئىقتىسادىي ۋە جىسمانىي ئوخشىماسلىقلارنى مەنبە قىلسا، مەنىۋى جەھەتتىن ئەنئەنە ۋە تۇيغۇ ئوخشىماسلىقلىرىنى مەنبە قىلىدۇ. يەنى ئوخشىماسلىقلارنى كاتەكچە چېگرىلارغا ئوخشاتساق، ئەگەر ئەينەك يۈزىگە شۇنداق رەڭمۇ-رەڭ كاتەكچىلەر سىزىلغان بولسا، ۋە پۈتكۈل مەنىۋى دۇنيا ئەينەك دەپ قارىساق، كاتەكچىلەر مەنىۋى دۇنيادىن ئىبارەت ئەينەكتىكى داغ.

ئەمدى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ تارىخى باسقۇچلىرىنى كۆرسەك ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت، كاپىتالىستىك جەمئىيەت، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت، كوممۇنىستىك جەمئىيەت ئادەمزاتنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ زۆرۈرىيەتنى تونۇش، ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ ئەركىنلىككە ئېرىشىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ پەرقلىنىشىدە ماددىي جەھەتتىن ئۆلچەم-چېگرىلار

بار. شۇنداقلا مەنىۋى جەھەتتىمۇ ئۆلچەم - چېگرىلار بار. مەسىلەن: ماددىي جەھەتتىن دەسلەپكى سىنىپسىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت بىلەن كېيىنكى سىنىپى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋە كېيىنكى سىنىپى جەمئىيەت بىلەن كەلگۈسىدىكى سىنىپى جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا بىر ئېغىز سۆز بىلەن خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىگە يەكۈنلەنگەن. مەنىۋى جەھەتتىمۇ شۇنداق ئۆلچەم بار. بولۇپمۇ مەنىۋى دۇنيانىڭ تەرەققىيات خاتىرىسى، ئوبرازلىق تەپەككۇر بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت (ئېغىزچە، يازمىچە) ئەسەرلىرىدە بىر قەدەر يېقىن ئىپادىلەنگەن. ئىنتايىن غەلىتە بولغان پانتازىيىلەر، ئىشقا ئاشماس دەپ قارالغان خىياللار تەسۋىرلەنگەن سەنئەت ئەسەرلىرى مەنىۋى دۇنيانى سۈرەتلەشتە چىنلىق دەرىجىسىگە يەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ئىپتىدائىي سىنىپسىز جەمئىيەت بىلەن كېيىنكى سىنىپى جەمئىيەت پەرقىنى مەنىۋى جەھەتتىن پەرقئېتىشكە ئاساس بولغان «ئىنجىل» رىۋايەتلىرىدىكى "ئادەم بىلەن ھاۋا" قىسسىنى ئالساق، ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ "ئەقىل" ئالمىسىنى يېيىشتىن ئىلگىرىكى ھاياتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكە، ئەقىل ئالمىسىنى يەپ، خۇدا غەزىۋىگە ئۇچراپ، بۇ دۇنياغا قوغلانغانلىقى تارىختا مەلۇم بولغان سىنىپى جەمئىيەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ مورگاننىڭ قەدىمقى جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلىرىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: قەدىمقى مايمۇنسىمان ئادەملەر ئورمانلار چاقماق ئوتى بىلەن كۆيگەندىن كېيىن ئوتتا پىشقان مېۋىلەرنى، گۆشلەرنى يېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭىسى پەيدا بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىن ئەقىل پەيدا بولغان. ئەقىل پەرقلەندۈرۈشنى - زىددىيەت قاراشلىرىنى بىلگەن. زىددىيەت - ئادەملەرنى ئىچكى - تاشقى زىددىيەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن: سەزگۈ ئەزالىرىدىكى ئىش تەقسىماتى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان. سىنىپى جەمئىيەتتىكى مەنىۋى ئازاتلىق مەسىلىسى "ئەيسا روھى" فانتازىيىسىگە جەملەنگەن. مىڭ يىللار سىرى بىر روھ تەرەققىياتىغا ئىشەنگۈچىلەرنى غۇلغۇيغا سېلىپ كەلگەن ۋە يېقىنقى زاماندىن بېرى ئۇ تېپىك سوتسىيالىزمنى تەسۋىرلىگۈچى فانتازىيىلەر كېلىپ چىققان. ئۇلار ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ئېنېرگىيىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقا ئېشىش قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ ئىلمىي سوتسىيالىزم، تارىخىي ماتېرىيالىزم تەلىماتىنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن ماركس «كاپىتال» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە تارىخنى ماددىي جەھەتتىن ئوپېراتسىيە قىلىش بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن ئوپېراتسىيە قىلىپ "ماددىي مەنىۋى جەھەتتىن ئېھتىياجىغا يارىشا تەمىنلىنىش"، شارائىتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش جەريانىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز بۇنىڭدىن كوممۇنىستىك جەمئىيەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. مەسىلەن: كوممۇنىزىمدا كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەك يوقىلىدۇ. شۇنداقلا نوپۇز بىلەن ياللانما ئەقىل يوقىلىدۇ. بولۇپمۇ نوپۇز بىلەن ئەقىلنىڭ يوقىلىش مەسىلىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن شەخسىدە تويغۇ بىلەن ئەقىدىنىڭ يوقىلىش مەسىلىسىنى چۈشىنىش لازىم: بۇنى تۆۋەندىكى ماۋزۇ ئاستىدا كۆرەيلى.

## مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىرى

بىز باشتا، ئادەم مەنىۋى دۇنياسىدىن ئىبارەت تەپەككۇرنىڭ - سىزىملارنىڭ، تۇيغۇلارنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلىرىنىڭ، ئادەم بەدىنىدىكى سەزگۈ ئەزالىرىدىكى ۋە مېڭە قاتلاملىرىدىكى بىئو خىمى-

بىلىك رىياكسىيە خىللىرى بويىچە خىلمۇ-خىل "ئورگانىك ئېلېكتىر" ئىپادىسى ئىكەنلىگىنى كۆرگەن ئىدۇق. شۇنداقلا بىئوخىمىيىلىك رىياكسىيىگە قاتنىشىدىغان زەررىلەرنىڭ ئورگانىك ۋە مىنىرالنى مىكرو زەررىلەر ئىكەنلىگىنى كۆرگەن ئىدۇق. بىز يەنە مېڭە تەتقىقات ئالىملىرىنىڭ كىچىك مېڭىنى قۇرۇتلارغا خاس، ئوتتۇرا مېڭىنى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا خاس، چوڭ مېڭىنى ئادەملەرگە خاس پەرقلەندۇرۇشلىرىنى بىر كىلىتكىلىق جانلىقلاردىن كۆپ كىلىتكىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ھامان ئۇلار ئىستىمال قىلغان ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ يېگىلىنىشى تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتىشىمىز لازىم.

مۇشۇنداق قاراپ نەزەر سالغىنىمىزدا جەمئىيەت تەرەققىياتىدا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئىدىيالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ئوخشاش باسقۇچلارغا توغرا كېلىدۇ. يەنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەقلىي پائالىيەت، ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىلغار. بۇ خۇددى ئوتتۇرا مېڭىدىن چوڭ مېڭىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىدەك تەبىئىي جەريان. كەلگۈسىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئۆزۈل-كېسىل يوقۇلىشى بىلەن ماتېرىيالىزمنىڭ ئومۇملىشىشى يەنىلا ئوخشاش باسقۇچلارغا توغرا كېلىدۇ. يەنى بۇ خۇددى چوڭ مېڭە بىلەن كىچىك مېڭە ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە زىچلىشىپ بېرىشىغا ئوخشاش. بۇ قىياسنى مۇنداق ئاساسلاش مۇمكىن.

1) ئادەتتە پىسخولوگىيە جەھەتتە ھازىرغىچە ئومۇملىشىپ كەلگەن تۆت خىل مىجەزنىڭ فىزىئولوگىيە جەھەتتە تۆت خىل قان تىپى بىلەن زىچ ئالاقىدار ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا. بۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئادەم مېڭە ۋە نېرۋا قۇرۇلمىسىدىكى پەرق مەسىلىسىگە تاقىلىدۇ. بىز مىسال ئۈچۈن ياش گۆدەكنىڭ ساغلام، ھۆجەيرىسى زىچ مېڭە ۋە نېرۋىسىنى تاشقا، قېرى-زەئىپ كىشىنىڭ ئاجىز ھۆجەيرىسى شالاڭ مېڭە ۋە نېرۋىسىنى چالمىغا ئوخشىتىپ سېلىشتۇرساق بولىدۇ. تاشقا سۇ تامچىلىسا بىر دەمدە پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. چالمىغا سۇ تامچىلىسا چالما نەملىشىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك گۆدەكلەرنىڭ تاشقى تەسىرگە ئاسان بېرىلمەي، ئۆز ئىشلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىشى، تاشقى تەسىردىن ئاز ئىز قالدۇرغانلىقى، قېرىلارنىڭ تاشقى تەسىرگە نىسبەتەن زىل بولۇپ چۆچۈپ تۇرۇشى تاشقى تەسىرنىڭ چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانلىقىدىن ئىبارەت، بىز يۇقۇرىدا تاشقى تەسىر دېگەن ماددىي دولقۇنلارنىڭ ھامان خىمىيىۋى زەررىلەر ئىكەنلىگىنى ئەسلىگەن ئىدۇق. بۇنداق زەررىلەر مېڭىدە قانچە كۆپەيگەنسېرى خىياللار كۆپىيىدۇ.

2) كۆزىتىپ باقايلى، ھەرىكەت جەھەتتە، ئادەملەر ھايۋانلاردىن كالامپاي. چوڭ ھايۋانلار كىچىك ھايۋانلارغا، جانۋارلارغا نىسبەتەن كالامپاي، جانلىقلار قانچە كىچىكلىگەنسېرى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، شۇنچە تېز. بۇ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خىمىيىۋى ئېلېمېنتلار ۋە ھۆجەيرە زىچلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ماركس كىشىلىكنىڭ ئىدىيالىستىك دىئالېكتىكا سىستېمىسىنى تەتقىق قىلغاندا پۈتكۈل ئىدىيالىزم سىستېمىسىنى بېشىنى يەرگە پۇتىنى ئاسمانغا كۆتىرىپ تۇرغان ئوبراز ئارقىلىق تەتقىق ئېلىپ، بۇنداق ئاستىن-ئۈستۈنلۈكنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا دىققەت قىلساق ھەقىقەت ئاددىيلىشىدۇ. بېشىنى يەرگە تىرەپ تۇرغان كىشىدە پۈتكۈل قان بېشىدىكى مېڭىسىگە توپلىنىدۇ. كاللا كۆپ ئىشلەيدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ھەرىكەت ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن پۇت زەئىپلىشىدۇ. پۇت بىلەن دەسسەپ تۇرغان بېسىم پۇتقا چۈشۈپ مېڭە يېنىك بولىدۇ كۆپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئازراق ئويلايدۇ. بۇ يەردە ماددىي ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتى مەسىلىسى بار. بىز يۇقۇرىدا بىر كىلىتكىلىق جانلىقتىن كۆپ كىلىتكىلىق جانلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى تەرەققىيات،


Altun0q

چوڭ مېڭىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەرەققىيات دېگەن ئىدۇق ۋە بۇنداق تەرەققىياتنىڭ ئىككىنچى ھەركەت ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشىپ بارغانلىقىنىمۇ پاكىت دېگەن ئىدۇق. بۇ بىر زىددىيەت. ئادەم كىچىك جانىۋارلاردەك سەزگۈر ۋە چاققان بولالامدۇ-يوق؟

بۇرژۇئا ئالىملىرى ھازىرغىچە ئادەملەردىكى قان تىپى ئۆزگەرمەس، توغما مىجەز ئۆزگەرمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسى قان تىپىنى بەلگىلىگۈچى نىگىزلىك سەۋەپ نىگىزلىك خىمىيىۋى ئېلېمېنت بىرىكمىسى مۇتلەق، قالغان قوشۇلمىلار نىسپىي دەپ قارايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مادداخىللىرىنىڭ پەرقلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەپ (بۇ ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىك دەۋالىرى ئۈچۈن ئاساس بولغان) ئەمما خىمىيە ئىلمىگە مەلۇمكى، مەلۇم بىر خىل خىمىيىۋى ئېلېمېنتقا باشقا بىر خىل خىمىيىۋى ئېلېمېنت قوشۇلسا، سۈپەت ئۆزگىرىشى ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا نىگىزلىك سەۋەپلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. گېئولوگىيە تارىخى بويىچە يەر شارىدىكى كىسلاروت-ۋودوروت قاتارلىقلارنىڭمۇ پەيدا بولۇش تارىخى بار ئىكەن. دېمەك ماددى دۇنيادىكى زەررىلەرنىڭ ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكى مەنىۋى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكىنى ھاسىل قىلىدۇ.

3) بىز بىر ئورمانغا بېرىپ، پەقەت بىر خىل قۇشلارنىڭ پائالىيەت خۇسۇسىيىتىگە دىققەت قىلغىنىمىزدا ئۇلاردا ئويۇن بىلەن ھوزۇرنىڭ پەرقى يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىستېمال شارائىتلىرى بار نەرسىلەردىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىغانلىقىنى سېزىمىز. خۇددى شۇنىڭدەك كەلگۈسىدە ئادەملەرمۇ ئۆزىنىڭ پەقەت بىر خىل بىئولوگىك ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تولۇق تونىغاندا، پەن-تېخنىكىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، زامانىۋى سانائەت، دېھقانچىلىق، ئورماندىكىدەك ھايات شارائىتلىرىنى تەشكىل قىلغاندا مېھنەت بىلەن ئىشرەت پەرقى يوقالغانلىرى خۇددى ماركس ھۆكۈم قىلغىنىدەك ماددى، مەنىۋى ئېھتىياج ئىچىدە ئەمگەك ئېھتىياجى بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىستېمال ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئادەملەر ئۆزىنىڭ تەبىئى سېزىملىرى بويىچە ھەركەت قىلىشقا ئەمەلىي مەلۇم تۇيغۇلار چاپلىشىۋالمايدىغان بولىدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇچۇشلىرىغا ئۇلارنىڭ سېزىملىرى يېتەكچىلىك قىلغاندەك ئادەملەرنىڭ ئىشرەتلىك ئەمگىكى ئۈچۈن سېزىملىرى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، سېزىملىرىغا يارىشالايدىغان نەرسىلەر تەييار ھالەتتە بولىدىغان بولىدۇ. شۇ چاغدا سەزگۈ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، مېڭە قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ئېھتىياجغا قارىتا تەڭلىنىش شارائىتلىرى يار بەرگەن ئىمكانىيەتلەر ئارقىلىق يوقۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا خۇددى ماركس ئېيتقاندەك ئۈزۈل-كېسىل ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ئۈزۈل-كېسىل ناتۇرالىزم ھەقىقەتتى بىرلەشكەن، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت پەرقى قالمايدىغان بولىدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك، كوممۇنىزم، (ماددى، مەنىۋى) تارىخ تېپىشماقلىرىنىڭ جاۋابى، ئەگەر ئىدىيالىزم پەرەز قىلغىنىدەك بۇ ئالەمدە ئەگەر خۇدا ئاتلىق بىر مۇقەددەس ئوبراز ھەقىقەتەن بولسا ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى نەچچە مىڭ يىللار سىرى سۈرەتلەنگەن خىسلەتلەرگە ئىگە بولسا، ماتېرىيالىزم ئەڭ ئۇلۇغ ئىماندۇر. چۈنكى ماتېرىيالىزم تەبىئەت زۆرۈرىيەتلىرى بويىچە مۇقەررەرلىك پەلسەپىسى بويىچە ئىش كۆرۈش بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇتلەق بويسۇنغانلىق بولىدۇ.

دېمەك تارىخى ماتېرىيالىزم دۇنيا ماددى زەررىلەر قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ كىچىك كىلەنگەن زەررىلەر توپلاملىرى، دولقۇنلىرى بولغان مەنىۋى قۇرۇلما تەبىئى تاللىنىش ۋە تەبىئى تەرەققىيات دەپ قارايدۇ ۋە ھەر قانداق ئەقىل، ئىنقىلاۋى خىمىيىۋى رېئاكسىيە تەبىئى تەرەققى-

ياتنىڭ ئاساسى بولغانغا ئوخشاشلا ئاساس دەپ قارايدۇ. مەنىۋى دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىرخىلىدىن ۋاز كېچىش ئەمەلىيەتتە ماددى دۇنيانىڭ شۇنىڭغا ماس بىر خىلىدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: خىيالى ئوبرازلاردىن ۋاز كېچىش، شۇ ئوبرازلارنىڭ ماددى شەكلىگە ئايلىنىش جەريانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان ماددى ئىشلەپچىقىرىشتىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك بولىدۇ.

## خۇلاسە

ئەمەلىيەتتىن ھەقىقەتنى ئىزلەش روھى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ باشلىنىشىنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن، پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئالدىغا ماددى مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىستىراتېگىيىلىك ۋەزىپە قويۇلدى. "مەزكۇر مەنىۋى دۇنيا توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچە" دېگەن ماقالە "مەنىۋى مەدەنىيەت" ئۇقۇمىنى، مەزمۇنىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئالغان شەخسى تەسىراتلارنىڭ ئىخچام ئىپادىسىدىن ئىبارەت. مەزكۇر ماقالە، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ تەنقىدى دىققىتىنى قوزغىسا ئاپتور خۇرسەن بولىدۇ.

ئاخىرىدا يولداشلارنىڭ مۇلاھىزىسى ئۈچۈن ئىككى يىپ ئۇچى كۆرسىتىمەن.

1) بازىسنىڭ ئىگىزلىك ئالاھىدىلىگى ئىشلەپچىقىرىش، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىگىزلىك ئالاھىدىلىگى ئىستېمال. مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بازىس تەركىبىگە كىرەمدۇ يوق ؟ خۇددى زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولغاندەك. مەسىلەن: بىر زاۋۇتتا مەمۇرى رەھبەرلىك بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. بىر ئىلمى ئورگاندا مەمۇرى رەھبەرلىك بىۋاستە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ.

2) سىياسى - كاپىتال بىلەن نوپۇزنىڭ بىرىكمىسى. سىنىپى جەمىيەتتە ئەمگەك بىلەن ئەقىل كاپىتال ۋە نوپۇز ئۈچۈن ياللىنىدۇ. شۇڭا ھەممە ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سوتسىيالىزىم بارلىق سىنىپى جەمىيەتتىكە ماھىيەتلىك ئوخشاش ئەمەس. ئاخىرقى پىرىنسىپالنى مەقسىدى كاپىتال بىلەن نوپۇزنى يوق قىلىش، ئەمگەك بىلەن ئېقىلنى ئازات قىلىش. شۇنداق ئىكەن نەزىرىيە ۋە پىرىنسىپ جەھەتتىن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى سىياسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ دېگەن تەشەببۇس سوتسىيالىزىمنىڭ ماھىيىتى بولغان خەلق ئەمگىكى خەلق ئەقلىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ - يوق ؟

بۇ ئىككى مەسىلە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم نەزىرىيىۋى مەسىلە. مەنىۋى دۇنيا تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.


پايدىلانغان ئەدەبىياتلار

1) سىياسى - ئىقتىسات ئاساسى بىلىملىرى.
2) ماركس: «كاپىتال ۋە ياللانما ئەمگەك»
3) ئاسىموو (ئامېرىكا ئالىمى): «تەن ۋە تەپەككۇر»
4) چارلىز سانتايانا (ئامېرىكا ئالىمى): «گۈزەللىك سېزىملىرى»
5) ماركس: «سىياسى ئىقتىسات پەلسەپىسىگە دائىر ئورگىنال»
6) ئىنجىل: «قۇرئان ھېكايىلىرى»

# سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇ قادىر يېڭىسارى (ناقىس) ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە

ۋاھىتجان غوپۇر

## 1

گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئەخلاقسىزلىق ۋە بۇزۇق ئىللەتلەرنى نەپ-رەت بىلەن ئېيىپلەيدىغان قويۇق يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مول مەزمۇنلۇق غەزەل مۇخەممە-سلىرى ئارقىلىق XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سالماق ئورۇن ئىگەللىگەن شائىرلارنىڭ بىرسى سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى بولۇپ، «ناقىس» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر.

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) ھىجرىيە 1259 - يىلى (مىلادى 1840 - يىلى) يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىگە جايلاشقان مەدرىس كۆلبېشى مەھەللىسىدە ئۇ-قومۇشلۇق دىنى زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئاتىسى-دىن ۋە يېڭىساردىكى مۇدەررىسلەردىن تەلىم ئېلىپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. كېيىن-چە ئەينى دەۋرنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، ئىسلام تەلىماتلىرى بويىچە مۇكەممەل بىلىم ئىگىسىگە ئايلىنىپلا قالماستىن بەلكى ئەرەب، پارس تىللى-رىنى پىششىق ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدىمۇ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان؛ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى-نىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى، بولۇپمۇ ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان ئاب-دۇرېھىم نازارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، مەھەممەت سادىق قەشقەرى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، نورۇز ئاخۇن زىيائى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەن-گەن ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىمۇ بەدىئى ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ غەزەل، مەسنەۋى ۋە مۇخەممەس شەكىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان.

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇ قادىر يېڭىسارى (ناقىس) قەشقەر مەدرىسلىرىدىكى ئوقۇشنى

تاماملىغاندىن كېيىن ئانا يۇرتى يېڭىسارغا قايتىپ كېلىپ، تايىبەگ نامىلىق مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۆز ئۆمرىنى مەدەنىيەتكە ۋە ئاقارتىش پائالىيىتىگە بېغىشلىغان بۇ مەرىپەتپەرۋەر شائىر پۇل - مۈلۈككە ۋە شەخسى راھەت - پاراغەتكە قىلچە بېرىلمىگەن. ئۆز ئۆمرىنىڭ تولىمۇ غۇربەتچىلىك ۋە مۇشەققەت ئىلكىدە ئۆتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، قىممەتلىك ۋاقتىنى ئەلنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئادەملىرىنى تەربىيىلەشكە، ئىجادى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشقا سەرپ قىلغان. ئەينى دەۋردىكى تۆۋەن قاتلام خەلق ئاممىسى بىلەن چوڭقۇر ئارىلىشىپ، تۇرمۇش، كەيپىيات، ھېسسىيات، ئەخلاقى نوقتىئىنەزەر ... قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۇلار بىلەن بىردەك توغرا چۈشەنچىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - غايىلىرى، ئەخلاقىي نوقتىئىنەزەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىلغار قاراشلىرى جۇلالاپ تۇرىدۇ.

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى داۋامىدا «دىۋان ناقىس»، «بەيىس ھەكىمبەگ»، «مەۋجۇدۇلقۇلۇب (»،(قەلب بارلىقلىرى»)«نۆللى دەمەن» («تېخى نۆل (0) دىمەن»)، «نەسىھەتنامە ئۇنسۇر بايانى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆز خەلقىغە مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن، بۇنىڭدىن باشقا شائىر يەنە ئىران يازغۇچىسى شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ «باھار دانىش» سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىمدىكى رومانىنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەسەرگە «گۈلزار بىنىش» («تىكەنسىز گۈلزار») دەپ نام بەرگەن.

شائىر «گۈلزار بىنىش» («تىكەنسىز گۈلزار») نىڭ كىرىش قىسمىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش مۇددىئاسى توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ:

بۇ نۇقسان نامىنى شەرھ ئەيلىگەن قول،
تۈگەر مۇنداق كۆڭۈل مەناسىدىن مول①

دەر ئەردىم گاھى - گاھى بىر رۇبائى،
سالۇر ئەردىم تەخەللۇسقا بۇ داغى.

كۆرەر ئەردىم تولا شائىر كىتابىن،
ئوقۇر ئەردىم ۋاراقلاپ بابۇ - بابىن.

نەۋائى، خەمسە، بىدىل، گۈلىستان②
ئىراقى، سەئدىيۇ، جامى، نىيىستان③

سەۋەپ بۇ كىم ئىشتىكەي خاس ئىلە ئام①
مۇڭا «گۈلزار بىنىش②» ئەيلەدىم نام.

① مول — ۋىنو، شاراپ.

② شائىر بۇ مىسرادا ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر دەپ قارالغان كىتابلارنى ساناپ ئوتىدۇ. «نەۋائى»، «خەمسە» — نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى، «بىدىل» پارس شائىرى ئابدۇقادىر بىدىلنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمىنى، «گۈلىستان» — سەئدى شىرازىنىڭ پىروزائىك ئەسىرى «گۈلىستان» نى كۆرسىتىدۇ.

③ بۇ مىسرادا ئېيتىلغانلىرىمۇ قەدىمقى كىتابلارنى بىلدۈرىدۇ.

④ خاس ئىلە ئام — خالايىق، ئاممە.

⑤ گۈلزار بىنىش — تىكەنسىز گۈلزار.

شائىرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن بۇ رومانىنى ئوقۇ-
غان كىشى ئۇنىڭ تىل پاساھىتى جەھەتتە ئالاھىدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، تۈزگەن سۆز - جۈمـ
لىلىرىنىڭ ئوبرازلىق ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ . (بۇ نۇقتىدا ئاساسەن يەنە
شۇنى پەرەز قىلىش مۇمكىنكى . شائىرنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتى يالغۇز «گۈلىزار بىنەش»
ئەسەرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بولۇشى مۇمكىن ، ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي تەرجىمە
ئەسەرلىرىنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . ئەپسۇسكى تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ بۇ ساھەدە
سىڭدۈرگەن جانىجان ئەمگەكلىرى تولۇق يورۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ) .

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) ياشىغان دەۋر مانجۇ ئىستىبداتچى-
لىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان دەۋرى بولۇپ ، بۇ مەزگىللەردە مانجۇ ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ۋە
يەرلىك فېئودال - پومېشچىكلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە سالغان زۇلۇمى ۋە دەھـ
شەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى كۈنسايىن جىددىيلەشمەكتە ئىدى . پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش
قەشقەر ۋە يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىمۇ ھەر مىللەت خەلقلىرى پاجىئەلىك ھايات كەچۈرمەكتە
ئىدى . زۇلۇم ، تىرورلۇق ، قانلىق باستۇرۇشلار ئاخىرى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مانجۇ
ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلارنى كۆتىرىشىگە سەۋەبچى بولدى . نەتىجىدە قەشقەر ،
ئۈچتۇرپان ، كۇچار . ئىلى قاتارلىق جايلاردا زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى خەلق قوز-
غىلاڭلىرى ئارقا - ئارقىدىن پارتلىدى . گەرچە بۇ قوزغىلاڭلار غەلىبە قىلىپ ، ئالدى بىر يىلدىن
كېيىن ، كەينى ئون يىلدىن كېيىن قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما كۆلىمىنىڭ زورلىقى ،
ھەيۋەت - جاسارىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ چىرىك ھۇلىنى تەۋرىتىۋەتتى.
ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇيۇشقان كۈچىنىڭ قۇدرىتىنى بىر قېتىم ئەمەلىي نامايان قىلدى .
يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا مانجۇ ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ قان ئىچەر ياۋۇز تەبىئىتىنى شەپقەت-
سىز ، زالىم ۋە قارا يۈرەكلىكىنى قانلىق پاكىتلار ئارقىلىق جاھانغا تونۇتتى . ئەينى ۋەزىيەت -
تىكى بۇ جىددى ، كەسكىن ھالەتلەر يېگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇ-
قادىر يېڭىسارى (ناقىس)نىڭ ئىدىيىسىگە ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ،
ئۇنىڭ قەلبىدە زۇلۇمغا ۋە يۇقۇرى قاتلام ئەكسىيەتچى سىنىپلارغا قارىتا كۈچلۈك نەپرەت تۇيغۇ-
سىنى ئويغاتقان بولسا ، جاپاكەش ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن يۈكسەك ھۆرمەت ھېسسى-
سىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەسنەۋى ، غەزەل ، مۇخەممە-
مەسلىرى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈگىمەس مەنىۋى بايلىقى بولغان ۋىجدان ، ئادالەت ،
مۇھەببەت ۋە تەرەققىيات توغرىسىدىكى ساغلام چۈشەنچىلەرنى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بەردى . بۇ
نۇقتىدا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، شائىرنىڭ ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن : ئەر-
كىنلىك ۋە ھۆرلىكنى تەلەپ قىلىش ، مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتنى تەشەببۇس قىلىش ، زۇلۇمغا.
ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇش ، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ··· ئىدىيىـ
سى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولسا ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن : يۇقۇرقى مەزمۇنلارنى كۆركەم بىر
بەدىئىي شەكىلدە ئوبرازلىق كۆرسىتىشكە ئىگە قىلىپ، يۈكسەك سەۋىيىدىكى سەنئەتلىك تەسىرقىلىش
كۈچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچى بەدىئىي ئېلېمېنتلار بىلەن تولۇپ-تاشقان .

شائىر سابىرئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) ھىجرى 1340 - يىلى (مىلادى
1920 - يىلى ) 81 يېشىدا يېڭىساردا ۋاپات بولغان . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇ ھايات ۋاقتىدا شىنـ



AltunOq

جاڭ مىقياسىدا كەڭ تارقىلىپلا قالماي بەلكى ئىلمىز چېگرىسىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىنمۇ مەلۇم شۆھرەتكە ئىگە بولغان. ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتتە مۇناسىپ تۆھپە ياراتقان شائىر، ئىلىم - پەن ئەھلىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك كىچىك ئوقۇغۇچى ھېساپلايدىغانلىقىنى، كەمتەرلىك بىلەن توختاۋسىز ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن قەلەم ئىسمىنىمۇ «ناقىس» (كەمتۈك، چالا، شىخىدىن ئاجرىغان، ۋايىغا يەتمىگەن، زەئىپ دېگەن مەنىلەردە) دەپ ئاتىغان. شائىرنىڭ بىلىم ئېلىش، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېتىشتۈرگەن يۇقۇرقىدەك كەمتەر، ئەستايىدىل، ساغلام پوزىتسىيىسى ھەققەتەنمۇ كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شائىر ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئۆز يېنىدىكىلەرگە: «يازغان ئەسەرلىرىمنى مەن ئۆلۈپ ئەللىك يىلدىن كېيىن نەشر قىلىپ تارقىتىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىكەن.

تۆۋەندە بىز شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) نىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر بۆلۈك شېئىرىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

2

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى (ناقىس) ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، رۇبائىي، مۇخەممەس قاتارلىق ژانىرلىرىدا كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجات قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر كىلاسسىك پوئېزىيىسىنىڭ سىمۋۇلىزىملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئىجتىمائىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئېرىك ئۇسۇلدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن XVIII ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتكەن تەنقىدىي رېئالىزىملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ، زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن ئەينى دەۋرنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىيەت جەھەتتىكى چۈشكۈن، چىرىكلىكىنى، بولۇپمۇ ئەزگۈچى ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ «ھەممە نەرسە پۇل ئۈچۈن» دەيدىغان بىمەنە سەپسەتىلىرىنى نەپرەت بىلەن ئېچىپ تاشلىدى. ئۆز ئىجادىيىتىدە سىمۋوللۇق دارىتمىلاشتىن كۆرە بىۋاستە ئېچىپ تاشلاش، ئۆز پىكىرلىرىنى يېپىنچا ۋە نىقاپسىز ھالدا ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت ئەدەبىيات ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ جەھەتتە مەلۇم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىلىم - پەن ئىگەللەش، ئەخلاقلىق بولۇش، مۇھەببەت ساپلىقى، بايلىققا بېرىلمەسلىك، خەلقپەرۋەر بولۇش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىش، ئادالەتنى ياقلاش ··· قاتارلىق بىر بۆلۈك مەسىلىلەردە ئەينى دەۋرنىڭ ئالدىنقى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىلغار چۈشەنچىلىرىنى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي شەكىلدە ئوبرازلىق، جانلىق، ئىخچام ۋە ئېنىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرەلىدى. شائىرنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن يۇقۇرقى مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن يەنىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.

1. زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئەۋج ئالغان، ئادالەتسىزلىك، زوراۋانلىق، جاھالەت ھەم تېكىنخورلۇق يامراپ كەتكەن كونا جەمئىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ئەزگۈچى قارا

كۆچلەرگە نەپرەت ياغدۇرۇش ــ شائىر شېئىرلىرىدىكى بىر مۇھىم مەزمۇندۇر . ئۇنىڭ "بۇرا ــ دەرلەر ھەزەر ئەيلەڭ بۇ كۆندە بەگە ــ ئامبانلاردىن " دىگەن سەدرە بىلەن باشلىنىدىغان مۇخەممەسىدىكى مۇنۇ مىسرالار بۇ قاراشنى مەلۇم نۇقتىدىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

..........................................................................

ئۆزى يولبارس سۆپەت شەھەر ئىچرە پۇقرانى تامام سويدى،
ئاڭا تويماي دەغى①سەھرادىكى غۇرباغە يۈز قويدى،
بۇلاپ كەلمەك ئۈچۈن يۈز باش ، ئون باشلار ئەمىن قويدى،
خىنەيۇ، شاڭۇ ، باجۇ ، دەغى بىركى مەركى ئات قويدى ،
دىبان② يارلىغ بىر چىن شەھرىدىن خان بىرلە خاقاندىن.

بىرى باجگىر بولۇپ تابىئەلارى سەكسەنچە بار ئېرمىش،
خالايىقلار ئۆيىنى ئاقتارىپ بارىن ئالار ئېرمىش،
سېتىپ ئالغان بىلە ئالماغانغە تەڭ سالار ئېرمىش .
كىشى بىر مال سېتىپ ئالسا شەمەندىن كۆپ ئالار ئېرمىش،
ئۇلارغا يىغلاسا پۇخرا ساتىپ ئالدۇق دىمىش خاندىن.

سوئال ئەتسەڭ موزاي بىرلە ئۇشاق جانلىق ، كىچىك تايدىن،
تۇۋاقتا باج بېرىلگ دەپ ئۆستۈرۈپ بەك ئالمىغان بايدىن.
ئۇلاردىن ئالدىلەر يەر ساتتۇرۇپ ھەم باغ ئىلە سايدىن.
بۇ كۆنلەردە دىخانلارگە ئارام بىرلە ، ئامان قايدىن؟
ئۇلاردىن ئالمىغان باج قالمىدى ئەنۋائ ھايۋاندىن.

مۇبادا سەل كېلىپ ئۆستەڭلەرى دەرياغا يار كەتسە،
غەنىلەر ئۆيىدە قالىپ ، پەقىرنى ھايدىتىپ كەتسە،
مىراپ ، داقالچى ، يۈز باشلەر ھاشارلارنى ئالىپ كەتسە.
ئۇلار تاقەت قىلالماي تەڭرىگە چۈن يىغلاشىپ كەتسە،
خاراپ بولماي نىچۈك قالغاي مۇنەققەش① كاتتا ئايۋاندىن.

شائىر بۇ مۇخەممەستە ئىكسپىلاتاتۇر سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز ئارا ئېغىز-بۇرۇن يالە ـ شىپ ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان تېرىنى شۇلۇپ ئالغانلىقىنى ، باج ـ سېلىق ، ئالۋاڭ ـ ياساقلار ـ نى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ ، ئاددى پۇخرالارنىڭ بېشىغا بالايى ـ كۇلپەتلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى جانلىق پاكىت ، ئوبرازلىق ئوخشۇتۇشلار ئارقىلىق رۇشەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ ، جۈملىدىن ئەز ـ گۈچى سىنىپلار تۈزگەن قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ ئۇلارنىڭ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئىكسپىلا ـ

① دەغى ـ تېخى
② دىبان ـ دىيىش، ئېيتىش.
③ مۇنەققەش ـ نەقىشلەنگەن.

تاتسىيىسىنى قانۇنلاشتۇرغۇچى بىر خىل ئەكسىيەتچى ۋاستە ئىكەنلىكىنى مەلۇم نۇقتىدىن چەكسىز ئىزاھلايدۇ ، ھەممىدە يەنە بىر غەزىلىدە بولسا زالىم ئەزگۈچىلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ :

جالاپلار بىر نىمە بەرمەي كىشىنىڭ مالىنى ئالماس،
ئالۇرسەن ھىچنىمە بەرمەي كىشىنىڭ مالىنى جالىپ.

دىگەن مىسرالارنى يازىدۇ ، بۇ ئارقىلىق تەييارتاپ ئەزگۈچىلەرنىڭ جەمىيەتتە ئەڭ ئەخ - لاقسىز ، پەس ھىساپلانغان جالاپلاردىنمۇ يىرگىنىشلىك ئىكەنلىگىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

2 . شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئىلىم - مەرىپەتنى ، بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك بولۇپ ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . بارلىق نادانلىق ، قارا كۆڭۈللۈك ، تاش يۈرەكلىكنىڭ مەنبەئى ئىلىمسىزلىكتۇر ، دىگەن ئىجتىمائى قارىشىنى شەرھلەيدۇ ، بولۇپمۇ ئىلىم - ئەھلىلىرىگە ۋە مەدەنىيەت ھەم تەرەققىياتقا دۈشمەنلىك كەيپىياتى بىلەن قارايدىغان بېخىل ، مۇلۇكپەرەست ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگىنىدە قايناپ - تاشقان قەھرى - غەزىۋى بىلەن :

بار ئېرمىش بىر گۇرۇھى جۇملە نادان،
ھەمىشە زىكرى پىكرى ئاش ئىلە نان.

..........................................

ھارامۇ شىبھە① دىن ھاسىل ئېتىپ پۇل،
كىيەر ھەر نەۋئى كۆڭلەك بىرلە ئىشتان.

..........................................

تاماكۇ بىرلە بەڭنى② رەسىم قىلمىش،
دىمەسلەر چەكمەگەننى ئەسلا ئىنسان.

..........................................

بېرەر دايىم غېرىپ - ئاجىزغە ئازار،
دىلى قاتتىغ ، لەبى گويا نەمەگدان...

دەپ يېزىپ ، بۇ خىل رەزىل ئادەملەردىن يىرگىنىش ھىسسىياتىنى ئىپادىلىسە ، "بولدى پەيدا بۇ زامان بىر مۇنچە نادان بى ئەدەپ" دىگەن سەدرە بىلەن باشلىنىدىغان غەزىلىدە ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ، ئۇلارنى پەس كۆرىدىغان ، پۇل ، مېلى ، بايلىغى ۋە زالىملىغى بىلەن ماختىنىشنى ئۆزى ئۈچۈن ھوزۇر ھىساپلايدىغان جاھىل قارا كۆڭۈللەرنى :

① شىبھە — كەسىپ، ئىش،
② بەڭ — نەشە.

بولدى پەيدا بۇ زامان بىر مۇنچە نادان بى ئەدەپ،
ئەھلى دانىش① ئالدىدا ھەردەم قىلۇر بىھۇدە گەپ.

سۆز قىلۇر تەرزىنى بىلمەس، داغى بىلمەسلىكنى ھەم،
مۇنچەلىك بىلەن ئاگا تۇگلۇك بولالماس ئىككى نەپ.

بىلمەيىن نادانلىغىن نادانلىغ ئەيلەر ئەل ئارا،
بەلكى قويمىش ئۆزلىرىگە ئەھلى دانىشتىن لەقەب②

چىھرىسىدە كىبىرىنىڭ تەئسىرىدىن يۈز تىرەلىك③
كۆرگۈزۈر ئۆز كۆڭلىدە پىشانىسىدە تاب - تەب.

..........................................................

ئولتۇرۇر دۇكانىدا شاھلىغ تەختىگە مىنگەن كەبى،
گويىيا بەخشەندىسى مۈلكى ئەجەم بىرلە ئەرەب.

دىگەن مىسرالىرىدا قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ خىلدىكى ئادەملەردىن نەپرەتلىنىش ھىسسىياتىنى ئىپادىلەپ ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

ناقىسا، ئول فىرقە ئەھۋالىن دىمەك ئىرمەس زۆرۈر،
بى ئەدەپلەردىن يىراق بولماقا كۆرگۈزگىل تەلەب.

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېگىسارى (ناقىس) ئىلىم - مەرىپەتكە ۋە تەرەققىياتقا قارىتا دۈشمەنلىك كەيپىياتىدا بولغان ئەينى دەۋر ئۆلىمادىن شىكايەت قىلغىنىدا ئۆتكۈر مەجازى ۋاستە ئارقىلىق ئىلىم - مەرىپەت بىلەن نادانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان، بەلكى نادانلىق ۋە جاھىللىقنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان ئەكسىيەتچى قارا تۈزۈمنىڭ خۇنۇك ئەپتى-بەشىرىسىنى يۇمۇرىستىك ئۇسۇلدا پاش قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

..........................................................

سال كۆزۈڭ ئالەمگە ئىبرەت ئەينىدىن④ تەھقىق ئۈچۈن،
زاھىرۇ - باتىن⑤ تاپاۋەت كۆبىدۇرۇر ئەئيان ئارا.

---

① ئەھلى دانىش — بىلىم (ئەقىل) ئىگىلىرى.
② لەقەب — ئات، تەخەللۇس، لەقەم.
③ تىرە — قاراڭغۇ، زۇلمەت.
④ ئىبرەت ئەينى — ئىبرەت ئەينىكى.
⑤ زاھىر — كورۇنۇشتە، ئاشقى تەرەپ، باتىن - ئىچكى دۇنيا، قەلب.

مۇمكىن ئولماس ھەرنە ئۈز تۈرىچە تاپماق ئەئتبار،
ھەرنىچە تەدبىر سەئى ئەتسە ئەگەر ئىمكان ئارا.

پەست دۇرۇر ئالتۇن كۈمۈشدىن قەلەيۇ، رو قىممىتى،
ۋەرنە ئېردى گەرچە ياتىماقدا بارابەر كان ئارا.

ئۇنچە نەرخىدىن بىرەنج①قىممىتى بەس پەست دۇرۇر،
گەرچە يوق مۇندىن مۇكەررەمراق نىمەرسە دان ئارا.

..........................................................

ناقىسا، كىم قەدرى كەمدۇر ئەھلى ئىلمى قارى-دەرۋىشنىڭ،
فاسىقۇ بەدكارە،بەدخۇ موھتەرەم ئىنسان ئارا.

3. شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى ( ناقىس ) شېئىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ، هاياۋە ساداقەت توغرىسىدىكى تىرەن قاراشلىرىنى مەزكەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ . كىشلەرنى ئەخلاقلىق ، ۋىجدانلىق ، كەمتەر ، مۆلايىم ، بىلىملىك بولۇشقا دالالەت قىلىش بىلەن بىرگە تەرەققىيات ۋە مەدىنىيەتنىڭ كۈشەندىسى بولغان ھورۇنلۇق، يالقاۋ-لىق ، نادانلىق ، بېخىللىق ، تىكىنخورلۇق ··· قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرگە گېرىپتار بولغان رە ـ زىللەر ئۇستىدىن ئاچچىق كۈلىدۇ ، ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ مەسخىرە قىلىدۇ :

ئەي كۆكۈل ئانداغ بۇزۇلمىش بۇ جاھان مەئمۇرىسى،
كىم ھەما مارجان نەما②ئەمما ئۈزۈمنىڭ غورىسى.

بارچە خۇش قامەت سافا تەلئەت③ۋە لەيكىن باتىنى④
ئاق قوناق شاخى ، سۇنۇق شىشە بەدەخشان كورىسى.

يوق پۇلى دەپ كۆرسە دانىشمەندلەردىن ئارئېتەر،
ھەر نىچۇك ئىش قىلسا پۇل تاپسا ئوبدان جورىسى.

..........................................................

ئەل كۆزىدە ياغ ، گۆش ، زەدەك ، پىياز ئالۇر مۇدام،
لىك قىزغانىپ بۇلۇتدىن بەركىتىكلىك مورىسى.

---

① بىرەنج — گۈرۈچ
② مارجان نەما — مارجاندەك كورۈنىدۇ.
③ سافا تەلئەت — گۈزەل ، چىرايلىق ، ئاي يۈز
④ باتىن — ئىچكى دۇنياسى ، قەلبى.



AltunOq

ۋەئىدىسى يالغان ، ئۆزى مومىنسك قورۇق سۆلكەت ھەمە،
كەلسە مېھمانلار قاچارغا قازناقىدا ئورىسى.

شائىر ھورۇنلۇقنى ئىنسانىنىڭ خارلىق ۋە مۇھتاجلىقىغا گىرىپتار بولۇشىدىكى ، نادانلىق ھەم جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشىدىكى بالا - قازا مەنبىئى ، دەپ تونۇيدۇ ، شائىرنىڭ قارىشىچە ھورۇنلۇق ۋە ئىرادىسىزلىك كىشىلىك تۇرمۇشنى كۆلپەت ئىچىگە تاشلىغۇچى ئامىلدۇر . بۇ مەرەزگە گىرىپتار بولغۇچىلاردا ئاچكۆزلۈك ، بېخىللىق ، قارا كۆڭۈللۈك يامراپ كېتىدۇ . شۇڭا بۇ خىل يامان ئىللەتلەردىن جەزمەن چەك - چېگرا ئاجرىتىش كېرەك! شائىرنىڭ يۇقۇرقى قاراشلىرىنى مۇنۇ مىسرالاردىنمۇ ئېنىق چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن:

پەيدا بولۇبدۇر بۇ زامان،
بىرمۇنچە ھورۇن لاماكان①

قىچقارسا ئىشقا ئول دەۋەن،
كەلمەيدۇ ھەرگىز شۇ زامان.

قايداغ قىلادۇر دەپ قىنى،
داسقاندا قويسا يەتتە نان؛

ئىككى يېنىغا سىنجىقاپ،
قويمايدۇ يەپ بىر تىككە نان.

..................................

ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆيىدە،
ئايدا يېمەس بىر تىككە نان.

سۇستلۇق ئۇنىڭكى پېشەسى②
بويى ئەغىر ، جانى گىران.

قىچقارسا بىر كىشىم نەزرەگە،
ئۇچقاي قانات بىرلە راۋان.

سايىلغا③ بەرمەس بىر دەرەم،
ئالغاي ئۆزى مەن دەپ پالان.

---

① لاماكان — ماكانسىز ، ئۆيى يوق.
② پېشە — ھۈنەر، كەسىپ، ئىش.
③ سايىل — تىلەمچى ، ھۆۋانە.

ھورۇنلىغىدىن تۆشىدە،
يوق كۆڭلەكى بىلە چاپان.

ئەھلى ئايالى دەر بەدەر،
ئىستەپ چىقادۇر پارچە نان.

بولغاچ مەئىشەت تەڭلىگى،
زىق ئولغۇسىدۇر بۇ جاھان.

شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى ( نافىس ) ئۆز غەزەل ، مۇخەممەسلىرىدە يەنە " كۆڭلى قارا تاش ، ئاغزى مۇلايىم " ، " ئۆمرىدە ساھلىغا بىر پۇل بەرمەيدىغان " ، ھەمىشە پۇل - دۇنيا ھېرىسلىكىدە خۇدىنى يوقىتىپ، ناشايان ئىشلارنى پەيدا قىلىدىغان ئەخلاقسىز ، كاززاپ ، ئىپلاس بولھەۋەسلەرنى ، " خوتۇن كىشىدەك ئۆزىنى ياساشنىلا بىلىدىغان " قۇرۇق سۆلەت،مايىۇن مىجەز ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىشنىمۇ قەلەم ئىزىدىن چەتتە قالدۇرمايدۇ :

............................................

ئۆزىكى گۈلدەك رەئنا كۆرۈنگەي،
ئەللامە① لاردىن دانا كۆرۈنگەي،
قۇچقاچ كۆزىگە ئەنقا كۆرۈنگەي،
مىس پۇل كۆزىگە تىللا كۆرۈنگەي،
خۇرشىدە ياڭلىغ ئالدىدا بىر نان.

ئۆزىنى چاغلار قارون② كەبى باي،
بىر پۇل يوق ئەتسە كۆڭلىدە يۈز ۋاي،
مېھمانى كۆرسە بوي تاسا ماڭلاي،
بەرمەس كىشىگە بىر كاسائى چاي،
ئەيلەب پۇشايمان ، قۇسقاي قىزىل قان.

" چىققتى بىر نازەنىن ئوغۇل ، ئۆزى قىز " مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان يەنە بىر شېئىرىدا بولسا :

چىقتى بىر نازەنىن ئوغۇل ، ئۆزى قىز،
سۈرەتى بىر ئوغۇل ، كى قاش-كۆزى قىز.

---

① ئەللامە — ھەممىنى بىلگۈچى ، ئالىم.
② قارون — شەرق رىۋايەتلىرىدىكى غېنى ئادەم.

دائىما قاش كۆزى سۈرمە ئالۇدە،①
كىم نەزەر ئەيلەسە دىگەي ئاسۇدە②

رەڭگى ـ رۇخسارى ئالمادىنۇ سۈزۈك،
ئۇن قولىدا يىگىرمە ئىسكى ئۈزۈك.

ھەر كۈنى نىچە رەڭ قىلۇر زىننەت،
تاپىغالى ئۆزىگە نەچە ئۇلفەت.

يول يۈرەر ، خىرامى چوكاندەك،
دۇ جاھاننى بىلۇر نەمەنگاندەك.

بېلىدە دائىما سىبىرىق رومال،
قوگىدا دائىما قىزىل تامبال،

بىر زەمان جايىدا قەرارى يوق،
ھۆل تىزەكتەك پەقەت شەرارى③يوق.

ئەتەقۋايى سارى نەزەر قىلماس،
فىسقى ئەربابىدىن ھەزەر قىلماس.

ئۇشبۇ بەسىدۇر ئەنىڭكى ئەۋسافى④
ئەقلى بولسا يۈز بولۇر كافى.

دەپ يازىدۇ ، جۇملىدىن غەزەل ، مەسنەۋىلىرىنىڭ مەلۇم جايلىرىدا يۇقۇرقى كۆز قاراشلىرىنى يە- نىمۇ بىر پەللە يۇقۇرى كۆتىرىپ ئىزاھلاپ ، كىشىلىك تۇرمۇشتا يۇقۇرقىدەك ئەخلاقى چۈشكۈن- لۈككە گىرىپتار بولغان ياردىماس ئادەملەر ئۈستىدىن مۇنداق پەلسەپىۋى يەكۈن چىقىرىدۇ:

مەست ئولۇر دۇنيا ھوسۇلىدىن ئەزەلدە ئەسلى پەست،
ئەسلى پەستلىك دۇر بولۇر ئانداغ نىجاسەت بىرلە مەست.

............................................................

ئارى ئىنسان مۇفتىلايى نەپسىدۇر،
دائىما ئۇنىڭ قولىدا ھەبسىدۇر⑤

①سۈرمە ئالۇدە — سۈرمە تارتىلغان ، سۈرمە بىلەن بويالغان.
② ئاسۇدە — تىنچلىق ، ئاماندىلىق .
③ شەرار — ئۇچقۇن .
④ ئەۋساف — تەرىپ ، بايان .
⑤ ھەبسى — تۈرمە ، قاماقخانا بۇ يەردە مەھبۇس مەنىسىدە.

4. شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى ( ناقىس ) ئۆزىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا كېيىنرەك شەكىللەنگەن تەنقىدى رېئالىزىملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ، يۇقۇرقىدەك ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجات قىلغاندىن باشقا، يەنە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مېتودى بولغان سىمۋولىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىنمۇ ماھىرانە پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، رىزا، ئاشىقلىق ھەققىدىكى تىرەن چۈشەنچىلىرىنى يار، جانان ۋاستىسى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىدى. شائىرنىڭ قارىشىچە، چىن ئاشىقلىق- ۋاپادارلىق دېمەكتۇر. مۇھەببەت يولىغا كىرگەن كىشى ئۆزىنى پاك تۇتۇشى، بۇ يولدا دۇچ كەلگەن خىيىم - خەتەرلەرگە پىسەن قىلماسلىقلىرى زۆرۈر، پاك ئىشقىنىڭ ئەلەمى ئۇنى ھەقىقى چۈشەنگۈچى ئۇچۇن خوشاللىق بىلىنىدۇ. بۇ لەززەتنى پاك ئىشق ئىگىلىرىلا چۈشۈنەلىشى مۇمكىن. بۇ يولغا كىرمىگەنلەر ئۇنىڭدىن بى نەسىۋدۇر!

بۇ مەزمۇننى شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىدىن ئېنىق چۈشەنگىلى بولىدۇ :

ئىشق ئەسرارىنى ھەر چېھرەسى زىبا بىلمەس،
بۇلبۇل ئەفغانىنى ھەر بەرگى سۇمەنسا بىلمەس.

...........................................................

جان پىدا قىل ياخشى سۆھبەتكە ئەگەر مەردانە سەن،
ئىشقسىز يۈرمە بۇ ئالەمدە ئەگەر فەرزانە سەن.
بولسا ئىشقىڭ ئەيش جاۋىدان① بىلەن ھەمخانە سەن،
ئىشقسىز ھەر چەندە ئاقىل سەن جۇنۇن② دىۋانەسەن،
ھۇشىنىڭ سەرمايەسىدۇر بويى ئىسلىپەت ئەي رەفىق…

3

بەدىئىلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېڭىسارى ( ناقىس) نىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان غەزەل، مەسنىۋى، مۇخەممەسلىرى توق قاپىيىگە، تاللانغان ۋە تاۋلانغان ئوبرازلىق تىل ئاملىغا، مۇكەممەل بەدىئى شەكىلگە، يۇقۇرى جەلپ قىلىش قۇۋۋىتىگە ئىگىدۇر. شائىر ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پېرسوناژلارنىڭ تىما دائىرىسى كەڭ، ئوبرازلىرى رەڭدار ۋە خىلمۇ - خىل بولۇپ، ۋەزىن جەھەتتىن يەڭگىل، مەنتىقلىقلىگى كۈچلۈك، كۆي - دۇرگۈچ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىسكەنلىگى بىلەن خاراكتىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ غەزەل، مەسنىۋى مۇخەممەسلىرى كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ باي، مۇكەممەل بەدىئى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن بولۇپ. ئوقۇشقا ئەپلىك، كۈچلۈك مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ پۇرىقى خېلىلا قويۇق ( شائىر شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ يۇقۇرقى قاراشلىرىمىزنى مەلۇم نۇقتىدىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ). مەسىلەن :

( ئاخىرى 103 ـ بەتتە )

① ئەيش جاۋىدان — مەڭگۈلۈك ھوزۇر ( ئەيش ).
② جۇنۇن — تەلۋە، سارالڭ.

# ماركسنىڭ لاسساللنىڭ تىراگېدىيە كوز قارىشى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەنقىتلىرى توغرىسىدا

لى لىنشىڭ، شى لىيىڭ

تىراگېدىيە — قەدىمقى دىراما تۈرلىرىگە مەنسۇپ، ئۇ، ئەڭ بالدۇر مىلادىدىن 5 ئەسىر ئىلگىرىكى قەدىمقى يۇناندا پەيدا بولغان تىراگېدىيىدىن تەرەققى قىلىپ، هازىرقى زامان تىراگېدىيە هالىتىگە كەلگەن. ئۇ نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت جەھەتتە ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن تەرەققى قىلىش ۋە ئۈزلۈكسىز هالدا ئۆزگىرىپ بېرىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. تىراگېدىيە نەزەرىيىسىدىمۇ گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن. لېكىن، مەيلى قەدىمقى يۇنان تىراگېدىيە نەزەرىيىسىنىڭ پېشۋاسى ئارىستوتېل بولسۇن ياكى فىرانسىيىلىك تىراگېدىيە كەشپىياتچىسى كورنىللى بولسۇن، مەيلى گېرمانىيىلىك ئەدىبىيات - سەنئەت نەزەرىيىچىسى، دىراماتورگ لىسسىڭ ۋە شىللېر بولسۇن، ياكى گېرمانىيە كىلاسسىك پەلسەپىسى تەرەققى قىلىپ، يۈكسەك پەللىگە يەتكەن مەزگىلدىكى گېگېل بولسۇن، بۇلارنىڭ هېچقايسىسى تىراگېدىيە پرىنسىپلىرى ئۈستىدە هېچقانداق ماتېرىيالىزمنىڭ ئىلمىي هۆكۈمىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس. هەقىقىي ماتېرىيالىستىك تىراگېدىيە كۆز قارىشىنى تىكلىگۈچىلەر ۋە ماتېرىيالىستىك تىراگېدىيە نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغۇچىلار پەقەت ماركس بىلەن ئېنگېلس بولدى.

## 1

1859 - يىلى ماركس بىلەن ئېنگېلس لاسساللغا ئايرىم - ئايرىم خەت يېزىپ ئۇنىڭ سەهنە كىتابى «فىرانتس فون زىككىنگېن» دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاغمىچىلىق يولى، تارىخنى قەهرىمانلار ياراتتى دەيدىغان ئىدىيالىستىك كۆز قاراش ۋە ئۇنىڭ تىراگېدىيە هەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئىدىيالىستىك ماهىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، تىراگېدىيە مەسىلىسىدە نۇقتىلىق هالدا مۇلاهىزە يۈرگۈزۈپ، مەشهۇر ئىنقىلابىي تىراگېدىيە پرىنسىپلىرىنى يەنى ئىنقىلابىي تىراگېدىيە "تارىخنىڭ زۆرۈر تەلىپى بىلەن بۇ تەلەپنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى" ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر توقۇنۇشىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇشى لازىملىقىدىن ئىبارەت مەشهۇر كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.



AltunOq

لاسساللىنىڭ سەھنە كىتاۋى « زىجىنگېن » بىر تارىخى دىراما بولۇپ 1857 ـ يىلدىن 1858 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان . ئۇنىڭدا 16 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى گېرمانىيە ئاق سۆڭەكلىرىدىن بولغان فىرانىز فون زىجىنگېن بىلەن ۋىللىس فون ھودىنىڭ باشچىلىقىدىكى رىتسارلارنىڭ پادىشاغا ۋە فېئودال بەگلەرگە قارشى توپىلىڭى ماتېرىيال قىلىنغان . ماركس سەھنە كىتاۋىنىڭ بۇ تارىخى تېمىدىن پايدىلانغانلىقىغا ھەرگىزمۇ قارشى ئەمەس ئىدى . لېكىن ، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى مەيدانىدا تۇرۇپ ، ماتېرىيالىزىملىق كۆز قاراشنى قوللىنىپ ، بۇ تارىخى تېمىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئىنقىلاۋى باش تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، پرولېتارىيات كۈرەشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىش ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. لاسساللىنىڭ سەھنە كىتاۋى « زىجىنگېن »دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باش تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بايان قىلىشىچە، سەھنە كىتاۋى « زىجىنگېن » نى يېزىش « غايەت زور ئېقىم مەسىلىلىرى » بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ " مېنىڭ شۇ چاغدىكى دوستلىرىم بىلەن سىياسى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىمىز ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلىرىمىزنى يىغىنچاقلاپ ئەكس ئەتتۈرگەن " ئىمىش . ناھايىتى روشەنكى لاسسال گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ 1848 ـ ۋە 1849 ـ يىللىرىدىكى ياۋروپا ئىنقىلاۋىنىڭ يۇقۇرى دولقۇنلىرىدا دۇچ كەلگەن نومۇسسىزلارچە مەغلۇبىيىتىدىن پەرىشان بولۇپ، گېرمانىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مارت ئىنقىلاۋىدىكى مەغلۇبىيىتى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ تۇرۇۋاتقان شارائىتى ۋە تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن ، شۇنداقلا بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىدىن ئازاپلانغان. ئۇ ئەنە شۇنداق بۇرۇختۇم بولۇپ ، قېنى قىزىپ تۇرغان ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ " ئامالى"نى① تاپالماي ، ئاخىرى سەھنە كىتاۋى « زىجىنگېن » نى يېزىش ئارقىلىق ئىچىنى بوشىتىۋېلىشنى ئاساسى مۇددىئا قىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا لاسسال ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە رىتسارلىرىدىن بولغان ئىنسانپەرۋەرلىكنى ياقىلىغۇچى سىيوتېرنىڭ دىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەشەببۇسىنىڭ قوللىغۇچىسى ھودىنىڭغا چوقۇنغۇچىلاردىن ئىدى . ئۇ گېرمانىيە ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ نەزىرىيە ساھەسىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەرباپلىرىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىگە بىر قاراپلا قىزىقىپ قېلىپ ، ئۇلارنىڭ بىر قاتار ئىدىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر ۋە تەشەببۇسلىرىنى بىۋاستە قوبۇل قىلغان. لاسساللىنىڭ قارىشىچە زىجىنگېن ھودىنىڭ نەزىرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتچىسى . "زىجىنگېن باشتىن ـ ئاخىرى بىر قەدەر تەۋرەنمەس ، سىياسى جەھەتتە يىراقنى كۆرەلەيدىن رىيالىستىك قەھرىمان "② ئىمىش . ئۇ ، بۇ خىل سىياسى خاھىشنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بۇ سەھنە كىتاۋىنى يېزىپ چىقتىلا ئەمەس . بەلكى ، بۇ تارىخى سەھنە كىتاۋىنى ئۆزىچە يېڭى تىپتىكى ئىنقىلاۋى تىراگېدىيە دەۋالدى. سەھنە كىتاۋىنىڭ باش تېمىسى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سېپى ئۆزىدىن بولغان ئىدىيالىستىك تارىخى قاراش پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىغا ئىنتايىن زىيانلىق تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى .

لاسسال ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىنى قوبۇل قىلغان. 1848 ـ يىلى ياۋروپا بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە گېرمانىيە ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان ۋە « يېڭى رېين گېزىتى » بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ ماركس بىلەن تونۇشقان . ئۇ ، بۇرژۇئازىيىگە تايىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ ، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئىنقىلاپىنىڭ رەھبەر ـ

لىك ھوقۇقىنى ئىگەللىشىگە ۋە دېخانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىگە قارشى چىققان . بۇ خىل ئاغمىچىلىق يولى سەھنە كىتاۋى « زىچىنگىن » دا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . شۇڭا لېنىن ماركسنىڭ ئۆز خېتىدە « زىچىنگىن » نۇسخىسىدە ئېلىپ بارغان تەنقىتچىلىرى « لاسساللچىلار بىلەن ئىزناخچىلارنىڭ كەلگۈسى ئىختىلاپلىرىنىڭ يىپ ئۇچىنى كۆرسىتىپ بەردى » ③ دېگەن ئىدى . لاسسالنىڭ خائىنلىق ئەپتى ـ بەشىرىسى تېخى تولۇق ئاشكارىلانمىغانلىقتىن ، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا يىرسۇندا ئادا ـ جۇدا بولماي ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش پوزىتسىيىدە تۇردى . شۇڭا ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىدە تەنقىت ئۇسۇلى بىر قەدەر مۇلايىم ۋە مەسلىھەتلىشىش تەلەپپۇزىدا بولدى. ماركسنىڭ لاسسالغا يازغان خېتى ماركسنىڭ پەقەت تىراگېدىيە نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى بولۇپلا قالماستىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماركسنىڭ نەزەرىيە خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر .

## 2

ماركس ماتېرىيالىستىك تارىخى قاراشنى چىقىش قىلىپ « زىچىنگىن » دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باش تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنلار ئۈستىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە لاسسال بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بىرىنچى : ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تارىخنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكمۇ ياكى چىرىگەن، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى ئىختىلاپ .

ماركس سەھنە كىتاۋى " ئاددىي شەكىللەر ئارقىلىق ئەڭ يېڭىلىقى دەۋردىكى ئىدىيىلەرنى تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك ئىدى . " ④ دەپ كۆرسەتتى . دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ماركس " مۇشۇنداق تۇقۇنۇشنى ھازىرقى زامان تىراگېدىيىسىنىڭ مەركىزى نۇقتىسى قىلىشنى ياقلايدۇ " ⑤ بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزچە ھەر قانداق تارىخى تېمىلاردىن پايدىلىنىپ تارىخنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ، ئىنقىلاپنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىشى لازىم . « زىچىنگىن » دا لاسسالنىڭ زىچىنگىندىن ئىبارەت بۇ تارىخى ئەرۋاھنى كۆتىرىپ چىقىشى مۇشۇ تارىخى ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى ئاغمىچىلىق يولىنى ئاقلاشتىن ئىبارەت . زىچىنگىن 16 ـ ئەسىردىكى بىر قېتىملىق رىتسارلار توپىلىڭىنىڭ سەردارى ئىدى . بۇ قېتىمقى توپىلاڭ بەگلەرگە ، روھانىيلارغا ۋە فېئودالىق بۆلۈپ ئىدارە قىلىشقا قارشى تۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ، ئۇنىڭدىن سەل كېيىن پارتلىغان دېخانلار ئۇرۇشى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن تامامەن ئوخشىمايدۇ.

رىتسارلار ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا فېئودالىق تەبىقە تۈزۈمى تەركىۋىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئاق سۆڭەكلەر ئىدى . ئۇلار ئاتلىق ئەسكەرلىك ھەربى مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ پادىشا ياكى چوڭ زېمىندارلار تەرىپىدىن بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلەردىن بەھرىمەن بولاتتى . ئۇلار دېخانلارنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىپ، دېخانلار قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش، تالان ـ تاراج قىلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشاتتى . رىتسارلىق تۈزۈمى 11 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە دەۋر سۈرگەن بولۇپ ، كېيىنچە فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ يېمىرىلىشى ۋە نىشانىغا ئات ـ

قۇچى قورااللارنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان . زىجىنگىننىڭ رىتسارلار توپىلىڭىنى قوزغاشتىكى مەقسىتى فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئەمەس ، بەلكى تارىخنى ئارقىغا چېكىندۈرۈش ، رىتسارلارنى ئۆزىگە تۇۋرۇك قىلىۋالغان، ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن ئاق سۆڭەكلەر دېموكراتىيە تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. زىجىنگىننىڭ سىنىپى ئورنى ۋە رىتسارلار توپىلىڭىنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولۇش تەقدىرىنى بەلگىلىگەن . لاسسال ئۆزىنىڭ ئاغمىچىلىق سىياسىي يولىنى ئاقلاشنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ ، ئەكسىيەتچىمەيداندا تۇرۇپ، بۇ تارىخى ۋەقەنى ۋە شەخسلەرنى بۇرمىلاپ تەسۋىرلىگەن ۋە تونۇشتۇرغان. ئېنگېلس " 1848 - ۋە 1849 - يىللاردا ھەممىلا يەردە خائىنلىق قىلغان بۇ پىرىنسىپلار"، "1525- يىللاردىلا ئاللاقاچان خائىن بولۇپ بولغان ئىدى . پەقەت ئەينى ۋاقىتتىن بىر قەدەر تۆۋەن باسقۇچتىكى تەرەققىيات ھالىتىدىلا ئىدى خالاس » ⑥ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى . ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 1848 - يىلدىكى گېرمانىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا مەغلۇپ بولغانلىقىدىكى تارىخى سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشتىكى مەقسىتى تارىختىكى ئىنقىلاۋى كۈرەشلەرگە مۇقەررەر يوسۇندا پرولېتارىيات سىنىپى رەھبەرلىك قىلغاندىلا ، ئاندىن ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئىدى .

ئىككىنچى ، تارىخنى خەلق يارىتامدۇ ياكى " دۇنيانى قەھرىمانلار يارىتامدۇ " دىگەن كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ .

ماركس بىلەن ئېنگېلس لاسسالنىڭ سەھنە كىتاۋىدا " دېھقانلار ھەركىتىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويغانلىقى » نى " دېھقانلار ھەركىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا يۈكسەك دولقۇنغا كۆتىرىلگەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىكى » نى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە پەقەت دېھقانلار ھەركىتىنى " ئىنتايىن مۇھىم ئاكتىۋال ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ » ئاق سۆڭەكلەرنىڭ مىللىي ھەركىتىنى دېھقانلار ئىنقىلاۋىنى " رۇشەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا » تەسۋىرلىگەندىلا ، ئاندىن ، زىجىنگىن سەردارلىقىدىكى رىتسارلار توپىلىڭىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ ۋە « زىجىنگىن» تەقدىرىنىڭ ھەقىقى تىراگېدىيىلىك ئامىللىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ ، دەپ كۆرسەتتى . ماركس بىلەن ئېنگېلس بىردەك ھالدا شۇنداق دەپ ھېساپلىغانكى : زىجىنگىن ھەرگىزمۇ مەدھىيە ئوقۇش ئوبيېكتى بولماسلىقى كېرەك . زىجىنگىننىڭ دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي مۇقەررەر ھالاك بولغانلىقىنى تەسۋىرلەش جەريانىدا ، ئۇنىڭ تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ ، خەلقنىڭ تارىخنى ياراتقۇچىلىق ئورنىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم . پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ، خەلق ئاممىسى ئەسەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باش رولچىسى بولالايدۇ .

لاسسال مۇنداق قىلىشقا قارشى چىقىپ ، " درامىمدا بىزنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنىمىز ھەرگىزمۇ تەنقىدى پەلسەپىنىڭ ھەقىقىتى ئەمەس . بەلكى ، گۈزەل خىيالى تۇيغۇ ۋە ھەقىقەت تەرىپىدىن تېپىلغان تەسىرات بولىشى كېرەك » دەپ قارايدۇ .

شۇنداق قىلىپ لاسسال سەھنە كىتاۋىدا زىجىنگىننى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ گۈزەللەشتۈرۈپ ۋە غايىۋىلاشتۇرۇپ ، ئۇنى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ھەم مىللىي مەنپەئەتنىڭ ۋەكىلى قىلىپ پەدەزلىگەن. شەخسى مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان، دۆلەتكە سادىق خىسلەتكە ئىگە دەپ گۈزەللەشتۈرگەن ، ئۇنى ئەڭ بۈيۈك ، ئەڭ مۇنەۋۋەر " مىللىي جارچى" ، "گېرمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەھرىمانى » دۆلەتنىڭ

تەقدىرى ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى زىممىسىگە ئالغۇچى [7] دەپ كۆككە كۆتەرگەن. ئۇ ئەكسىيەتچى ئىدىيالىستىك تارىخى قاراشنى چىقىش قىلىپ تارىخنى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئاز ساندىكى ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ "دۇنيانى قۇتقازغۇچ خۇدالىرى" ياراتقان، خەلق ئاممىسى "ئەكسىيەتچى گورۇھ" [8] دەپ قاراپ، فېئوداللىق جەمئىيەتتە دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ "دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا". "ئۇلار ئىنقىلاۋى ئەمەس"، "ھەتتا ئىنتايىن ئەكسىيەتچى" [9] دەپ تۆھمەت قىلدى. لاسساللىنىڭ بۇرژۇئا مەيدانى ۋە ئەكسىيەتچى ئىدىيالىستىك تارىخى قارىشى ئۇنى تارىخنى ياراتقۇچى بولغان ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيىلىمەي، ئەكسىنچە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ ۋەكىلى زىجىنگېنغا مەدھىيە ئوقۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىۋى بولغان لىيوتېر دىنى ئىسلاھاتىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى كۆپتۈرۈپ ئىنكاس قىلدۇرغان قىلىپ قويدى. مارتىن لىيوتېر گېرمانىيىنىڭ 16 ـ ئەسىردىكى دىنى ئىسلاھات داھىيسى بولۇپ، ئۇ، ئەڭ بالدۇر دىنى جەمئىيەتلەرنىڭ خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدۇرغانلىقىغا ۋە تالان ـ تاراج قىلغانلىقىغا قارشى چىقىپ، دىنى جەمئىيەتلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىپ، يېڭىدىن بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. لېكىن، دېھقانلار ۋە شەھەر پۇقرالىرىنىڭ دىنى جەمئىيەتلەرگە ۋە پادىشاغا قارشى كۆرەشلىرى جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئالغان چاغدا، لىيوتېر ئىنقىلابتىن قورقۇپ، خائىنلىق قىلىپ، ئاقسۆڭەكلەر ۋە بەگلەرنىڭ سىياسى ھوقۇقىنى قوغداش تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ، دېھقانلار ئۇرۇشىغا قارشى چىققان. شۇڭا ماركس لاسساللىنىڭ ئەسەردە دېھقانلار ئىنقىلاۋىنى ھەمدە قەھرىمان پىرسوناژلارنى چۆكۈرگەنلىك خاتالىقىغا قارىتىپ لاسساللىنىڭ "لىيوتېرچە رىتسار ئۆكتىچىلىرىنى ۋىنسلىچە ئاۋام خەلق ئۆكتىچىلىرىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغانلىقى" [10] نى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لاسساللىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى گېرمانىيە ئىنقىلاۋى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە بۇرژۇئازىيىنى پرولېتارىياتتىن ۋە دېھقانلاردىن ئۈستۈن قويغانلىقى بىلەن تامامەن بىردەك.

ئۈچىنچى: ماتېرىيالىزملىق سەنئەت كۆز قارىشى ۋە تىراگىيە كۆز قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ.

سەھنە كىتاۋى «زىجىنگېن» نىڭ كىرىش سۆزىدە لاسسال شۇنداق دەپ قارىغانكى، تارىخى تەرەققىياتنى شەكىللەندۈرىدىغىنى رېئال سىنىپى كۆرەش ئەمەس، بەلكى گېگېلنىڭ قارىشىدىكى ئوبيېكتىپ ئىدىيالىستىك "ئومۇمى روھ" (ياكى "مۇتلەق ئىدىيە") نىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك ھەرىكىتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دىراممىا يازغۇچىنىڭ مېڭىسىدىكى بۇ خىل ئىدىيالىستىك كۆز قاراش "ئومۇمى روھ" نىڭ ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت ئىمىش. شۇنداق قىلىپ لاسسال بىمەنىلىك بىلەن "ئىدىيىنىڭ چەكسىز مەقسىدى ۋە مۇرەسسەنىڭ چەكلىك بولۇشىدىن كېلىپ چىققان كازازاپلىق بىلەن پاراسەت ئوتتۇرىسىدىكى "دىئالېكتىكلىق زىددىيەت" نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تىراگىدىيە كۆز قارىشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلماقچى بولدى. بۇ نۇقتىدا لاسسال ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى، ئىنكاس قىلغۇچى بىلەن ئىنكاس قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تامامەن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن. ئۇ، تىراگىدىيە كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تىراگىدىيىنىڭ تارىخى مەزمۇنلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇئەييەن تارىخى دەۋردىكى ئىجتىمائى تۇرمۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلماستىن، بەلكى، دىراممىا ئارقىلىق

ئۆز مەقسىتىدە ئويدۇرۇپ چىقىلغان ئاتالمىش " تىراگىدىيە كۆز قارىشى " نى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوبيېكتىپ ئىدىيالىستىك كۆز قاراشنىڭ " جارچىسى " قىلىۋالغان. ئالايلۇق، « سەھنە كىتاۋى » دىكى ھوددىگىنىڭ قىسمەن ھاياجانلىق، مەردانە، ھېسسىياتلىق سۆزلىرى بولغىنى بىلەن ئۇنىڭدا مول پىسخىك ئىندىۋىدىئاللىق يوق. لاسسال ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ھوددىگىنى " رېئاللىستىك قەھرىمان "، " مەنىۋى جەھەتتىكى ئىنقىلابچى " قىلىپ يازماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تەلۋىلىكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. لاسسال سەھنە كىتاۋىدا تارىخى پاكىتلارنى كۆزگە ئىلماي، تارىخى چىنلىققا خىلاپ ھالدا، زىجىنگىننى ئۈستىدە سوبيېكتىپ ئويدۇرما ياساپ، ئىدىيالىستلارچە غايىۋىلاشتۇرۇپ ئۇنى دېخانلار مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى ۋە دېخانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن دېۋىلىپ، ئۇنى سىنىپتىن خالى " ئىنقىلاۋى داھى "، " مىللى - قەھرىمان" قىلىپ گۈزەللەشتۈردى. لاسساللنىڭ ئىدىيالىستىك سەنئەت كۆز قارىشىغا قارىتىپ ماركس "تىراگىدىيە"، "تارىخنىڭ زۆرۈر تەلىۋى بىلەن بۇ تەلەپنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى ئوتتۇرىسىدىكى تىراگىدىيىلىك توقۇنۇش" ⑪ دىن ھاسىل بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

ماركسنىڭ تىراگىدىيىنىڭ توقۇنۇشلار ئىچىدە شەكىللىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەشھۇر بايانى چىرىگەن، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، كونا قالدۇقلارغا مەھكەم ئېسىلىۋالىدىغان ئىدىيالىستىك تىراگىدىيە كۆز قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سەپسەتىلەرگە بېرىلگەن كۈچلۈك رەددىيە بولۇپ، ماركسىزىملىق تىراگىدىيە كۆز قارىشىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ قالدى.

III

شەك - شۈبھىسىزكى، لاسساللنىڭ ئىدىيالىستىك تىراگىدىيە كۆز قارىشىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى گېگېلنىڭ تىراگىدىيە كۆز قارىشىدىكى "ئومۇمى كۈچ" دېگەن بىرنىممىسىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

گېگېلنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەلگۈسىز ئېپستېتىكا ئىلمى سېستېمىسى ئىچىدە دىراما نەزەرىيىسى ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. گېگېلنىڭ تىراگىدىيە كۆز قارىشىنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان دىئالېكتىكىلىق تەرەپلىرىمۇ بار. ماركستىن ئىلگىرىكى غەرپ ئېستېتىكا ئىلمى تارىخىدا، گېگېل ئاڭلىق يوسۇندا دىئالېكتىكىلىق كۆز قاراش بىلەن دىرامىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرگەن ئەڭ گەۋدىلىك ۋەكىللەردىن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ سەنئەتنى مۇتلەق روھنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھالقا دەپ ھېساپلايدىغان كۆز قارىشى، ئۇنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپە روھىغا ئارتىشقا توغرا كېلىدۇ. گېگېلنىڭ تىراگىدىيە كۆز قارىشى ئوبيېكتىپ بىلەن سوبيېكتىپنىڭ باش- ئايىغىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تىراگىدىيىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغىنى ھەرگىزمۇ ئوبيېكتىپ رېئال زىددىيەت ئەمەس. بەلكى "مۇتلەق روھ" نىڭ ئۆز - ئۆزىدىن پارچىلىنىش ۋە ئۆز ئارا كۈرەشىدىن ئىبارەت. تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا. "مۇتلەق روھ" لا تىراگىدىيىنىڭ ئەڭ يۈكسەك چەكلىگى بولالايدۇ، دەپ قارىغان.

گېگېلنىڭ قارىشىچە، تىراگىدىيىنىڭ ماھىيىتى روھى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقىدىن پەيدا بولىدىغان زىددىيەتلەر توقۇنۇشىدا بولۇپ، تىراگىدىيىلىك ھەركەتلەر-



AltunOq

نىڭ ھەقىقىي مەزمۇنى دەل مۇشۇ كۈچلەردىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ كۈچلەر "مەڭگۈ مەركەتلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان"، "مۇقەددەس" [12] يەنى ئومۇملۇققا ئىگە بولغان نەزىرىيىۋى كۈچلەردۇر. تىراگىدىيىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىككى خىل قارىمۇ-قارشى غايە ياكى "ئومۇمىي كۈچ"لەرنىڭ توقۇنۇش ۋە ماسلىشىشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ يەردە گېگېل "قارىمۇ- قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى" ھەققىدىكى ئۆز قۇمىنى تىراگىدىيىگە سۆرەپ كىرىپ، تىراگىدىيىدىكى زىددىيەتلەر توقۇنۇشنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما، ئىدىيالىستلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ باشتىن - ئاخىر تىراگىدىيىلىك توقۇنۇشلارنى روھىي توقۇنۇش، كۆز قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش دەپ قاراپ، تىراگىدىيىلىك توقۇنۇشلارنىڭ مەنبەسىنى مەڭگۈلۈك دىنى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق مىزانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دەپ ھېسابلايدۇ. ئالايلۇق، سوفوكىلىنىڭ «ئانتىگونى» ناملىق تىراگىدىيىسىدە پادىشا كرويۇن پادىشالىق ئورنىنى تالىشىپ ئۆلگەن ھەم خائىن دەپ بېكىتىلگەن بولۇنىكىسنى دەپنە قىلىشنى چەكلەش پەرمانىنى چۈشۈرىدۇ. ئەمما، بولۇنىكىسنىڭ سىڭلىسى ئانتىگونى تۇغقانچىلىق بۇرچىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئاكىسىنى مەخپىي يوسۇندا دەپنە قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە پادىشا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ. مانا بۇ دۆلەت قانۇنى بىلەن ئەخلاق ئۆلچىمىدىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر، دەپ تەھلىل قىلىدۇ. گېگېلنىڭ كۆز قارىشى بويىچە، ئانتىگونى "ئۆزىنىڭ ساپ ئارزۇسى ۋە پىسخىكىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ئارقىلىق ئۆزىنى ھالاك قىلغان" [13] تىراگىدىيىلىك باش قەھرىماننىڭ تىپىدۇر. شۇڭا ئۇ، مۇشۇ توقۇنۇشلارنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى ۋە ئىجتىمائىي مەنبەسىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن، شۇ سەۋەپتىن، ئۇنىڭ تىراگىدىيە كۆز قارىشىغا ئىدىئالىستىك تامغا بېسىلىپ قېلىشتىن يەنىلا خالى بولالمىغان.

لاسساللىنىڭ تىراگىدىيە كۆز قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپە كۆز قارىشى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، پەلسەپە جەھەتتە "لاسسال كونا گېگېلىزىمچى ۋە ئىدىيالىزىمچى" [14] . گېگېلنىڭ قارىشىچە، مۇتلەق ئىدىيە بولسا ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ. لاسساللىمۇ خىيالىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ دۇنيا تارىخىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كۈچ ئىكەنلىكىگە ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىنىڭ ھەممىسى ھەم ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. گېگېلنىڭ قارىشىچە تىراگىدىيىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغىنى بىر - بىرىگە قارشى ئىككى خىل غايە ياكى " ئومۇمىي كۈچ"لارنىڭ توقۇنۇشى ۋە ماسلىشىشىدۇر. لاسساللمۇ "ئىدىيىنىڭ چەكسىز مەقسىدى ۋە مۇرەسسەنىڭ چەكلىك بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان مەككارلىق بىلەن پاراسەت ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق زىددىيەتلەرنىڭ رىئالىنى ھەل قىلىنىشى ھەمدە بۇ خىل زىددىيەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇقەررەرلىك" [15] نى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك دەيدۇ. گېگېل تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىنى نەزىرىگە ئالمىغان. لاسساللۇ خەلق ئاممىسىنى "ئەكسىيەتچى گۇرۇھ"، "بىر توپ چۈۋالچاق نەرسىلەر" [16] دەپ ھاقارەتلەيدۇ. بۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى قارىماققا خىلمۇ - خىلدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىگە نىمە دىگەن ئوخشاپ كېتىدۇ- ھە!

تېراگېدىيە توغرىسىدىكى يۇقۇرقىدەك كۆز قاراشلارنىڭ ئەكسىچە، ماركس سىنىپتىن، دەۋردىن ۋە جەمئىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شەخسلەرنىڭ تېراگېدىيىلىك تەقدىرىنى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. ئۇ، ئادەملەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى، تەلەپ - ئارزۇلىرى بىلەن ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي قانۇنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان سىنىپلار ۋە ئوخشىمىغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئارقىلىق سەنئەتتىكى تېراگېدىيىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ماركسنىڭ تېراگېدىيە توغرىسىدىكى مەشھۇر كۆز قارىشى يەنى "تارىخنىڭ زۆرۈر تەلىۋى بىلەن بۇ تەلەپنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەسلىگى ئوتتۇرىسىدىكى تېراگېدىيىلىك توقۇنۇشلار"⑰ سەنئەتنىڭ تېراگېدىيىلىك توقۇنۇشى ئىكەنلىگىدىن ئىبارەت بۇ قانۇنىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. بۇ پۈتكۈل ئىنقىلاۋى تېراگېدىيە ئۈچۈن يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، تېراگېدىيە سەنئىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نەزەرىيىۋى ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

ئىزاھات:

---

① لاسسال: «فىرانز فون زىكىنگىن»

② «تېراگېدىيە كۆز قاراشلىرى ھەققىدە قولىيازمىلار» ماركس، ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا «1» 26- بەت.

③ لېنىن: «سايلام ھەركىتىدىكى بىر قانچە پىرىنسىپال مەسىلىلەر»

④ «ماركسنىڭ فى لاسسالغا يازغان خەتلىرى»

⑤ يۇقۇرقىغا ئوخشاش.

⑥ ئېنگېلس: «گېرمانىيىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى»

⑦ لاسسال: «گوتا پىروگراممىسى»

⑧⑨ لاسسال: «گوتا پىروگراممىسى»

⑩⑪ 4- گە ئوخشاش.

⑫⑬ گېگېل: «ئېستېتىكا ئىلمى»

⑭ لېنىن: «لاسسالنىڭ ھېراكلىتنىڭ پەلسەپىسى» دېگەن كىتاۋىدىن پارچىلار» لېنىن ئەسەرلىرى 38- توم، 39-بەت

⑮ «تېراگېدىيە كۆز قارىشى ھەققىدىكى قولىيازمىلار» ماركس ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا» «1» 21- بەت.

⑯ «ماركس ئېنگېلس سەنئەت توغرىسىدا» «1» 57- بەت

⑰ «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 4- توم 346- بەت.


قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلىنىڭ 1983-يىل 1-سانى (خەنزۇچە) دىن
سۇلايمان سەپەر تەرجىمىسى.

# يەككە ماگنىت قۇتۇپى توغرىسىدا


## 1. ئېلېكتىر ۋە ماگنىتنىڭ سىممېترىكلىك خۇسۇسىيىتى

ئېلېكتىر ۋە ماگنىت ھادىسىلىرى ئىنسانلار بۇرۇن بىلگەن ئىككى خىل ھادىسە بولىدۇ، لېكىن 19- ئەسىردە ئېلېكترون كەشپ قىلىنىپ، ماكسۋېل تەڭلىمىلەر سىستېمىسىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئېلېكترو ماگنىتلىق ھادىسىلەر توغرىسىدىكى بىلىش يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى.

ئېلېكتىر ۋە ماگنىتنىڭ سىممېترىكلىكى — ئېلېكتىر مەيدانى ئۆزگىرىشىنىڭ ماگنىت مەيدانى ھاسىل قىلىشى ۋە ماگنىت مەيدانى ئۆزگىرىشىنىڭ ئېلېكتىر مەيدانى ھاسىل قىلىشى، پەقەت ماكسۋېل تەڭلىمىلەر سىستېمىسىدىلا يۇقىرى دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئەمما مۇسبەت ۋە مەنپىي زەرەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى، لېكىن شىمالى ۋە جەنۇبى ماگنىت قۇتۇپلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ماگنىتلىق جىسىم سۈپىتىدە بىر ۋاقىتتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شىمالى ماگنىت قۇتۇپى بىلەن جەنۇبى ماگنىت قۇتۇپلىرىنىڭ يەككە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماسلىقى، يۇقىرىقى سىممېترىكلىك خۇسۇسىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئېلېكتىر ۋە ماگنىتنىڭ خۇسۇسىيىتىدىكى بۇنداق پەرق ماگنىتنىڭ ئاتوم نەزەرىيىسىدە تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئېلېكترىنىڭ ئاتومدىكى ھەرىكىتى تۇيۇق ھالەتتىكى ھالقىسىمان توكنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھالقىسىمان توكتىن ماگنىت مەيدانى ھاسىل بولىدۇ. ھەر بىر مالېكۇلا بىر ماگنىتلىق دىپول مامېنتى شەكىللەندۈرىدۇ. ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتى ئىگە بولمىغان ماددىلاردا بۇ ماگنىت دىپول مامېنتلىرىنىڭ يۆنىلىشى قالايمىقان بولۇپ، ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتى ئىگە بولغان ماددىلاردا بولسا ماگنىتلىق دىپول مامېنتلىرىنىڭ يۆنىلىشى تەرتىپلىك جايلاشقان بولىدۇ. (1- رەسىم)



ماگنىتلىق ماددىلاردىكى ئاتوم



غەيرى ماگنىتلىق ماددىلاردىكى ئاتوم

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ماگنىتلىق ماددىلارنىڭ ماھىيىتى زەرەتلىك جىسىملارنىڭ ھەرىكىتى-دىن ئىبارەت .

## 2 . قېلىپلاشقان نەزەرىيە ۋە ئېلېكترو ماگنىتىزىم

كوۋانت مېخانىكىسى بەرپا قىلىنىشتىن ئىلگىرى فىزىكىلىق مىقدارلار ماتېماتىكىدا ھەقىقىي سان بىلەنلا تەسۋىرلىنەتتى ، ئالايلۇق بىر دانە ئېلېكترونغا نىسبەتەن ، ئۇنىڭ كوئوردىناتى $\vec{x}$ ئارقىلىق ئىپادىلىنەتتى . كوۋانت مېخانىكىسىدا ئېلېكترونىنى تەسۋىرلەيدىغان دولقۇن فونكسىيىسى $\psi\ (x)$ بىر كومپلېكسساندۇر.

ھەر قانداق بىر كومپلېكسساننى ، ئۇنىڭ مودۇلى ۋە فازىسى شەكلىدە يېزىش مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن دولقۇن فونكسىيىسى $\psi$ نى مۇنداق يېزىشقا بولىدۇ.

$$\psi = Ae^{i\Phi}$$

بۇنىڭدىكى $A$ مودۇل ، $\Phi$ فازا بولۇپ، بۇلار ماكان- زامان فونكسىيىسىنىڭ مودۇلىنىڭ كۋادراتى $A^2 = |\psi|^2$ ئېھتىماللىق مەنىسىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنى تەجرىبىدە ئۆلچەپ چىقىش مۇمكىن . ئەمما فازا ھەممىگە مەلۇمكى ئۇ ، ئىنتېرفېرنسىيە ھادىسىسىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناي-دۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە تۇرغۇنسىز بولىدۇ . ئەگەر ئىككى فازا $\Phi$ ۋە $\Phi^1$ نىڭ فازا پەرقى $2\pi$ نىڭ پۈتۈن سان ھەسسىسى

$$\Phi^1 = \Phi + 2\pi n$$


$$e^{i2\pi n} = 1$$

گە تەڭ بولسا ، ئۇ ھالدا ، بولغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ پەرقى ھەر قانداق كۆزەت-كىلى بولىدىغان تەسىر ( ئېففېكت ) نى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئېلېكترو ماگنىتلىق مەيدان مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا ، كوۋانت مېخانىكىسىدىكى قېلىپلاشقان نەزەرىيىدىن فازا $\Phi$ بىلەن ئې-لېكترو ماگنىتلىق پاتېنسىيالنىڭ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن .

مەسىلەن : تۇرغۇن ماگنىت مەيدانىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئېلېكترون $l$ يولى بويىچە $\vec{x}_1$ دىن ھەرىكەت قىلىپ $\vec{x}_2$ نۇقتىغا كەلگەن ۋاقىتتا ( 2 - رەسىم ) ئۇنىڭ دولقۇن فونكسىيىسىنى تەس-ۋىرلەيدىغان فازىنىڭ ئۆزگىرىشى


$$\Phi(\vec{x}_2) - \Phi(\vec{x}_1) = \frac{e}{hc}\int \vec{A}\cdot\vec{dl} \qquad ①$$

بولىدۇ . بۇنىڭدىكى $e$ ئېلېكترونىنىڭ زەرىتى، $h$ پىلانىڭ تۇراقلىقى، $c$ يورۇقلۇقنىڭ تارقىلىش تېزلىكى . $\vec{A}$ ماگنىت ۋېكتور پاتېنسىيالىدۇر. بۇ ئىپادىدىن دولقۇن فونكسىيىسىنىڭ فازىسى ، ئېلېكترو ماگنىت-لىق مەيدان مىقدارلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن .




# 3. يەككە ماگنىت قۇتۇپى ۋە كۋانتلاشقان ئېلېكتر زەرىتى

ئېلېكتر زەرىتى ئېلېكتر كۈچ سىزىقلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. ئوخشاشلا، ماگنىت زەرىتى (يەككە ماگنىت قۇتۇپى) مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇمۇ، ماگنىت كۈچ سىزىقلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ.





يەككە ماگنىت قۇتۇپى (N قۇتۇپ) ئەتراپىدىكى ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى




مۇسبەت زەرەت ئەتراپىدىكى ئېلېكتر كۈچ سىزىقلىرى

ئەگەر نۇقتىۋى زەررەت ھاسىل قىلغان ئېلېكتر مەيدانى، ئېلېكتر كۈچ سىزىقلىرى يۆنىلىشىدە بولسا، يەككە ماگنىت قۇتۇپى ھاسىل قىلغان ماگنىت مەيدانى $\vec{B}$ مۇ، ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى يۆنىلىشىدە بولىدۇ. زەررەت $e$ نى قورشىغان ھەر قانداق تۇيۇق ئەگرى يۈزدىن ئۆتىدىغان ئومۇمى ئېلېكتر ئېقىمى $4\pi e$ بولىدۇ. ئوخشاشلا ماگنىت زەرىتى $g$ نى قورشىغان تۇيۇق ئەگرى يۈزدىن ئۆتىدىغان ماگنىت ئېقىمى $4\pi g$ گە تەڭ بولىدۇ.

ئەندى مۇنداق بىر مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى. ئەگەر بىر دانە ئېلېكترون بوشلۇقتىكى تۇيۇق يول $L$ بويىچە بىر ئايلىنىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىپ كەلسە (4 ـ رەسىم) يۇقۇرىدىكى ① ئىپادىدىن ئۇنىڭ دولقۇن فونكتسىيىسىنىڭ فازىسى ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلىش





مۇمكىن. لېكىن بۇ تۇيۇق يول چەكسىز كىچىكلىتىلسە، فازا ئۆزگىرىشىمۇ نۆل بولامدۇ ـ يوق؟ يەنى خۇددى بىزنىڭ بىۋاستە كۆزىتىشىمىز دەك بولامدۇ ـ يوق؟ ئەگەر ماگنىت مەيدانى مەۋجۇت بولسا ياكى ماگنىت مەيدانىدىكى ۋېكتور پاتېنسىيال $\vec{A}$ ئۆزلۈكسىز فونكسىيە بولسا، بۇنداق بىۋاستە كۆزىتىش توغرا بولىدۇ. چۈنكى ① ئىپادىدىكى ئىنتېگرال يولىنىڭ ئۇزۇنلىقى نۆل بولىدۇ. لېكىن يەككە ماگنىت قۇتۇپى مەۋجۇت بولسا، بۇنداق ئويلاش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ستوكس تېئورېمىسى بويىچە ① ئىپادىنى مۇنداق يېزىش مۇمكىن.

$$\Delta\phi = \frac{e}{hc}\iint \vec{B}\cdot\vec{ds} \Leftarrow \frac{e}{hc}(4\pi g) \qquad ②$$



AltunOg

بۇ ئىپادىدىكى يۈز ئىنتېگرالىنىڭ مەنىسى $L$ نى چېگرا قىلغان $S$ يۈزدىن ئۆتكەن ماگنىت ئېقىمى بولغانلىقتىن $L\to o$ دە $S$ يۈز بىر تولۇق ئەگرى يۈزگە ئىنتىلىدۇ. (5 ـ رەسىم) يەككە ماگنىت قۇتۇپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تولۇق ئەگرى يۈزدىن ئۆتىدىغان ئومۇمىي ماگنىت ئېقىمى $4\pi g$ بولىدۇ.




يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ۋاقىتتىكى ھالەتتە ھەر قانداق بىر كۆزگۈتۈش ئۇنىۋېرسال سىغىنى كېرەك، چۈنكى ئېلېكترونىڭ دولقۇن فونكىتسىيىسى ئۈزلۈكسىز بولغاچقا يۇقۇرىدىكى ئۆزگىرىش چەكسىز كىچىك ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ پەقەت فازا بۇلىڭىنىڭ ئۆزگىرىشى $2\pi$ نىڭ پۈتۈن سان ھەسسىسى بولغاندىلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، تەلەپ بويىچە

$$\frac{e}{hc}(4\pi g)=2\pi n$$

بولىدۇ. (بۇنىڭدىكى $n$ خالىغان پۈتۈن سان بولۇشى مۇمكىن) بۇنىڭدىن

$$\frac{eg}{hc}=\frac{n}{2} \qquad ③$$

كېلىپ چىقىدۇ. مانا بۇ دىراك ئوتتۇرىغا قويغان زەرەتنىڭ كوۋانتلىنىش شەرتىدۇر. يەنى زەرەتنىڭ كىچىك بىرلىك $\frac{he}{2g}$ نىڭ پۈتۈن سان ھەسسىسىدىن ئىبارەت. ئېلېكتىر زەررىتى ۋە ماگنىت زەررىتى تۈپ ماھىيەتلىك باغلىنىشقا ئىگىدۇر.

## 4. يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ خۇسۇسىيىتى

يەككە ماگنىت قۇتۇپى نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن بۇيان 40 نەچچە يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ماۋجۇتلىقىنى ئىزدەش توغرىسىدىكى تەجرىبىلەر ئىزچىل ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر ئىز تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، تا يېقىنقى يىللارغىچە گۈپ ساندىكى فىزىكا ئالىملىرى بۇ مەسىلىگە تېخىچە گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلمەكتە. ھازىرچە يەككە ماگنىت قۇتۇپىنى ئىزدەش توغرىسىدىكى تەجرىبىلەر ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەش مۇمكىن.

يۇقۇرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ③ ئىپادىگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر $n=1$ دېسەك، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

1) يەككە ماگنىت قۇتۇپى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىيونلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇ بىر قەدەر يۇقىرى تېزلىكتە، يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ئىيونلىشىش ئىقتىدارى ئېلېكترونىنىڭ 18000 ھەسسىگە تەڭ بولىدۇ. تۆۋەن تېزلىك ھالىتىدىكى ئىيونلىشىش ئىقتىدارى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. دېمەك، يەككە ماگنىت قۇتۇپى بىرەر ماددىدىن ئۆتكەندە ئېنېرگىيىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يوقىتىدۇ. ئۇ فوتو پىلاستىنكىسىدىن ئۆتكەندە، ئىيونلىشىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئىز قالدۇرىدۇ. بۇ خىل ئىزدىن باشتىن-ئاخىر ئىيونلىشىشتا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بايقاشقا بولىدۇ.

2) ئۇ ماگنىت مەيدانىدا تېزلىنىش ئالىدۇ. ماگنىت مەيدان كۈچلىنىشلىكى 1000 ئېرستېد بولغان ماگنىت مەيدانىدا، ھەر بىر سانتىمېتىر ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتكەندە ئۇ 41 $MeV$ ئېنېرگىيىگە ئىگە بولىدۇ.

3) يەككە ماگنىت قۇتۇپى، دىئا ماگنىتلىق ماددىلار بىلەن تېپىشىدۇ. فارا ماگنىتلىق ماددىلار بىلەن تارتىشىدۇ. ئۇنى گىرافىتقا ئوخشاش دىئا ماگنىتلىق ماددىلار ئىچىگە كىرگۈزۈشتە زۆرۈر بولىدىغان ئېنېرگىيە 10 دىن نەچچە ئېلېكترون ۋولت بولسا، $Cr$ غا ئوخشاش فارا ماگنىتلىق ماددىلارنىڭ كىرىستالىدىن تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولىدىغان ئىش تەخمىنەن نەچچە ئون ئېلېكترون ۋولت بولىدۇ.

4) يەككە ماگنىت قۇتۇپى فارا ماگنىتلىق ماددىنىڭ ئاتوم ياكى مالېكۇلىلىرى بىلەن بىردەك باغلانما سىستېمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىرىكىش ئېنېرگىيىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، خىمىيەۋى بىرىكىش ئېنېرگىيىسى بىلەن ئوخشاش كېلىدۇ.

5) ئۇنىڭ ماسسىسى غەلىتە ھالدا بەكمۇ چوڭ بولۇپ، بەزى نەزەرىيىلەرنىڭ ئالدىن پەرەز قىلىشىچە، ئۇنىڭ ماسسىسى پروتون ماسسىسىنىڭ $10^{16}$ ھەسسىسىگە تەڭ. يەنى $2 \times 10^{8}$ مىللىگىرامغا يېتىدۇ دەپ قارالماقتا.

بۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن، كىشىلەر مۇنداق تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بارغان. (1) ئەگەر كائىناتتىن كەلگەن يەككە ماگنىت قۇتۇپى يەر شارىغا چۈشىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىيونلىشىش تۈپەيلىدىن ئۆز ئېنېرگىيىسىنى يوقىتىپ، يەر يۈزىدە توختاپ قېلىشى كېرەك. بۇ چاغدا يەر شارىدىكى تاغ جىنسلىرىنى پارچىلاپ، كۈچلۈك ماگنىت مەيدانىغا قويغاندا، يەككە ماگنىت قۇتۇپلىرى يۆتكىلىپ، ماگنىت مەيدانىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى فوتو پىلاستىنكىسىغا توپلىنىدۇ. فوتو پىلاستىنكىسىنى يۇيۇپ چىقارغاندا، ئۇنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. (2) ئەگەر بۇ تەجرىبىدىكى فوتو پىلاستىنكىسىنىڭ سەزگۈرلۈكى يېتەرلىك دەرىجىدە ياخشى بولمىسا، ئىيونلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان زەررىچىگە نىسبەتەن تېخىمۇ سەزگۈر بولغان تەكشۈرگۈچى ئەسۋابلارنى ياساپ تەكشۈرۈش مۇمكىن. (3) ئەگەر يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك ئاكسېلېراتورنىڭ ئېنېرگىيىسى جۈپ ھالەتتىكى يەككە ماگنىت قۇتۇپلىرىنى ھاسىل قىلالىسا، ئۇ ھالدا، ئۇلار قارىغا ئېلىش نىشانىسى ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ. قارىغا ئېلىش نىشانىسىنى كۈچلۈك ماگنىت مەيدانىغا قويغاندا، ئۇ يەككە ماگنىت قۇتۇپىنى چىقىرىشى كېرەك. بۇنداقتا، ئۇلارنىڭ فوتو پىلاستىنكىسى ياكى تەكشۈرگۈچى ئەسۋاپتا ئىزىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. (4) فوتو پىلاستىنكىسىنى يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ يەككە ماگنىت قۇتۇپلىرىنىڭ ئىزىنى ئىزدەش. (5) ماگنىت ئېقىم ـ

نىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئېلېكتر توكىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، يەككە ماگنىت قۇتۇپىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن بولغان تاغ جىنسلىرى ئەۋرەكسى، ئۇلارنى ئۆتكۈزگۈچلۈك ئۇراملىق غالتەكتىن كۆپ قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن. گەرچە يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ماگنىت ئېقىمى ئىنتايىن ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ھاسىل بولىدىغان ئەگەشمە توك ئۇلارنى ئۆتكۈزگۈچلۈك ئۇراملىق غالتەكتە ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنى ئۇراملىق غالتەكتىن تەكرار ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئېلېكتر توكى توپلىنىپ، ئۆلچىگىلى بولىدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ.

كىشىلەر ئۇزۇندىن بۇيان يەككە ماگنىت قۇتۇپىنى ئىزلىگۈچى ئىزدەپ كەلدى. بۇ تەتقىقاتلاردا دەسلەپكى چاغلاردا ئالەملىك نۇر تەجرىبىسى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك ئاكسىلەتورلاردا ۋە سۈنئىي ھەمراھلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەر ئاي شارى ۋە چوڭقۇر دېڭىز قاتلىمىدىن ئېلىنغان تاغ جىنسلىرى ئەۋرىشكىلىرىنى تەھلىل قىلىش تەجرىبىلىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ، يەككە ماگنىت قۇتۇپىنى ئاسمان - زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىن ئىزدىدى. ئەمما شۇنچە باش قاتۇرۇپ ئىزدىگەن بولسىمۇ يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ماۋجۇتلۇقى توغرىسىدا ئازراقمۇ دېرەك ئالالمىدى.


## 5. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەككە ماگنىت قۇتۇپى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش

ئامېرىكىنىڭ ئىككى ئالىي مەكتەپتىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ 1975 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان كەشپىياتى فىزىكا ئالىملىرىنى زىلزىلىگە سالغان ئىدى. ئۇلار بىر دانە قاتتىق جىسىم ھالىتىدىكى پولىكاربوناتلىق تەكشۈرگۈچى ئەسۋاب بىلەن كۆپ قەۋەتلىك فوتو پلاستىنكىسى ئاچىلانغان ھاۋا شارىنى 40 كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىپ 62 سائەتتىن كېيىن قايتۇرۇپ ئالغان. كېيىنكى تەكشۈرۈشتە تەكشۈرگۈچى ئەسۋاب بىلەن فوتو پلاستىنكىسىدا ناھايىتى چوڭ ئىئونلىشىش ئىزى بايقالغان ھەمدە بۇ ئىز ئۈستىدە باشتىن - ئاخىر ئىئونلىشىش ئىزىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى ئېنىقلانغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىزنى ئۇلار ماسسىسى پروتوننىڭ ماسسىسىدىن 200 ھەسسىدىن چوڭراق بولغان يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ قالدۇرغان ئىزى دەپ ئىزاھلىغان.

ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ خىل ئىزاھلاش كەڭ تۈردە رەت قىلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى، بۇ خىل ئىزاھلاش ئىستاتىستىكا ئىلمى جەھەتتە مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ تەجرىبىنىڭ كۆرسەتكۈچ سانى تەكشۈرگۈچى ئەسۋاپنىڭ يۈزى بىلەن يورۇقلۇق چۈشۈش ۋاقتىنىڭ كۆپەيتمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ نەتىجىسى ئىنكار قىلىنغان بۇرۇنقى تەجرىبە كۆرسەتكۈچىگە قارىغاندا بىر مىليون ھەسسە كىچىك بولغاچقا، ئىستاتىستىكا جەھەتتىن ئالغاندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى ناھايىتى ئېغىر ئاتوم يادروسى ياكى ناھايىتى ئېغىر ئاتتىي زەررىچىنىڭ قالدۇرغان ئىزى دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

كېيىن 1982 - يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ *Cabrera* دىكى

بىر تەجرىبىسىنى فىزىكا ساھەسىنى يەنە بىر قېتىم چوڭ زىلزىلىگە سالدى . بۇ تەجرىبىنىڭ لايىھە ۋە ئۈسكۈنىسى بەكمۇ ئاددىي بولۇپ ، ئىنتايىن يۇقۇرى ئېنىقلىق ۋە ماھارەتنى تەلەپ قىلاتتى . تەكشۈرگۈچى ئەسۋاپ دىيامېتىرى 5 $cm$ لىقتىن جەمئىي 4 ئۆرامىلىق نىيوبدىن ياسالغان ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچلۈك ئۆراملىق غالتەكتىن ئىبارەت بولۇپ بۇ بەك سەزگۈر بولغان ماگنىت ئېقىمىنى ئۆلچىگۈچى ئەسۋاپ $SQUID$ نىڭ دەسلەپكى ئۆرامىغا ئۇلانغان . يەككە ماگنىت قۇتۇپى نىيوبىدىلىق ئۆراملىق غالتەكتىن ئۆتكەندە ، ئۆراملىق غالتەكتە ناھايىتى ئاجىز توك بارلىققا كېلىدۇ . ئاندىن كېيىن بۇ $SQUID$ دا خاتىرىلىنىدۇ . بۇ ئەسۋاپنى باشقا ماگنىت مەيدانلىرىنىڭ تەسىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن ، پۈتۈن تەكشۈرگۈچى ئەسۋاپ دىيامېتىرى 20$Cm$ ، ئېگىزلىكى 100$Cm$ بولغان ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچلۈك قوغۇشۇن توڭ ئىچىگە ئورالغان . توڭ ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچلۈك ھالەتتىكى قوغۇشۇن قەغەزدىن يۆگەپ ياسالغان $Meissner$ ئەففېكتى تۈپەيلىدىن ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچ ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى بىلەن تېپىشىدۇ ، شۇ سەۋەپلىك يەر شارى ماگنىت مەيدانىغا ئوخشاش ئارىلىشىپ كېتىشى مۇمكىن بولغان ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى توڭنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ . شۇڭلاشقا پەقەت ماگنىت يەككە قۇتۇپى بۇ تەكشۈرگۈچى كاتوشكىدىن ئۆتكەندىلا ئاندىن توكنىڭ ئىندوكسىيىلىنىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . بۇ تەجرىبە ئۈزلۈكسىز ھالدا 151 كۈن ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن $Cabrera$ دىكى قۇرۇلما ، ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچتىكى توكنىڭ پەقەت بىرلا قېتىم تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەن ( 5 - رەسىم ) بۇ ئۆزگىرىش دىراك كوۋانتلىنىش شەرتى ( 3 ) دىكى يەككە ماگنىت قۇتۇپى ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچلۈك ئۆراملىق غالتەكتىن ئۆتكەندە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان توكنىڭ ئۆزگىرىشىنى قانائەتلەندۈرىدۇ.




بۇ يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى توغرىسىدىكى پاكىتلاردىن بىرسى بولسىمۇ ، لېكىن بىرلا پاكىت بىلەن يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ . ھازىر $Cabrera$ نى ئۆز ئەمگىكە ئالغان نۇرغۇن فىزىكا ئالىملىرى يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ماۋجۇتلىقى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى داۋاملىق ئېلىپ بارماقتا ، لېكىن ھازىرغىچە يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش ئىككىنچى بىر پاكىتنىڭ تېپىلغىنى يوق.

## 6 . يەككە ماگنىت قۇتۇپىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

يەككە ماگنىت قۇتۇپى توغرىسىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە چوڭ قىزىقىش بولىدۇ ؟ بۇ مەسىلە فىزىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلىلىرى بىلەن چېتىشلىق بولۇپ ، بۇ مەسىلىنى دەسلەپتە 1913 - يىلى دىراك ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى . ئەمما بۇ ھەقتە ئىزچىل ھالدا ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ماۋجۇتلىقىنى دەلىللەيدىغان بىرەر كەشپىيات ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقتىن ، ئۇ بىر خىل تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىلىپ كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئاجايىپ غەلىتە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ كۆپلىگەن فىزىكا

ئالىملىرىنى ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقى توغرىسىدىكى ئىمكانىيەتنى چەتكە قېقىشقا مەجبۇر قىلغان.

لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۈچلۈك ئۆز ئارا تەسىرلەرنىڭ قېلىپلاشقان نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار، يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن، ئۇنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگۈچانلىق ھالىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قارىغاندا، ئانچىلا غەلىتە ئەمەس دېگەن كۆز قاراشقا ئېلىپ كەلدى. تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولمىغىنى شۇكى، ئەگەر يەككە ماگنىت قۇتۇپى مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇ ناھايىتى چوڭ ماسسىغا — تەخمىنەن پروتون ماسسىسىنىڭ $10^{16}$ ھەسسىسىگە تەڭ بولغان ماسسىغا — ئىگە بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بىر نۇقتىۋى زەررىچە ئەمەسلىكىدۇر.

ئۇنىڭ غايەت چوڭ ماسسىغا ئىگە بولۇشى — ئۇنى ھازىرغىچە يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك ئاكسەلەتورلاردا ھاسىل قىلغىلى بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، ئېھتىمال ئىنسانلار ئۇنى تەجرىبىخانىدا ياساپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنى ياساپ چىقىش مۇمكىن بولىدىغان بىردىن - بىر «تەجرىبىخانا» چوڭ پارتلاشنىڭ دەسلەپكى ھالىتىدە تۇرغان ($10^{-35}$ $Sec$) كائىنات بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ۋاقىتتا، تېمپېراتورا ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن ($\sim 10^{30}K$) ئوڭ - تەتۈر يەككە ماگنىت قۇتۇپلىرى جۈپ ھالەتتە ھاسىل بولۇپ، كائىناتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى كېڭىيىشى ۋە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن ئوڭ، تەتۈر يەككە ماگنىت قۇتۇپلىرى يوقالغان، ئەمما خېلى بىر قىسىم يەككە ماگنىت قۇتۇپلىرى ساقلىنىپ قېلىپ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

يەككە ماگنىت قۇتۇپىنى تەتقىق قىلىش تۆپكى نەزەرىيە مەسىلىلىرىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بىزنىڭ كائىناتنى بىلىشىمىز بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىر دانە يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ماسسىسى $10^{16}$ دانە پروتوننىڭ ماسسىسى بىلەن تەڭ بولغانلىقتىن، كائىناتتىكى يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ سانىنىڭ كائىناتتىكى ماددىلارغا بولغان تەسىرى بەكمۇ چوڭ بولىدۇ. كائىناتتىكى ماددىنىڭ ئومۇمىي ماسسىسى كائىناتنىڭ «تەقدىرى» نى يەنە داۋاملىق كېڭىيىپ كېتىۋېرىش ياكى كېڭىيىش تېزلىكى ئاستىلىشىپ، ئاندىن كېيىن تارىيىشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىنى بەلگىلەيدۇ. ھازىرقى بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ پەرەز قىلىشىچە كۈچلۈك ئۆز ئارا تەسىر، ئېلېكترو ماگنىتلىق ئۆز ئارا تەسىر ۋە ئاجىز ئۆز ئارا تەسىرلەرنى ئېھتىمال بىر تۇتاش نەزەرىيە بىلەن شەرھلەش مۇمكىن. بۇ نەزەرىيىنىڭ پەرىزى بويىچە باشلانغۇچ كائىناتتا پروتوننىڭ سانى بىلەن يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ سانى ئاساسەن تەڭ بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ سانى بەكمۇ چوڭدۇر. بۇنداق چوڭ سان ئەمەلىي پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى كائىناتنىڭ كېڭىيىش سۈرئىتى كائىناتتىكى ماددىنىڭ ماسسىسىغا مۇناسىۋەتلىك، كائىناتنىڭ كېڭىيىش سۈرئىتىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئۆلچەپ چىقىش مۇمكىن. ئەگەر كائىناتتىكى يەككە ماگنىت قۇتۇپىنىڭ سانى شۇنداق كۆپ بولىدىغان بولسا، كائىناتنىڭ كېڭىيىش سۈرئىتى ھازىرقى ئۆلچەپ چىقىلغان سۈرئەتكە ئوخشىمىغان بولاتتى. بۇ مەسىلە ھازىر نۇرغۇن يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك فىزىكا ئالىملىرى بىلەن كوسمولوگىيە ئالىملىرىنى قايمۇقتۇرماقتا.

ئومۇمەن يەككە ماگنىت قۇتۇپى ھازىرقى يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك فىزىكىسى تەتقىق قىلىۋاتقان مەركىزى تېمىلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. كىشىلەر پات ئارىدا ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ تەجرىبە ۋە نەزەرىيە جەھەتتە تولۇق ئايدىڭلىشىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە.

**جاپپار روزى تەرجىمىسى**



Altun0q

# ،،زۆرۈر شەرت،، ، ،،يېتەرلىك شەرت،، ، ،،زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرت،، لەر ھەققىدە ئىزاھلار

ئابدىقەييۇم توختى

"زۆرۈر شەرت"، "يېتەرلىك شەرت"، "زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرت" لەردىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇلار، مۇكەممەل، تولۇق، مەزمۇنلۇق، مۇستەقىل ئۈچ خىل چۈشەنچە بولۇپ، بۇ ئۇقۇملارنىڭ ماتېماتىكىدىكى بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ماتېماتىكىدىكى رولى ئىنتايىن زوردۇر. شۇنىڭدەك ماتېماتىكا لوگىكىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

يەنى بىلىملىرى تېخى مۇكەممەل بولمىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ مەزمۇنلارنى توغرا تونۇش، پۇختا ئىگىلەش ۋە بىر - بىرىدىن پەرق ئېتىش مەسىلىسى قىيىن بىر ئىشتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ئاتالغۇلار ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكىدە خەنزۇچىدىن خاتا ھالدا ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنىپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا نۇرغۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىزدىن بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. مەن تۆۋەندە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشىغا ئازراق بولسىمۇ ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىتتە يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئۈستىدە ئازراق ئىزاھات بېرىپ ئۆتىمەن.

## 1 . زۆرۈر شەرت ھەققىدە

ناھايىتى رۇشەنكى، زۆرۈر دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى "كەم بولسا بولمايدىغان" دېگەندىن ئىبارەت. "زۆرۈر شەرت"نى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە تۆۋەندە تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ماتېماتىكىدىن بىر قانچە مىسال كەلتۈرەيلى.

1 . يامغۇر ياققاندا چوقۇم ئاسماندا بۇلۇت بولىدۇ. دېمەك بۇ يەردە يامغۇرنىڭ يېغىشى ئۈچۈن ئاسماندا بۇلۇتنىڭ بولۇشى زۆرۈر شەرتتۇر (كەم بولسا بولمايدىغان شەرتتۇر).

2 . بازاردىن بىر دانە قول سائىتى سېتىۋېلىش ئۈچۈن چوقۇم يانچۇقتا پۇل بولۇشى لازىم. بۇ يەردە پۇلنىڭ بولۇشى سائەت سېتىۋېلىش ئۈچۈن زۆرۈر شەرتتۇر.

3. بىلىشنىڭ ھايات تۇرۇشى ئۈچۈن سۇنىڭ بولۇشى لازىم. بۇ يەردە بىلىقنىڭ ھاياتلىقى بولۇشى ئۈچۈن سۇنىڭ بولۇشى زۆرۈرشەرتتۇر.

4. $\angle A$ بىلەن $\angle B$ ئۆز ئارا قارىمۇ - قارشى چوققىلىق بولۇۋاتقان بولسا ئۇ ھالدا چوقۇم $\angle A = \angle B$ بولىدۇ. بۇ يەردە $\angle A = \angle B$ بولۇشى $\angle A$ بىلەن $\angle B$ نىڭ قارىمۇ - قارشى چوققىلىق بۇلۇڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتتۇر.

5. $\triangle ABC \cong A^1B^1C^1$ بولسا چوقۇم $S = S^1$ بولىدۇ. ئىككى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەڭ بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەيدانلىرىنىڭ تەڭ بولۇشى زۆرۈر شەرتتۇر.

6. $y = x$ بولسا ئۇ ھالدا چوقۇم $x^2 = y^2$ بولىدۇ. $y^2 = x^2$ بولۇشى $x = y$ بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر.

7. چەكسىز كۆپ سانلار قاتارى $a_1 + a_2 + \cdots + a_n + \cdots$ نىڭ ھەممە ئەزاسىنىڭ يىغىندىسى تۇراقلىق چەكلىك سان $S$ گە تەڭ بولسا ئۇ ھالدا چوقۇم $\lim_{n \to \infty} a_n = 0$ بولىدۇ. بۇ يەردە قاتارنىڭ ئومۇمى ئەزاسىنىڭ $n \to \infty$ دە لىمىتى نۆل بولۇشى قاتارنىڭ ھەممە ئەزاسىنىڭ يىغىندىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر.

8. ئەگەر $y = f(x)$ فۇنكتسىيىسىنىڭ $x = x_0$ نۇقتىدىكى ھاسىلىسى ماۋجۇت بولسا ئۇ ھالدا بۇ فۇنكتسىيە چوقۇم $x = x_0$ نۇقتىدا ئۈزلۈكسىز بولىدۇ. دېمەك فۇنكتسىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز بولۇشى ئۇنىڭ ھاسىلىگە ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر.

9. $\triangle ABC$ دا ئەگەر $AB = AC$ بولسا، ئۇ ھالدا چوقۇم $\angle B = \angle C$ بولىدۇ. ئاساسى بۇلۇڭلارنىڭ تەڭ بولۇشى بۇ ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەڭ يانلىق ئۈچ بۇلۇڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر.

10. $ox$ ئوقىغا تىك بولمىغان ئىككى تۈز سىزىق $l_1$ ۋە $l_2$ لار ئۆز ئارا تىك بولسا ئۇ ھالدا يانتۇلۇقلىرىنىڭ كۆپەيتمىسى 1 - گە تەڭ بولىدۇ. پاراللېل بولسا يانتۇلۇقلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولىدۇ. بۇ يەردە $K_1K_2 = -1$ بولۇشى ئۈچۈن، $l_1 \perp l_2$ بولۇشى، $l_1 \| l_2$ بولۇشى ئۈچۈن $K_1K_2$ بولۇشى زۆرۈر شەرتلەردۇر. بۇ مىساللاردىن زۆرۈر شەرتكە تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بېرەلەيمىز:

1. ئېنىقلىما: $B$ نەتىجىنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان $A$ شەرت $B$ نەتىجىنىڭ زۆرۈر شەرتى دېيىلىدۇ.

ئۇ مۇنداق بەلگىلىنىدۇ: $B \Rightarrow A$

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى لازىمكى: ① زۆرۈر شەرت ئورۇنلۇق بولمىسا ئۇ ھالدا نەتىجە ھەرگىز يۈز بەرمەيدۇ. مەسىلەن: سۇ بولمىسا بېلىق ھايات تۇرالمايدۇ. پۇل بولمىسا ھەرگىز سائەت سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئاساسىدىكى بۇلۇڭلار تەڭ بولمىسا قارشى ياتقان تەرەپلەر تەڭ بولمايدۇ. فۇنكتسىيە ئۈزلۈكسىز بولمىسا ھاسىلىسى ئۈستىدە سۆز ئېچىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ۋاھاكازالار....

② زۆرۈرشەرت ئورۇنلۇق بولغان تەقدىردە نەتىجىنىڭ يۈز بېرىشى ناتايىن. مەسىلەن: ئاسماندا بۇلۇت بولسىمۇ يامغۇرنىڭ يېغىشى ناتايىن. فۇنكتسىيە ئۈزلۈكسىز بولسىمۇ ئۇنىڭ ھاسىلىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ناتايىن. مەيدانلىرى تەڭ بولغان ئۈچ بۇلۇڭنىڭ چوقۇم تەڭ ئۈچ بۇلۇڭ بولۇشى ناتايىن.

③ بىر مەسىلىدە نەتىجىنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان زۆرۈر شەرت بىرلا بولماستىن بىر قانچە بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن: سىز قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىمەن دېسىڭىز بۇ ئىش ئەمەلگە ئېشىش ئۈچۈن بىرىنچى سىزنى قەشقەردىن قويۇۋېتىشى لازىم. ئىككىنچى، ئۈرۈمچىدىن قانداقتۇر بىر ئورۇن سىزنى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى لازىم. بۇ ئىككى شەرت تەڭ كۈچلۈك شەرتلەردۇر.

كومپلېكس ئۆزگۈرۈچى فونكتسىيىنىڭ ئانالىتىك بولۇشى ئۈچۈن ① فونكتسىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز بولۇشى زۆرۈر. ② كوش - رىمان شەرتى ئورۇنلۇق بولىشىمۇ زۆرۈر. بۇلارمۇ تەڭ كۈچلۈك زۆرۈر شەرتلەردۇر.

## 2 . يېتەرلىك شەرت ھەققىدە

2- ئېنىقلىما: $B$ نەتىجىنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان $A$ شەرت يېتەرلىك شەرت دېيىلىدۇ.

ئۇ مۇنداق بەلگىلىنىدۇ: $A \Rightarrow B$.

بۇ $A$ شەرت ئورۇنلۇق بولغاندا چوقۇم $B$ نەتىجە ئورۇنلۇق بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن:

1 . $\triangle ABC$ دا $AB = AC$ بولۇشى ئۈچۈن $\angle B = \angle C$ بولۇشى يېتەرلىكتۇر.

2 . بىر ئۈچ بۇلۇڭدا بىر تەرەپكە چۈشۈرۈلگەن مېدىيانە شۇ تەرەپنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولۇشى ئۈچۈن شۇ بۇلۇڭ تىك بولۇڭ بولۇشى يېتەرلىكتۇر.

3 . يۈز سوملۇق قول سائىتى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن يانچۇقتا يۈز سوم پۇلنىڭ بولۇشى يېتەرلىكتۇر. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى لازىمكى:

① نەتىجىنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەرتتىن ئارتۇق شەرتلەرنىڭ بېرىلىشى ماتېماتىكىدا غەلىتە، بىنورمال ئەھۋال بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال ماتېماتىكىلىق جۈملىلەردە يۈز بېرىپ قالسا ئۇ ھالدا بۇ ماتېماتىكىدىكى لوگىكا قوپاللىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ يېتەرلىك شەرت دېگىنىمىز بۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتمايدۇ. پەقەت شۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەرتلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: ئىككى دانە تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئۆز ئارا ئوخشاش بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىردىن تار بۇلۇڭى تەڭ بولۇشى يېتەرلىكتۇر. ئۇنداق دېيىلمەستىن ئىككى تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ ئوخشاش بولۇشى ئۈچۈن بىردىن تار بۇلۇڭى تەڭ ھەم ئىككى تەرىپى تاناسىپ تۈزۈلۈشى لازىم دېيىلسە ئۇ ھالدا سىز بۇ مەسىلىنى كۆرگەندىن كېيىنلا غەلىتىلىك ھېس قىلىسىز. يۈز يۈەنلىك سائەتنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن يېنىڭىزدا پەقەت 100 سومنىڭلا بولۇشى يېتەرلىك. ئۇنىڭدىن ئوشۇق پۇلنىڭ بولۇشى بۇ ئىش يۈز بېرىش ئۈچۈن ئەھمىيەتسىزدۇر.

## 3 . زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرت ھەققىدە

"زۆرۈر ۋە يېتەرلىك" دېگەن بۇ بىر پۈتۈن ئاتالغۇ بولۇپ ئۇنىڭدىكى زۆرۈر بىلەن يېتەرلىك دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ "يېتەرلىك ۋە زۆرۈر" دەپ ئاتىساقمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەمما ئالدىدىكىدەك ئاتاش كېيىنكى ئاتاشقا قارىغاندا ئاتاشقا ئەپلىك، لوگىكىسى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. شۇڭا ئالدىدىكىدەك ئاتاشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

3 ـ ئىپادىلىما: ئەگەر ئەنجىسىنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئىمارلا ۋاقىتتا ھەم زۆرۈر ھەم يېتەرلىك بولىدىغان شەرت زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرت دېيىلىدۇ. ئۇ مۇنداق بەلگىلىنىدۇ: $A \leftrightarrow B$.

مەسىلەن: 1. $\triangle ABC$ دا $AB = AC$ بولۇشى ئۈچۈن $\angle B = \angle C$ بولۇشى زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرتتۇر.

2. $p(x_0, y_0)$ نۇقتا $x^2 + y^2 = 1$ چەمبەر ئۈستىدە بولۇشى ئۈچۈن $x_0^2 + y_0^2 = 1$ بولۇشى زۆرۈر ۋە يېتەرلىكتۇر.

3. ئىككى تۈز سىزىق $l_1$ بىلەن $l_2$ لارنىڭ ① ئۆز ئارا تىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يانتۇلۇقلىرىنىڭ كۆپەيتمىسى 1- گە تەڭ بولۇشى ② پاراللېل بولۇشى ئۈچۈن يانتۇلۇقلىرى ئۆز ئارا تەڭ بولۇشى زۆرۈر ۋە يېتەرلىكتۇر. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، بەزى ئاددى جەريانلاردا زۆرۈر شەرتلەر بىلەن يېتەرلىك شەرتلەر ناھايىتى روشەن بولىدۇ. كىشىلەر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەنلا ئۇلارنى دەرھال پەرق ئېتەلەيدۇ. مەسىلەن: يامغۇر ياققاندا ئاسماندا بۇلۇتنىڭ بولۇشىنى كىشىلەر دەرھاللا ھېس قىلالايدۇ. ئەمما مۇرەككەپ جەريانلاردا ئۇلارنى پەرق ئېتىش ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇنداق ۋاقىتتا ھېسسىياتقا تايىنىپلا خۇلاسە چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇنى چوڭقۇر ئىسپاتلاش لازىم.

مەسىلەن: $y = f(x)$ فۇنكسىيىسىنىڭ $x = x_0$ نۇقتىدىكى ھاسىلىسى $f'(x_0)$ ماۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن بۇ فۇنكسىيە شۇ نۇقتىدا ئۈزلۈكسىز بولۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكىچە ئىسپاتلايمىز:

ئالايلى: $f'(x_0)$ مەۋجۇت بولسۇن. بۇ دېگەنلىك:

$$\lim_{x \to x_0} \frac{f(x) - f(x_0)}{x - x_0} = f'(x_0) \text{ مەۋجۇت}$$

دېگەنلىكتۇر. ئەمدى بىز $f(x)$ نىڭ $x = x_0$ نۇقتىدا

$$\lim_{x \to x_0} f(x) = f(x_0)$$

بولۇشىنى ئىسپات قىلىشىمىز لازىم.

$$\because \lim_{x \to x_0} \left[f(x) - f(x_0)\right] = \lim_{x \to x_0} \left[\frac{f(x) - f(x_0)}{x - x_0}(x - x_0)\right]$$

$$= \lim_{x \to x_0} \frac{f(x) - f(x_0)}{x - x_0} \cdot \lim_{x \to x_0} (x - x_0) = f'(x_0) \cdot 0 = 0$$

$$\therefore \lim_{x \to x_0} f(x) = f(x_0)$$

ئورۇنلۇق.

ياكى $f(x)$ نىڭ $x = x_0$ نۇقتىدا ئۈزلۈكسىز بولۇشىنى تۆۋەندىكىچە ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

$$\lim_{x\to x_0}\frac{f(x)-f(x_0)}{x-x_0}=f^{1}(x_0)$$ چۈنكى


ماۋجۇت. ھەمدە $x \to x_0$ بولغاندا $(x-x_0)$ چەكسىز كىچىك مىقداردۇر.

شۇڭا $[f(x)-f(x_0)]$ مۇ چەكسىز كىچىك مىقدار بولۇپ، $(x-x_0)$ بىلەن بىر خىل تەرتىپلىك چەكسىز كىچىك مىقداردۇر.

$$\therefore \lim_{x\to x_0}[f(x)-f(x_0)]=0 \qquad \therefore \lim_{x\to x_0}f(x)=(x_0)$$

$f(x)$ فۇنكسىيىسىنىڭ $x=x_0$ نۇقتىدا ئۈزلۈكسىز بولۇشى ئۇنىڭ شۇ نۇقتىدا ھاسىلىسى مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر مىسال كەلتۈرۈش كۇپايىدۇر.

رۇشەنكى $f(x)=|x|=\begin{cases} x & x>0 \\ 0 & x=0 \\ -x & x<0 \end{cases}$ فۇنكتسىيە پۈتۈن سان ئوقىدا ئۈزلۈكسىز




جۈملىدىن $x=0$ نۇقتىدىمۇ ئۈزلۈكسىزدۇر

ئۇنىڭ گىرافىكى تۆۋەندىكىچە بولىدى.

$x=0$ نۇقتىدىكى ھاسىلىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئوڭ ۋە سول لىمىتىنى تاپايلى.

$$\lim_{x\to 0-0}\frac{f(x)-f(x_0)}{x-x_0}=\lim_{x\to 0-0}\frac{-x-0}{x-0}=-1$$

$$\lim_{x\to +0}\frac{f(x)-f(x_0)}{x-x_0}=\lim_{x\to +0}\frac{x-0}{x-0}=1$$

$$f^{1}(0-0)\neq f^{1}(0+0)$$

شۇڭا $f^{1}(0)$ مەۋجۇت ئەمەس.

خۇلاسە: زۆرۈر شەرت، يېتەرلىك شەرت، زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرت دىگەن بۇ ئۇقۇملار مۇستەقىل، تولۇق مەنىلىك ئاتالغۇلار بولۇپ زۆرۈر شەرتنىڭ يېتەرلىك شەرت بولۇشى ناتايىن. يېتەرلىك شەرتنىڭ زۆرۈر شەرت بولۇشىمۇ ناتايىن.

زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرتتە بولسا، زۆرۈر شەرت ئەينى ۋاقىتتا ھەم يېتەرلىك شەرتتۇر. يېتەرلىك شەرت ئەينى ۋاقىتتا ئوخشاشلا زۆرۈر شەرتتۇر.



AltunOq

# لىمىتنى ئىسپاتلاش ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلى

گەن جىڭجى

بۇ ــ دىففېرېنسىال، ئىنتېگرال ئىلمىنى سۆزلەش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىرىمدۇر. سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقتىن كەمچىلىك ـ خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئى. شۇڭا كەڭ كىتابخانلار ـ نىڭ تەنقىت قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىغىنىڭ لىمىتى

### 1 . ئېنىقلىمىدىن پايدىلىنىپ لىمىتنى تەكشۈرۈش:

لىمىتنىڭ ئېنىقلىمىسى بەزى لىمىتنى ھېسابلاشنىڭ ھېچقانداق ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. لېكىن ئېنىقلىمىدىن پايدىلىنىپ لىمىتنى تەكشۈرۈش مۇمكىن.

**چەكلىك لىمىت:** ئەگەر ئىختىيارى ئالدىن بېرىلگەن $\varepsilon>0$ غا نىسبەتەن، دائىم بىر ناتورال سان $N=N(\varepsilon)$ ماۋجۇت بولۇپ، $n>N$ بولغاندا

$$|x_n - a|<\varepsilon$$

تەڭسىزلىك ئورۇنلۇق بولسا ئۇ ھالدا، سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىغى $\{x_n\}$ نىڭ لىمىتى $a$ ياكى $a$ غا يېقىنلىشىدۇ دېيىلىدۇ. ئۇ:

$$\lim_{n\to\infty} x_n = a$$

دەپ يېزىلىدۇ.

خۇسۇسى ھالدا ئەگەر سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىغى $\{x_n\}$ نىڭ لىمىتى $0$ بولسا، ئۇ ھالدا سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىغى $\{x_n\}$ چەكسىز كىچىك مىقدار ياكى چەكسىز كىچىكلىك دېيىلىدۇ. چەكلىك لىمىتقا ئىگە بولىدىغان سانلار، ئارقىمۇ ـ ئارقىلىغى يىراقلاشقۇچى دېيىلىدۇ.

**چەكسىز لىمىت:** ئەگەر ئىختىيارى بېرىلگەن $R>0$ غا نىسبەتەن، دائىم بىر ناتۇرال سان $N=N(\varepsilon)$ ماۋجۇت بولۇپ، $n>N$ بولغاندا

$$|x_n|>R$$

تەڭسىزلىك ئورۇنلىنىدىغان بولسا، ئۇ هالدا سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقى $\{x_n\}$ چەكسىز چوڭ مىقدار ياكى چەكسىز چوڭلۇق دېيىلىدۇ. ئۇ

$$\lim_{n\to\infty} x_n=\infty$$

دەپ يېزىلىدۇ.

چەكسىز چوڭ مىقدار بولسا $\infty$ گە يېراقلىشىدىغان سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقىدۇر.

## تەكشۈرۈش ئۇسۇلى:

1. سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقى $\{x_n\}$ نىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ تەڭسىزلىك

$$|x_n|>R \quad \text{ياكى} \quad |x_n-a|<\varepsilon$$

نى يېشىپ $N(\varepsilon)$ نى ياكى $N(R)$ نى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز.

2. ئەگەر

$$|x_n|>|Z_n| \quad \text{ياكى} \quad |x_n-a|\leqslant y_n$$ بولۇپ،

$$|x_n|>R \quad \text{ياكى} \quad |x_n-a|<\varepsilon$$

تەڭسىزلىكلەرنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن، پەقەت:

$$|y_n|<\varepsilon \quad \text{ياكى} \quad |Z_n|>R$$

تەڭسىزلىكلەر ئورۇنلۇق بولسىلا بولىدى.

يۇقۇرىدىكى كۆچەيتىلگەن تەڭسىزلىكلەردىن $N(\varepsilon)$ ياكى $N(R)$ نى تېپىش دائىم بىزگە ئوڭايلىق تۇغدۇرىدۇ.

3. ئەڭ كىچىك $N(\varepsilon)$ ياكى $N(R)$ نى تېپىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. پەقەت تېپىلغان $N(\varepsilon)$ ياكى $N(R)$ لار $N$، $n>N$ بولغاندا،

$$|x_n|>R \quad \text{ياكى} \quad |x_n-a|<\varepsilon$$

تەڭسىزلىكلەرنى ئورۇنلۇق قىلسىلا بولىدۇ. شۇڭلاشقا تەڭسىزلىكلەرنى يېشىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن، تېپىلغان $N(\varepsilon)$ ياكى $N(R)$ لارمۇ ئوخشىمايدۇ.

1 - مىسال: سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقى:

$$1,\ \frac{1}{2},\ \frac{1}{3},\ \frac{1}{4},\ \ldots\ \frac{1}{n}\ \ldots$$

$$-1,\ -\frac{1}{2},\ -\frac{1}{3},\ -\frac{1}{4},\ \ldots,\ -\frac{1}{n}\ \ldots\ldots$$

$$1,\ -\frac{1}{2},\ \frac{1}{3},\ -\frac{1}{4},\ \ldots,\ \frac{(-1)^{n-1}}{n}\ \ldots\ldots$$

لارنىڭ ھەممىسىنىڭ لىمىتى $0$ بولىدىغانلىقىنى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

$$x_n - 0 = \frac{1}{n}$$

بولغانلىقتىن ئىختىيارى بېرىلگەن $\varepsilon>0$ غا نىسبەتەن

$$\frac{1}{n}<\varepsilon$$

تەڭسىزلىكنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن پەقەت $n>\frac{1}{\varepsilon}$ تەڭسىز ئورۇنلۇق بولسا بولىدى.

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $\varepsilon>0$ غا نىسبەتەن دائىم شۇنداق بىر ناتۇرال سان $N=\left[\frac{1}{\varepsilon}\right]^{(*)}$ مەۋجۇتكى $n>N$ بولغاندا يەنى $n>N+1=\left[\frac{1}{\varepsilon}\right]+1>\frac{1}{\varepsilon}$ بولغاندا

$$x_n = \frac{1}{n}<\varepsilon$$

بولىدۇ.

ئېنىقلىمىغا ئاساسەن بىلەلەيمىزكى:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1}{n}=0$$

$$\lim_{n\to\infty}\left(-\frac{1}{n}\right)=0$$

$$\lim_{n\to\infty}\frac{(-1)^{n-1}}{n}=0$$

2. مىسال: سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى:

$$1,\ \frac{3}{2},\ \frac{1}{3},\ \frac{3}{4},\ \frac{1}{5}\ \ldots\ldots\ \frac{2+(-1)^n}{n}\ \ldots\ldots$$

---

(*) $[x]$: $x$ دىن ئېشىپ كەتمەيدىغان ئەڭ چوڭ پۈتۈن ساننىڭ لىمىتى $0$ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش كېرەك.

ئىسپات :

$$\left|x_n - 0\right| = \frac{2+(-1)^n}{n} \leq \frac{3}{n}$$

بولغانلىقتىن

$$|x_n| < ع$$

تەڭسىزلىكنىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن ، پەقەت تەڭسىزلىك

$$n > \frac{3}{ع} \quad \text{يەنى} \quad \frac{3}{n} < ع$$

ئورۇنلۇق بولسا بولىدى .

دېمەك : ئىختىيارى بېرىلگەن $0 <$ ع غا نىسبەتەن ، دائىم شۇنداق بىر ناتۇرال سان

$N = \left[\frac{3}{ع}\right]$ مەۋجۇتكى $n > N$ بولغاندا

$$\left|\frac{2+(-1)^n}{n}\right| < ع$$

ئورۇنلۇق بولىدۇ .

ئېنىقلىمىغا ئاساسەن بىلەلەيمىزكى:

$$\lim_{n\to\infty} \frac{2+(-1)^n}{n} = 0$$

3 ـ مىسال : سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى

$$0 , 1 , 0 , \frac{1}{2}, 0 , \frac{1}{3} , \ldots\ldots\ldots \frac{1+(-1)^n}{n}, \ldots\ldots\ldots$$

نىڭ لىمىتى $0$ بولغانلىقىنى ئىسپات قىلىش كېرەك .

ئىسپات :

$$\left|x_n - 0\right| = \left|\frac{1+(-1)^n}{n}\right| < \frac{2}{n}$$

بولغانلىقتىن، 2 ـ مىسالدىكىگە ئوخشاش، ئىختىيارى بېرىلگەن $0<$ع غا نىسبەتەن، دائىم شۇنـ

داق ناتۇرال سان $N = \left[\frac{2}{ع}\right]$ مەۋجۇتكى $n > N$ بولغاندا

$\left|\frac{1+(-1)^n}{n}\right| < \varepsilon$

ئورۇنلۇق بولىدۇ . ئېنىقلىمىغا ئاساسەن :

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1+(-1)^n}{n}=0$$

ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز .

يۇقۇرىدىكى 3 مىسالدىكى سانلار ئارقىمۇ – ئارقىلىقىنىڭ ھەممىسىنىڭ لىمىتى 0 . لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ :

$\left\{\frac{1}{n}\right\}$ ماناتون كېمىيىپ 0 گە ئىنتىلىدۇ .

$\left\{-\frac{1}{n}\right\}$ ماناتون ئۆسۈپ 0 گە ئىنتىلىدۇ .

$\left\{\frac{(-1)^n}{n}\right\}$ بولسا باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تەۋرىنىپ تۇرۇپ ، 0 گە ئىنتىلىدۇ . لېكىن 0 گە يېتەلمەيدۇ .

$\left\{\frac{2+(-1)^n}{n}\right\}$ بولسا ، بىردەم 0 گە يېقىنلىشىپ ، بىردەم 0 دىن يىراقلىشىدۇ . لېكىن ئاخىرقى ھېساپتا 0 گە ئىنتىلىدۇ .

$\left\{\frac{1+(-1)^n}{n}\right\}$ بولسا ، 0 بىلەن $\frac{1}{n}$ نىڭ ئارىسىدا سەكرەپ تۇرۇپ 0 گە ئىنتىلىدۇ، بەلكى چەكسىز قېتىم 0 نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ ھالەتلەر لىمىتنى تەتقىق قىلىشتا ئانچە ئەھمىيەتلىك ئەمەس، موھىم بولغىنى شۇكى $x$ چەكسىز چوڭايغاندا، سانلار ئارقىمۇ – ئارقىلىقىنىڭ قىممەتلىرى بىلەن لىمىت قىممىتىنىڭ ئايرىمىسىنىڭ مۇتلەق قىممىتى خالىغانچە كىچىك بولۇشى كېرەك.

4 – مىسال: سانلار ئارقىمۇ – ئارقىلىقى :

$$0.1,\ 0.11,\ 0.111\ \cdots\ \underbrace{0.111\cdots1}_{n\ \text{دانە}}$$



AltunOq

نىڭ لىمىتى $\frac{1}{9}$ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش كېرەك.

ئىسپات :

$$\left| x_n - \frac{1}{9} \right| = \left| 0.\overbrace{111\cdots1}^{n \text{ دانە}} - \frac{1}{9} \right|$$

$$= \left| \frac{\overbrace{999\cdots9}^{n \text{ دانە}} - 10^n}{9.10^n} \right| = \frac{1}{9.10^n} < \frac{1}{10^n}$$

بولغانلىقتىن، ئىختىيارى بېرىلگەن $0 < \varepsilon$ غا نىسبەتەن

$$\left| x_n = \frac{1}{9} \right| < \varepsilon$$

ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن، پەقەت

$\frac{1}{10^n} < \varepsilon$ يەنى $n > lg\frac{1}{\varepsilon}$ ئورۇنلۇق بولسا بولىدى.

دېمەك: ئىختىيارى بېرىلگەن $0 < \varepsilon$ غا نىسبەتەن دائىم ناتۇرال سان $N = [\, lg \frac{1}{\varepsilon} \,]$ ماۋجۇتكى، $n > N$ بولغاندا

$$\left| \lim_{n\to\infty} 0.\underbrace{111\cdots1}_{n \text{ دانە}} - \frac{1}{9} \right| < \varepsilon$$

ئورۇنلۇق. ئېنىقلىمىغا ئاساسەن بىلەلەيمىزكى:

$$\lim_{n\to\infty} 0.\underbrace{111\cdots1}_{n \text{ دانە}} = \frac{1}{9}$$

5_ مىسال: $\lim_{n\to\infty} \frac{n^2 - n + S}{3n^2 + Sn - 4} = \frac{1}{3}$

نى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

$$\left| \frac{n^2-n+2}{3n^2-2n-4} - \frac{1}{3} \right| = \frac{5}{3} \left| \frac{n-2}{3n^2+2n-4} \right|$$

بولغانلىقتىن $n < 2$ بولغاندا،

$$\frac{n-2}{3n^2+2n-4} < \frac{n}{3n^2} - \frac{1}{3n}$$

بولىدۇ. تەڭسىزلىك

$$\left| \frac{n^2-n+2}{3n^2+2n-4} - \frac{1}{3} \right| < \varepsilon$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولىشى ئۈچۈن پەقەت:

$$\frac{5}{9} \cdot \frac{1}{4} < \varepsilon$$

يەنى : $n > \frac{5}{9\varepsilon}$ ئورۇنلۇق بولسا بولىدۇ.

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $0 < \varepsilon$ غا نىسبەتەن دائىم شۇنداق بىر ناتۇرال سان

$$N = max \left\{ \left[ \frac{5}{9\varepsilon} \right], 2 \right\}$$

ماۋجۇتكى

( بۇ يەردە $\left[\frac{5}{9\varepsilon}\right]$ بىلەن 2 نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىرىنى $N$ ئۈچۈن قوبۇل قىلىمىز )

$n > N$ بولغاندا

$$\left| \frac{n^2-n+2}{3n^2+2n-4} - \frac{1}{3} \right| < \varepsilon$$

ئورۇنلۇق بولىدۇ. ئېنىقلىمىغا ئاساسەن بىلەلەيمىزكى:

$$\lim_{n \to \infty} \frac{n^2-n+2}{3n^2+2n-4} = \frac{1}{3}$$

6 ـ مىسال:

$$\lim_{n \to \infty} q^n = 0 \ (q < 1)$$

نى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

$$|q^n-0| = |q|^n$$

بولغانلىقتىن

$$|q|^n<\varepsilon$$

ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن، پەقەت

$n\ln|q|<\ln\varepsilon$ يەنى $n<\dfrac{\ln\varepsilon}{\ln|q|}$ بولسا بولىدۇ. ( بۇنىڭدا $\ln|q|<0$ ).

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $0<\varepsilon$ غا نىسبەتەن دائىم ناتۇرال سان

$$N=\left[\frac{\ln\varepsilon}{\ln|q|}\right]$$

ماۋجۇتكى، $n<N$ بولغاندا

$$|q|^n<\varepsilon$$

ئورۇنلۇق. ئېنىقلىمىغا ئاساسەن بىلەلەيمىزكى:

$$\lim_{n\to\infty} q^n = 0$$

7 ـ مىسال: تەڭ نىسبەتلىك چەكسىز كېمەيگۈچى سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى $\{aq^{n-1}\}$ نىڭ يىغىندىسى $\dfrac{a}{1-q}$ غا تەڭ ئىكەنلىكىنى $(a>0)$ ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

چەكسىز ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقنىڭ يىغىندىسى ئۇنىڭ دەسلەپكى $n$ ئەزاسىنىڭ يىغىندىسى $S_n$ نىڭ ( $n\to\infty$ ) دىكى لىمىتىدىن ئىبارەت.

$$S=\frac{a-aq^n}{1-q}=\frac{a}{1-q}-\frac{a}{1-q}q^n$$

$$\left| S_n - \frac{a}{1-q} \right| = \frac{a}{1-q} \left| q \right|^n$$

بولغانلىقتىن ئىختىيارىي بېرىلگەن ε>0 غا نىسبەتەن، تەڭسىزلىك

$$\left| S_n - \frac{a}{1-q} \right| < \varepsilon$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولىشى ئۈچۈن، پەقەت:

$$\frac{a}{1-q} \left| q \right|^n < \varepsilon \quad \text{يەنى :} \quad n > \frac{ln\frac{1-n}{a}\varepsilon}{ln|q|}$$

( $ln|q|<0$ ) ئورۇنلۇق بولسا بولدى.

دېمەك ئىختىيارىي بېرىلگەن ε>0 غا نىسبەتەن دائىم ناتۇرال سان

$$N = \left( \frac{ln\frac{1-q}{a}\varepsilon}{ln|q|} \right)$$

ماۋجۇتكى $n > N$ بولغاندا

$$\left| S_n - \frac{a}{1-q} \right| < \varepsilon$$

ئورۇنلۇق.

ئېنىقلىمىغا ئاساسەن بىلەلەيمىزكى

$$S = \lim_{n\to\infty} S_n = \frac{a}{1-q}$$

8 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n]{a} = 1 \qquad (a > 1)$$

نى ئىسپاتلاش كېرەك.

ئىسپات :

$$|x_n - 1| = \sqrt[n]{a} - 1$$

بولغانلىقتىن ئىختىيارى بېرىلگەن $0 <$ ع غا نىسبەتەن، تەڭسىزلىك

$$|\sqrt[n]{a} - 1| = a^{\frac{1}{n}} - 1 < ع$$

نىڭ ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن، پەقەت ( ع + 1 ) $\frac{1}{n} < \log_a$ يەنى $n > \frac{1}{\log_a (1+ع)}$

ئورۇنلۇق بولسا بولىدۇ.

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $0 <$ ع غا نىسبەتەن دائىم ناتۇرال سان

$$N = \left[\frac{1}{\lg_a (1+ع)}\right]$$

ماۋجۇتكى، $n > N$ بولغاندا

$$|\sqrt[n]{a} - 1| < ع$$

ئورۇنلۇق. ئىندىقلىمىغا ئاساسەن بىز

$$\lim_{n \to \infty} \sqrt[n]{a} = 1$$

نى ئىسپات قىلدۇق.

2 ـ ئۇسۇل.

$$\sqrt[n]{a} - 1 = \frac{a - 1}{(a^{\frac{1}{n}})^{n-1} + (a^{\frac{1}{n}})^{n-2} + \cdots + a^{\frac{1}{n}} + 1} < \frac{a - 1}{n}$$

ئىختىيارى بېرىلگەن $0 <$ ع غا نىسبەتەن:

$$|\sqrt[n]{a} - 1| < ع$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن، پەقەت:

$\frac{a-1}{n} <$ ع يەنى $n > \frac{a-1}{ع}$ بولسىلا بولىدۇ.



Altun0q

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $\varepsilon > 0$ غا نىسبەتەن دائىم شۇنداق بىر ناتۇرال سان

$$N = \left[\frac{a-1}{\varepsilon}\right]$$

ماۋجۇتكى، $n > N$ بولغاندا

$$|\sqrt[n]{a} - 1| < \varepsilon$$

ئورۇنلۇق. ئېنىقلىمىغا ئاساسەن:

$$\lim_{n \to \infty} \sqrt[n]{a} = 1$$

ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى،

بۇ مىسال بىزگە، كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىمىغانلىقى بىلەن ئېرىشىلگەن $N$ نىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

9 ـ مىسال:

$$\lim_{n \to \infty} \sqrt[n]{n} = 1$$

نى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

$n \geqslant 2$ بولغاندا $\sqrt[n]{n} - 1 = a$ دەپ پەرەز قىلساق،

$$n = (1+a)^n = 1 + na + \frac{n(n-1)}{2} a^2 + \cdots + a > \frac{n(n-1)}{2} a^2$$

بولىدۇ. بۇ ھالدا $a^2 < \frac{2}{n-1}$ يەنى

$$|\sqrt[n]{n} - 1| < \sqrt{\frac{2}{n-1}}$$

بولىدۇ. ئىختىيارى بېرىلگەن $0<\varepsilon$ غا نىسبەتەن، تەڭسىزلىك

$$|\sqrt[n]{n}-1|<\varepsilon$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن، پەقەت،

$\frac{2}{n-1}<\varepsilon^2$ يەنى $n>\frac{\varepsilon^2+2}{\varepsilon^2}$ ياكى $n>1+\frac{2}{\varepsilon^2}$

ئورۇنلۇق بولسىلا بولىدۇ.

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $0<\varepsilon$ غا نىسبەتەن دائىم شۇنداق بىر ناتۇرال سان

$$N=\max\left\{\left[\frac{2}{\varepsilon^2}\right],\ 2\right\}$$

ماۋجۇتكى $n>N$ بولغاندا

$$|\sqrt[n]{n}-i|<\varepsilon$$

ئورۇنلۇق بولىدۇ. ئېنىقلىمىغا ئاساسەن:

$$\lim_{n\to\infty}\sqrt[n]{n}=1$$

ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

10 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{n}{a^n}=0 \quad (a<0)$$

نى ئىسپات قىلىش كېرەك.

$a=1+\lambda \quad (\lambda>0)$ دەپ پەرەز قىلساق $n\geqslant 2$ بولغاندا

$$a^n=(1+\lambda)^n>\frac{n(n-1)}{2}\lambda^2$$

يەنى:

$$\frac{n}{a^n}<\frac{2}{(n-1)\lambda^2}=\frac{2}{(n-1)(1-a)^2}$$

بولىدۇ. ئىختىيارى بېرىلگەن $0<\varepsilon$ غا نىسبەتەن تەڭسىزلىك

$$\frac{n}{a^n}<\varepsilon$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولىشى ئۈچۈن، پەقەت

$\frac{2}{(n-1)(1-a)^2}<\varepsilon$ ياكى $n>1+\frac{2}{\varepsilon(1-a)^2}$ ئورۇنلۇق بولىشى كېرەك

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $0<\varepsilon$ نىسبەتەن دائىم ناتۇرال سان

$$N=max\left\{\left[1+\frac{2}{\varepsilon(1-o)^2}\right],\ 2\right\}$$

ماۋجۇتكى $n>N$ بولغاندا

$$\frac{n}{a^n}<\varepsilon$$

ئورۇنلۇق، ئېنىقلىمىغا ئاساسەن:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{n}{a^n}=o$$

ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

11 - مىسال: $a<b$، شۇنىڭدەك $x_1=b$، $x_o=a$ ۋە $x_n=\frac{x_{n-1}+x_{n-2}}{2}(n\geqslant2)$

بولسا $x_n$ نىڭ لىمىتى $\frac{a+2b}{3}$ بولىدىغانلىقىنى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات كەلتۈرۈش پورمىلاسى:

$x_n-x_{n-1}=-\frac{1}{2}(x_{n-2}-x_{n-1})$ بولغانلىقتىن

$$x_1-x_o=b-a$$
$$x_2-x_1=-\frac{1}{2}(x_1-x_o)=(-\frac{1}{2})(b-a)$$
$$x_3-x_2=-\frac{1}{2}(x_2-x_1)=(\frac{1}{2})^2(b-a)$$

..........................................................................

$$x_n - x_{n-1} = -\frac{1}{2}(x_{n-2}) = \left(-\frac{1}{2}\right)^{n-1}(b-a)$$

بولىدۇ. يۇقۇرىدىكى ئىپادىلارنى ئۆز - ئارا قوشساق:

$$x_n - x_0 = (b-a)\left[1 + \left(-\frac{1}{2}\right) + \left(\frac{1}{2}\right)^2 + \cdots + \left(-\frac{1}{2}\right)^{n-1}\right]$$

$$= \frac{1-\left(-\frac{1}{2}\right)^n}{1+\frac{1}{2}}(b-a)$$

$$= \frac{2}{3}(b-a) - \frac{2}{3}\left(-\frac{1}{2}\right)^n(b-a)$$

دېمەك:

$$x_n = \frac{a+2b}{3} - \frac{2}{3}(b-a)\left(\frac{1}{2}\right)^n$$

بولىدۇ. ئىختىيارى بېرىلگەن $0<$ع غا نىسبەتەن

$$\left|x_n - \frac{a+2b}{3}\right| < \varepsilon$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن پەقەت،

$$\left|\frac{2}{3}(b-a)\left(\frac{1}{2}\right)^n\right| < \varepsilon$$

يەنى:

$$n > \log_2 \frac{2(b-a)}{3\varepsilon}$$

ئورۇنلۇق بولسا بولىدى.

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $0<$ع غا نىسبەتەن دائىم شۇنداق بىر ناتورال سان

$$N = \left[\log_2 \frac{2(b-a)}{3\varepsilon}\right]$$

ماۋجۇتكى، $N$ $n>N$ بولغاندا

$$\left| x_n - \frac{a+2b}{3} \right| < \varepsilon$$

ئورۇنلۇق. ئېنىقلىمىغا ئاساسەن :

$$\lim_{n \to \infty} x_n = \frac{a+2b}{3}$$

ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

12 ـ مىسال: سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى

$$\left\{ (-1)^n \frac{n}{n+1} \right\}$$

نىڭ لىمىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

ئەكسىنى پەرەز قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئىسپات قىلىمىز.

پەرەز قىلايلى : $\lim_{n \to \infty} (-1)^n \frac{n}{n+1} = a$ بولسۇن،

$\varepsilon_0 = \frac{1}{\eta}$ دەپ ئالايلى. ئۇ هالدا شۇنداق $N$ سانى ماۋجۇتكى $N$ $n>N$ بولغاندا تەڭسىزلىك

$$\left| (-1)^n \frac{n}{n+1} - a \right| < \frac{1}{\eta}$$

ئورۇنلۇق بولىدۇ

لېكىن هەر قانداق ناتۇرال سان $N$ غا نىسبەتەن $a=0$ بولغاندا

$$\frac{n}{n+1} > \frac{2}{3}, \quad a>0,$$

شۇنىڭدەك $n$ تاق سان بولغاندا

$$\left| x_n - a \right| = \frac{n}{n+1} + a > \frac{1}{\eta}$$



Altun0q

$a<0$ ، شۇنىڭدەك $n$ جۈپ سان بولغاندا

$$\left| x_n - a \right| = \frac{n}{n+1} + \left| a \right| > \frac{1}{\eta}$$

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $\varepsilon < \frac{1}{\eta}$ ئىختىيارى ناتسۇرال سان $N$ غا نىسبەتەن $n>N$ بولغاندا تەڭسىزلىك

$$|x_n - a| < \varepsilon$$

ئورۇنلۇق بولىۋەرمەيدۇ. ئېنىقلىمىغا ئاساسەن $a$ سانى ئارقىمۇ ـ ئارقىلىق

$$\left\{ (-1)^n \frac{n}{n+1} \right\}$$

نىڭ لىمىتى ئەمەس. يەنى: لىمىت ماۋجۇت ئەمەس.

13 ـ مىسال. سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى

$$\left\{ Sin \frac{n\pi}{2} \right\}$$

نىڭ لىمىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

$n = 1 , 2 , 3 \ldots.$ بولغاندا $x_n = Sin \frac{n\pi}{2}$

دەۋرى ھالدا تەرتىپ بويىچە 0، 1 ـ، 0، 1 قىممەتلەرنى ئالىدۇ. مەلۇم سانغا چەكسىز يېقىنلاشمايدۇ. شۇڭا بۇ سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقىنىڭ لىمىتى ماۋجۇت ئەمەس.

14 ـ مىسال.

$$\lim_{n \to \infty} q^n = \infty \quad (|q|>1)$$ نى ئىسپات قىلىش كېرەك

ئىسپات:

ئىختىيارى بېرىلگەن $R>0$ غا نىسبەتەن

تەڭسىزلىك $|q^n| = |q|^n > R$ نىڭ ئورۇنلۇق بولىشى ئۈچۈن پەقەت:

تەڭسىزلىك $n\ln|q| > \ln R$ يەنى $n > \frac{anR}{\ln|q|}$

ئورۇنلۇق بولسا بولدى.

دىمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $R > 0$ غا نىسبەتەن دائىم شۇنداق بىرناتۇرال سان

$$N = \left[\frac{\ln R}{\ln|q|}\right]$$

ماۋجۇتكى، $n > N$ بولغاندا، $|q^n| > R$ بولىدۇ.

ئېنىقلىمىغا ئاساسەن ئىختىيارى بېرىلگەن سانلار ئارقىمۇ-ئارقىلىقىنىڭ چەكسىز چوڭ مىقدار ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

15 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty} \ln\ln n = \infty \qquad (n > 2)$$

ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

ئىختىيارى بېرىلگەن $R > 0$ غا نىسبەتەن تەڭسىزلىك $|\ln\ln n| > R$

نىڭ ئورۇنلۇق بولىشى ئۈچۈن، پەقەت

$\ln n > e^R$ يەنى تەڭسىزلىك $n > e^{e^R}$ ئورۇنلۇق بولسىلا بولدى.

دىمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $R > 0$ غا نىسبەتەن، شۇنداق ناتۇرال سان

$$N = \left[e^{e^R}\right]$$

ماۋجۇتكى، $n > N$ بولغاندا

$$|\ln\ln n| > R$$

ئورۇنلۇق بولىدۇ. ئېنىقلىمىغا ئاساسەن $\{\ln\ln n\}$ نىڭ چەكسىز چوڭ مىقدار ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

## 2. لىمىت ماۋجۇتلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى

سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقى لىمىتكە ئىگە بولىشى ياكى لىمىتكە ئىگە بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا لىمىت ماۋجۇتلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بولىشى زۆرۈر.

1. ئەگەر بىر ناتۇرال سان $N$ بولۇپ، $n > N$ بولغاندا

$$x_n \leq y_n \leq z_n$$

شۇنىڭدەك،

$$\lim_{n\to\infty} x_n = \lim_{n\to\infty} z_n = a.$$

بولسا، ئۇ ھالدا

$$\lim_{n\to\infty} y_n = a$$

بولىدۇ.

2. موناتون چېگرالانغان سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقى لىمىتكە ئىگە.

## 3. كوشى ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى

سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقى $\{x_n\}$ نىڭ يىغىنلاشتۇرۇچىلىقىنىڭ زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرتى:

ئىختىيارى بېرىلگەن $\varepsilon > 0$ غا نىسبەتەن شۇنداق بىر ناتورال سان $N = N(\varepsilon)$ ماۋجۇت بولۇپ، $n > N$ بولغاندا خالىغان ناتۇرال سان $m$ غا نىسبەتەن تەڭسىزلىك $|x_{n+m} - x_n| < \varepsilon$

ئورۇنلۇق بولىشى كېرەك.

( ئەسكەرتىش: فۇدەن داشۆ تۈزگەن « ماتېماتىكا ئانالىزى » كىتاۋىنىڭ 2 - نەشرى بىرىنچى قىسىم 73 - 50 بەتلىرىدىن پايدىلىنىڭ )

16 - مىسال: $\lim \sqrt[n]{a}$ نى تېپىش كېرەك. $(a > 1)$

( 8 - مىسالدىن پايدىلىنىمىز )

يېشىش:

$$0 < \sqrt[n]{a} - 1 < \frac{a-1}{n}$$

شۇنىڭدەك

$$\lim_{n\to\infty} \frac{a-1}{n} = 0$$

بولغانلىقتىن، 1 ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن،

$$\lim_{n\to\infty} (\sqrt[n]{a}-1) = 0$$

يەنى:

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n]{a} = 1$$

17 ـ مىسال: $k$ دانە ئوڭ سان

$$a_1 \cdot a_2 \cdot a_3 \cdots\cdots a_k$$

نىڭ ئىچىدە، ئەڭ چوڭىنىڭ $A$ ئىكەنلىكى ئېنىق

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n]{a_1^n + a_2^n + \cdots\cdots + a_k^n} = A$$

ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىش كېرەك،

ئىسپات:

$$A \leqslant \sqrt[n]{a_1^n + a_2^n + \cdots\cdots + a_k^n} \leqslant \sqrt[n]{k}\, A$$

شۇنىڭدەك

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n]{k} = 1$$

بولغانلىقتىن 1ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن:

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n]{a_1^n + {}_2^n + \cdots\cdots + a_k^n} = A$$

18 ـ مىسال $\lim_{n\to\infty} (1+\frac{1}{n})^n = e$ نى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

پەرەز قىلايلى:

$$x_n=\left(1+\frac{1}{n}\right)^n \qquad y_n=\left(1+\frac{1}{n}\right)^{n+1}$$

بولسۇن: ماتېماتىكىلىق ئىندۇكسىيە مېتودىدىن پايدىلىنىپ تەڭسىزلىك

$$(1+x)^n\geqslant 1+nx \qquad (\ x>-1\ ،\ n \text{ ناتۇرال سان})$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشىمىز مۇمكىن.

$$\frac{x_{n+1}}{x_n}=\left(1+\frac{1}{n+1}\right)\left(\frac{1+\frac{1}{n+1}}{1+\frac{1}{n}}\right)^n$$

$$=\left(1+\frac{1}{n+1}\right)\left(1-\frac{1}{(n+1)^2}\right)^n\geqslant$$

$$\left(1+\frac{1}{n+1}\right)\left(1-\frac{n}{(n+1)^2}\right)=$$

$$=\frac{n^3+3n^2+3n+2}{n^3+4n^2+4n}>1$$

$$\frac{y_n}{y_{n+1}}=\frac{1}{1+\frac{1}{n+1}}\cdot\left(\frac{1+\frac{1}{n}}{1+\frac{1}{n+1}}\right)^{n+1}$$

$$=\frac{n+1}{n+2}\left(1+\frac{1}{n^2+2n}\right)^{n+1}\geqslant$$

$$\geqslant\frac{n+1}{n+2}\left(1+\frac{n+1}{n^2+2n}\right)=$$

$$=\frac{n^3+4n^2+4n+1}{n^3+4n^2+4n}>1$$

بولغانلىقتىن

$\{x_n\}$ ماناتون ئۆسكۈچى. $\{y_n\}$ ماناتون كېمەيگۈچى. شۇنىڭدەك:

$$x_n=\left(1+\frac{1}{n}\right)^n<\left(1+\frac{1}{n}\right)^{n+1}=$$

$$= y_n < y_1 = 4.$$

يەنى $\{x_n\}$ ماناتون ئۆسكۈچى، شۇنىڭدەك يۇقۇرى چېگىراغا ئىگە سانلار ئارقىمۇ - ئارقىلىقى
2 - ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن:

$$\lim_{n\to\infty}\left(1+\frac{1}{n}\right)^n$$

ماۋجۇت، ئۇنى

$$\lim_{n\to\infty}\left(1+\frac{1}{n}\right)^n = e$$

ئارقىلىق ئىپادە قىلىمىز.

( $e$ نى ھېساپلاش، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىر راتسىونال سان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا، پېشتىنى گولتىس يازغان «دىففېرېنسىال - ئىنتېگرال دەرسلىكى» 1 بۆلۈم 1 - كىتاپتىن پايدىلانسا بولىدۇ. )

19 - مىسال: سانلار ئارقىمۇ ئارقىلىقى

$$x_n = 1+\frac{1}{2}+\cdots\cdots+\frac{1}{n}-\ln n$$

نىڭ يىقىنلاشقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

يۇقۇرىدىكى مىسالدىن بىلەلەيمىزكى

$$\left(1+\frac{1}{n}\right)^n < e < \left(1+\frac{1}{n}\right)^{n+1}$$

دېمەك:

$$\frac{1}{n+1} < \ln\left(1+\frac{1}{n}\right) < \frac{1}{n}$$

$$1+\frac{1}{2}+\cdots\cdots+\frac{1}{n} > \ln\left(1+\frac{1}{1}\right)+\ln\left(1+\frac{1}{2}\right)$$

$$+\ln\left(1+\frac{1}{3}\right)+\cdots+\ln\left(1+\frac{1}{n}\right)$$

$$= \ln 2.\frac{2}{3}\cdots\cdots\frac{n+1}{n}$$

$$= ln(n+1) > ln\ n$$

شۇڭا

$$x_n = 1+\frac{1}{2}+\cdots\cdots+\frac{1}{n}-ln\ n > 0,$$

شۇنىڭدەك

$$x_{n+1}-x_n = \frac{1}{n+1}-ln\left(1+\frac{1}{n}\right) < 0 .$$

شۇڭلاشقا $\{x_n\}$ مانا تون كېمەيگۈچى، شۇنىڭدەك تۆۋەن چېگرىغا ئىگە سانلار ئارقەۇ ئار-قىلىغى. 2 ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن سانلار ئارقمۇ ـ ئارقىلىغى

$$x_n = 1+\frac{1}{2}+\cdots\cdots+\frac{1}{n}-ln\ n$$

يىقىنلاشقۇچى.

20 ـ مىسال: سانلار ئارقمۇ ـ ئارقىلىغى

$$x_n = \frac{Sin1}{2}+\frac{Sin2}{2^2}+\cdots+\frac{SinN}{2^n}$$

نىڭ يىقىنلاشقۇچى ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاش كېرەك.

ئىسپات:

ئىختىيارى ناتۇرال سان $m$ غا نىسبەتەن

$$\left| x_{n+m}-x_n \right| = \left| \frac{Sin(n+1)}{2^{n+1}}+\cdots\cdots+\frac{Sin(n+m)}{2^{n+m}} \right| <$$

$$< \frac{1}{2^{n+1}}+\frac{1}{2^{n+2}}+\cdots\cdots+\frac{1}{2^{n+m}} <$$

$$< \frac{1}{2^{n+1}}\left(\frac{1-\left(\frac{1}{2}\right)^m}{1-\frac{1}{2}}\right) < \frac{1}{2^n} .$$

تەڭسىزلىك،

$$|x_{n+m}-x_n| < \varepsilon$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولىشى ئۈچۈن، پەقەت

$$\frac{1}{2^n} < \varepsilon$$

يەنى تەڭسىزلىك

$$n > \log_2 \frac{1}{\varepsilon}$$

ئورۇنلۇق بولسىلا بولدى.

دېمەك: ئىختىيارى بېرىلگەن $\varepsilon > 0$ غا نىسبەتەن شۇنداق ناتۇرال سان

$$N = \left[ \log_2 \frac{1}{\varepsilon} \right]$$

ماۋجۇتكى $n > N$ بولغاندا، ئىختىيارى ناتۇرال سان $m$ غا نىسبەتەن

$$|x_{n m} - x_n| < \varepsilon$$

ئورۇنلۇق. 3 ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى

$$x_n = \frac{\sin 1}{2} + \frac{\sin 2}{2^2} + \cdots + \frac{\sin n}{2^n}$$

يىغىنلاشقۇچى.

21 ـ مىسال: سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى

$$x_n = 1 + \frac{1}{2^2} + \frac{1}{3^2} + \cdots + \frac{1}{n^2}$$

نىڭ يىغىنلاشقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك.

ئىسپات:

ئىختىيارى ناتۇرال سان $m$ غا نىسبەتەن

$$|x_{n m} - x_n| = \frac{1}{(n+1)^2} + \frac{1}{(n+2)^2} + \cdots + \frac{1}{(n+m)^2} <$$

$$< \frac{1}{n(n+1)} + \frac{1}{(n+1)(n+2)} + \cdots + \frac{1}{(m+n-1)(m+n)}$$

$$= \frac{1}{n} - \frac{1}{m+1} + \frac{1}{m+1} - \frac{1}{n+2} + \cdots + \frac{1}{n+m-1} - \frac{1}{n+m}$$

تەڭسىزلىك

$$= \frac{1}{n} - \frac{1}{n+m} < \frac{1}{n}$$

$$|x_{n+m} - x_n| < \text{ع}$$

نىڭ ئورۇنلۇق بولىشى ئۈچۈن پەقەت: تەڭسىزلىك

$$n > \frac{1}{\text{ع}} \qquad \text{ياكى} \qquad \frac{1}{n} < \text{ع} \quad ،$$

ئورۇنلۇق بولسىلا بولدى.

دېمەك، ئىختىيارى بېرىلگەن $0 < \text{ع}$ غا نىسبەتەن ناتورال سان

$$N = \left[\frac{1}{\text{ع}}\right]$$

ماۋجۇتكى $n > N$ بولغاندا تەڭسىزلىك

$$|x_{n+m} - x_n| < \text{ع}$$

ئورۇنلۇق.

3 ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن بېرىلگەن سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى يىقىنلاشقۇچى.

22 ـ مىسال: سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى

$$x_n = 1 + \frac{1}{2} + \frac{1}{2} + \cdots\cdots + \frac{1}{n}$$

نىڭ يىراقلاشقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك.

ئىسپات:

$m = n$ ، $\frac{1}{2} = \text{ع}$ دەپ ئالايلى. ئۇ ھالدا خالىغان ناتورال سان $n$ غا نىسبەتەن:

$$|x_{2n} - x_n| = \frac{1}{n+1} + \frac{1}{n+2} + \cdots + \frac{1}{n+n}$$

$$> \frac{1}{2n} + \frac{1}{2n} + \cdots\cdots + \frac{1}{2n} = \frac{1}{2} \; ;$$

يەنى: شۇنداق بىر ناتورال سان $N$ ماۋجۇت ئەمەسكى $n > N$ بولغاندا تەڭسىزلىك

$$|x_{2n} - x_n| < \text{ع}$$

نى ئورۇنلۇق قىلمىدۇ.

دېمەك، 3 ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن بىلەلەيمىزكى، بېرىلگەن سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى يىراقلاشقۇچى.

23 ـ مىسال: سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى

$$\left\{ \sin \frac{n\pi}{2} \right\}$$

نىڭ يىراقلاشقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلىش كېرەك.

ئىسپات:

$n=m$ ، $\varepsilon = \frac{1}{2}$ دەپ ئالساق، ئۇ ھالدا ئىختىيارى ناتورال سان $n$ غا نىسبەتەن

$$|x_{2n}-x_n| = \left|\sin \frac{n\pi}{2}\right|$$

$n=2K+1$ بولغاندا

$$|x_{2n}-x_n| = 1 > \frac{1}{2}$$

$n=2K$ بولغاندا

$$|x_{2n}-x_n| = 0 < \frac{1}{2}$$

دېمەك، شۇنداق بىر ناتورال سان $N$ ماۋجۇت ئەمەسكى $n>N$ بولغاندا تەڭسىزلىك،

$$|x_{2n}-x_n| < \frac{1}{2} \cdot$$

بولىدىغان.

3 ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن، بېرىلگەن سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى يىراقلاشقۇچى .

## Ⅲ لىمىتنى ھېسابلاش ئۇسۇلى

1. لىمىتنى ھېسابلاش قائىدىسىگە ئاساسەن لىمىت تېپىش:

$$\lim_{n\to\infty} x_n \quad \text{ۋە} \quad \lim_{n\to\infty} y_n$$

ئۇ ھالدا:

$$\lim_{n\to\infty}(x_n \pm y_n) = \lim_{n\to\infty} x_n \pm \lim_{n\to\infty} y_n$$

$$\lim_{n\to\infty} x_n \cdot y_n = \lim_{n\to\infty} x_n \cdot \lim_{n\to\infty} y_n$$



AltunOq

$$\lim_{n \leftarrow \infty} \frac{y_n}{x_n} = \frac{\lim\limits_{n \leftarrow \infty} y_n}{\lim\limits_{n \to \infty} x_n} \qquad (\lim_{n \to \infty} x_n \neq 0)$$

(فۇدەن داشۆ تۈزگەن «ماتېماتىكا ئانالىزى» ئىككىنچى نەشرى، 1- قىسىم 53 - بەتتىن 56- بەتكىچە قاراڭ)

24 - مىسال:

$$\lim_{n \to \infty} \left[ (an)^{\frac{1}{n}} + \frac{1}{n} + \frac{1}{n_2} \right]$$

يېشىلىشى:

$$\lim_{n \to \infty} a^{\frac{1}{n}} = 1 \qquad \lim_{n \to \infty} n^{\frac{1}{n}} = 1$$

$$\lim_{n \to \infty} \frac{1}{n} = 0 \qquad \lim_{n \to \infty} \frac{1}{n^2} = 0$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{n \to \infty} \left[ (an)^{\frac{1}{n}} + \frac{1}{n} - \frac{1}{n^2} \right]$$

$$= \lim_{n \to \infty} a^{\frac{1}{n}} n^{\frac{1}{n}} + \lim_{n \to \infty} \frac{1}{n} - \lim_{n \to \infty} \frac{1}{n^2} = 1 \cdot 1 + 0 = 1$$

25- مىسال:

$$\lim_{n \to \infty} \frac{1 + \frac{1}{2} + \frac{1}{2^2} + \cdots + \frac{1}{2^n}}{1 + \frac{1}{3} + \frac{1}{3^2} + \cdots + \frac{1}{3^n}}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$\lim_{n \to \infty} \left( 1 + \frac{1}{2} + \cdots + \frac{1}{2^n} \right) = \frac{1}{1 - \frac{1}{2}} = 2$$

$$\lim_{n\to\infty}\left(1+\frac{1}{3}+\cdots\cdots+\frac{1}{3^n}\right)=\frac{1}{1-\frac{1}{3}}=\frac{3}{2}$$

بولغانلىقتىن،

$$\lim_{n\to\infty}\frac{\left(1+\frac{1}{2}+\cdots\cdots+\frac{1}{2^n}\right)}{\left(1+\frac{1}{3}+\cdots\cdots+\frac{1}{3^n}\right)}$$

$$=\frac{\lim_{n\to\infty}\left(1+\frac{1}{2}+\cdots\cdots+\frac{1}{2^n}\right)}{\lim_{n\to\infty}\left(1+\frac{1}{3}+\cdots\cdots+\frac{1}{3^n}\right)}=\frac{4}{2}$$

2. تەپمۇ ـ تەڭ شەكىل ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ھېساپلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ لىمىت تېپىش:

لىمىتنى ھېساپلاش قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ لىمىت ھېساپلىغاندا تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىشى لازىم.

1. سانلار ئارقىمۇ ئارقىلىقىنىڭ سانى چەكلىك بولۇشى.

2. ھەر بىر سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى لىمىتگە ئىگە بولۇشى.

3 مەخرەجنىڭ لىمىتى 0 بولماسلىقى كېرەك.

يۇقۇرىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرسى ئورۇنلۇق بولمىسا، ھېساپلاش قائىدىسىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا تەپمۇ ـ تەڭ شەكىل ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى يۇقۇرىدىكى شەرتلەرنى قانائەتلەندۈرىدىغان قىلىمىز.

(1) كۆپەيتكۈچىنى قىسقارتىش ئۇسۇلى.

بۇنىڭدا سۈرەت، مەخرەجدىكى ئورتاق كۆپەيتكۈچىنى قىسقارتىپ ياكى سۈرەت، مەخرەجنىڭ ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىسىنى سىرتقا چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھېساپلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش مەقسىتىگە يېتىمىز.

26 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{a_0n^p+a_1n^{p-1}+\cdots\cdots a_{p-1}n+a_p}{b_0n^q+b_1n^{q-1}+\cdots\cdots b_{q-1}n+b_q}$$

نى تېپىش كېرەك: (بۇ يەردە، $p, q, a_0, b_0 \neq 0$ ناتورال سانلار)

يېشىلىشى:

$$\frac{a_0 n^p + a_1 n^{p-1} + \cdots\cdots a_{p-1} n + a_p}{b_0 n^q + b_1 n^{q-1} + \cdots\cdots + b_{q-1} n + b_q}$$

$$= n \frac{(a_0 + a_1 n^{-1} + \cdots\cdots + a_{p-1} n^{-(p-1)} + a_p n^{-p}}{b_0 + b_1 n^{-1} + \cdots\cdots + b_{q-1} n^{-(q-1)} + b_q n^{-p}}$$

شۇنىڭدەك:

$$\lim_{n \to \infty} (b_0 + b_1 n^{-1} + \cdots\cdots + b_{q-1} n^{-(q-1)} + b_p n^{-q}) = b_0$$

$$\lim_{n \to \infty} (a_0 + a_1 n^{-1} + \cdots + a_p n^{-p}) = a_0$$

بولغانلىقتىن:

$$\lim_{n \to \infty} \frac{a_0 n^p + a_1 n^{p-1} + \cdots\cdots + a^p}{b_0 n^q + b_1 n^{q-1} + \cdots\cdots + b_q}$$

$$= \lim_{n \to \infty} n^{p-q} \frac{a_0 + a_1 n^{-1} + \cdots + n_p n^{-p}}{b_0 + b_1 n^{-1} + \cdots\cdots + b_q n^{-q}}$$

$$= \lim_{n \to \infty} n^{p-q} \cdot \lim_{n \to \infty} \frac{a_0 + a_1 n^{-1} + \cdots\cdots + a_p n^{-p}}{b_0 + b_1 n^{-1} + \cdots\cdots + b_q n^{-q}}$$

$$= \begin{cases} \frac{a_0}{b_0} & p = q \text{ بولغاندا} \\ 0 & p < q \text{ بولغاندا} \\ \infty & p > q \text{ بولغاندا} \end{cases}$$

شۇنداق قىلىپ سۈرەت - مەخرەجنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقۇرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، لىمىت قىممىتىنى بەلگىلەشكە بولىدۇ.

27- مىسال

$$\lim_{n \to \infty} \left( \frac{1+2+3+\cdots\cdots+n}{n+2} - \frac{n}{2} \right)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$\frac{1+2+3+\cdots\cdots+n}{n+2} - \frac{n}{2}$$

$$=\frac{n(n+1)}{2(a+2)}-\frac{n}{2}=-\frac{n}{2(n+2)}$$

بولغانلىقتىن، 26ـ مىسالغا ئاساسەن:

$$\lim_{n\to\infty}\left(\frac{1+2+3+\cdots\cdots+n}{n+2}-\frac{n}{2}\right)$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{-n}{2(n+2)}=-\frac{1}{2};$$

غا ئىگە بولىمىز.

28ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1}{n}\left[\left(x+\frac{a}{n}\right)+\left(x+\frac{2a}{n}\right)+\cdots\cdots+\left(x\frac{n-1}{n}a\right)\right]$$

نى تېپىش كېرەك:

يېشىلىشى:

$$\left(x+\frac{a}{n}\right)+\left(x+\frac{2a}{n}\right)+\cdots\cdots+\left(x+\frac{n-1}{n}a\right)$$

$$=\frac{n-1}{2}\left(+\frac{a}{n}+x\frac{n-1}{n}a\right)=\frac{(n-1)(2x+a)}{2}$$

26ـ مىسالغا ئاساسەن:

$$\lim_{n\leftarrow\infty}\frac{1}{n}\left[\left(x+\frac{a}{n}\right)+\left(x+\frac{2a}{n}\right)+\cdots\cdots+\left(x+\frac{n-1}{n}a\right)\right]$$

$$\lim_{n\to\infty}\frac{(n-1)(2x+a)}{2n}=x+\frac{a}{2}$$

29ـ مىسال

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1+3^2+\cdots\cdots+(2n-1)^2}{2^2+4^2+\cdots\cdots+(2n)^2}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$2^2+4^2+\cdots\cdots+(2n)^2=$$

$$=2^2(1^2+2^2+\cdots\cdots+n^2)=\frac{4}{6}n(n+1)(2n+1)$$

$$1^2+3^2+\ldots+(2n-1)^2$$

$$=1^2+2^2+\ldots+n^2-2^2-4^2-\ldots-(2n)^2$$

$$=\frac{2}{6}n(2n+1)(4n+1)-\frac{4}{6}n(n+1)(2n+1)$$

$$=\frac{1}{3}(2n+1)(2n-1)$$

بولغانلىقتىن 26 ـ مىسالغا ئاساسەن :

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1+3^2+\ldots+(2n-1)^2}{2^2+4^2+\ldots+(2n)^2}$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{\frac{1}{3}n(n+1)(2n-1)}{\frac{2}{3}n(n+1)(2n+1)}$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{2n-1}{2(n+1)}=1$$

2 . راتسىئوناللاشتۇرۇش ئۇسۇلى :

يىلتىز ئارىلاشقان سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقىنى راتسىئوناللاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ھېسابلاش قائىدىسىنىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ .

30 ـ مىسال :

$$\lim_{n\to\infty}(\sqrt{n+1}-\sqrt{n})\sqrt{n}$$

نى تېپىش كېرەك .

يېشىلىشى :

$$(\sqrt{n+1}-\sqrt{n})\sqrt{n}$$

$$=\frac{(\sqrt{n+1}-\sqrt{n})(\sqrt{n+1}+\sqrt{n})}{\sqrt{n+1}+\sqrt{n}}\sqrt{n}$$



AltunOq

$$= \frac{n+1-1}{\sqrt{n+1}+\sqrt{n}} \cdot \sqrt{n}$$

$$= \frac{\sqrt{n}}{\sqrt{n+1}+\sqrt{n}} = \frac{1}{\sqrt{1+\frac{1}{n}}+1}$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{n\to\infty} (\sqrt{n+1}-\sqrt{n})\sqrt{n}$$

$$= \lim_{n\to\infty} \frac{1}{\sqrt{1+\frac{1}{n}}+1} = \frac{1}{2} \ ;$$

3 . باشقا ئۇسۇللار .

كۆپەيتكۈچىنى قىسقارتىش ۋە راتسىئونallاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن باشقا، مۇۋاپىق تەڭمۇ - تەڭ شەكىل ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن سانلار ئار- قىمۇ - ئارقىلىقنى ھېسابلاش قائىدىسىگە ئاساسەن لىمىتنى تېپىشقا بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈ- رۈش مۇمكىن .

31 ـ مىسال .

$$\lim_{n\to\infty}\left[\frac{1}{1\cdot 3}+\frac{1}{3\cdot 5}+\cdots+\frac{1}{(2n-1)(2n+1)}\right]$$

نى تېپىش كېرەك .

يېشىلىشى:

$$\frac{1}{1\cdot 3}+\frac{1}{3\cdot 5}+\cdots+\frac{1}{(2n-1)(2n+1)}$$

$$=\left(1-\frac{1}{3}+\frac{1}{3}-\frac{1}{5}+\frac{1}{5}-\frac{1}{7}+\cdots+\frac{1}{2n-1}-\frac{1}{2n+1}\right)\frac{2}{1}$$

$$=\frac{1}{2}\left(1-\frac{1}{2n+1}\right)$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{m\to\infty}\left[\frac{1}{1\cdot 3}+\frac{1}{3\cdot 5}+\cdots+\frac{1}{(2n-1)(2n+1)}\right]$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{1}{2}\left(1-\frac{1}{2n+1}\right)=\frac{1}{2}$$

32 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty}\left(1-\frac{1}{2^2}\right)\left(1-\frac{1}{3^2}\right)\left(1-\frac{1}{4^2}\right)\cdots\cdots\left(1-\frac{1}{n^2}\right)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$\left(1-\frac{1}{2^2}\right)\left(1-\frac{1}{3^2}\right)\cdots\cdots\left(-\frac{1}{n^2}\right)$$

$$=\frac{1}{2}\cdot\frac{3}{2}\cdot\frac{2}{3}\cdot\frac{4}{3}\cdots\cdots\frac{n-1}{n}\cdot\frac{n+1}{n}=\frac{1}{2}\cdot\frac{n+1}{n}$$

بولغانلىقتىن

$$=\lim_{n\to\infty}\left(1-\frac{1}{2^2}\right)\left(1-\frac{1}{3^2}\right)\cdots\cdots\left(1-\frac{1}{n^2}\right)$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{1}{2}\cdot\frac{n+1}{n}=\frac{1}{2}$$

3 . ستولىس فورمىلاسىدىن پايدىلىنىپ لىمىت ھېساپلاش.

ستولىس پورمىلاسى: ئەگەر

$1^{\circ}.$ $y_{n+1}>y_n \quad (n>N)$

$2^{\circ}.$ $\lim_{n\to\infty} y_n=\infty$

$3^{\circ}.$ $\lim_{n\to\infty}\frac{x_n-x_{n-1}}{y_n-y_{n-1}}$

ماۋجۇت (چەكلىك ياكى چەكسىز) بولسا، ئۇ ھالدا:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{x_n}{y_n}=\lim_{n\to\infty}\frac{x_n-x_{n-1}}{y_n-y_{n-1}}$$

(پىختېنگولتس يازغان «دىففېرېنسىيال ـ ئىنتېگرال دەرسلىكى» 1 ـ بۆلۈم 1 قىسمىدىن پايدىلىنىلسا بولىدۇ).

33 ـ مىسال.

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1^p+2^p+\cdots\cdots+n^p}{n^{p+1}}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$x_n=1^p+2^p+2^p+\cdots\cdots+n^p$$

$$y_n=n^{p+1}$$

دەپ ئالساق.

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1^p+2^p+\cdots\cdots+n^p}{n^{p+1}}$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{n^p}{n^{p+1}-(n-1)^{p+1}}$$

$$\lim_{n\to\infty}\frac{n^p}{(p+1)n^p-\frac{p(p+1)}{2}n^{p-1}+\cdots\cdots+(-1)^p}=\frac{1}{1+p}$$

34 ـ مىسال.

$$\lim_{n\to\infty}\frac{\ln n}{n}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$y_n=\ln n \qquad y_n=n$$

دەپ ئالساق.

$$\lim_{n\to\infty}\frac{\ln n}{n}=\lim_{n\to\infty}[\ln(n-\ln(n-1)]$$

$$=\lim_{n\to\infty} ln\left[1+\frac{1}{n-1}\right]=0$$

35 ـ مىسال . $\lim_{n\to\infty} a_n = a$ بولسا

$$\lim_{n\to\infty}\frac{a_1+a_2+\cdots+a_n}{n}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى: $x_n = a_1 + a_2 + \cdots + a_n$

$y_n = n$

دەپ ئالساق ئۇ ھالدا:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{a_1+a_2+\cdots+a_n}{n} = \lim \frac{a_n}{n-(n-1)}$$

$$=\lim_{n\to\infty} a_n = a$$

36 ـ مىسال : $\lim_{n\to\infty} a_n = a$ ، $ai>0$

$(i=1, 2\ldots.n)$

بولسا

$$\lim_{n\to\infty}\sqrt[n]{a_1\cdot a_2\cdots a_n}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$\sqrt[n]{a_1a_2\cdots\cdots a_n} = e^{\frac{1}{n}(lna_1+lna_2+\cdots+lna_n)}$$

يۇقۇرىدىكى مىسالدىن بىلەلەيمىزكى:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{lna_1+lna_2+\cdots+lna_n}{n}=\lim_{n\to\infty} lna = lna$$

شۇڭا:

$$\lim_{n\to\infty}\sqrt[n]{a_1\cdot a_2\cdots a_n}=e^{\ln a}=a.$$

37 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{\sqrt[n]{n!}}{n}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى: $a_n=\frac{n!}{n^n}$ دەپ ئالساق

$$a_n=a_1\cdot\frac{a_2}{a_1}\cdot\frac{a_3}{a_2}\cdots\frac{a_n}{a_{n-1}}$$

بولغانلىقتىن

يۇقۇرىدىكى مىسالنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن.

$$\lim_{n\to\infty}(a_n)^{\frac{1}{n}}=\lim_{n\to\infty}\left(a_1\cdot\frac{a_2}{a_1}\cdots\frac{a_n}{a_{n-1}}\right)^{\frac{1}{n}}$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{a_n}{a_{n-1}}=\lim_{n\to\infty}\frac{n!}{n^n}\cdot\frac{(n-1)^{n-1}}{(n-1)!}$$

$$=\lim_{n\to\infty}\left(1-\frac{1}{n}\right)^{n-1}=e^{-1}=\frac{1}{e}:$$

4. «ئىككى تەرەپتىن قىسىش» ئۇسۇلى بىلەن لىمىت ھېسابلاش:

لىمىت ماۋجۇتلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ 1 ـ ئۇسۇلى بىر تەرەپتىن ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن لىمىت ھېسابلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. 16 ـ، 17 ـ مىساللاردىن باشقا يەنە بىز تۆۋەندە بىر نەچچە مىسالنى تولۇقلاپ كۆرستىمىز.

38 ـ مىسال.

$$\lim_{n\to\infty}\left(\frac{1}{\sqrt{n^2+1}}+\frac{1}{\sqrt{n^2+2}}+\cdots\cdots+\frac{1}{\sqrt{n^2+n}}\right)$$

نى تېپىش كېرەك.



AltunOq

يېشلىشى:

$$\frac{n}{\sqrt{n^2+n}} < \frac{1}{\sqrt{n^2+1}} + \frac{1}{\sqrt{n^2+2}} + \cdots\cdots + \frac{1}{\sqrt{n^2+n}} < \frac{n}{\sqrt{n^2+1}}$$

شۇنىڭدەك:

$$\lim_{n\to\infty} \frac{n}{\sqrt{n^2+n}} = \lim_{n\to\infty} \frac{1}{\sqrt{1+\frac{1}{n}}} = 1$$

$$\lim_{n\to\infty} \frac{n}{\sqrt{n^2+1}} = \lim_{n\to\infty} \frac{1}{\sqrt{1+\frac{1}{n^2}}} = 1$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{n\to\infty} \left(\frac{1}{\sqrt{n^2+1}} + \frac{1}{\sqrt{n^2+2}} + \cdots + \frac{1}{\sqrt{n^2+n}}\right) = 1$$

39 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n]{1+e^{n(n+1)}}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشلىشى: $\times \leqslant -1$ بولغاندا

$$1 < \sqrt[n]{1+e^{(n\times+1)}} < \sqrt[n]{2}$$

$\times > -1$ بولغاندا:

$$e^{\times+1} < \sqrt[n]{1+e^{n(\times+1)}} < \sqrt[n]{2} \cdot e^{\times+1}$$

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n]{2} = 1$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n]{1+e^{n(\times+1)}} = \begin{cases} 1 & \text{بولغاندا } \times \leqslant -1 \\ e^{\times+1} & \text{بولغاندا } \times > -2 \end{cases}$$

5 . ماناتول چېگرالىنىشتىن پايدىلىنىپ لىمىتنى بەلگىلەش:

لىمىت ماۋجۇتلىقىغا هۆكۈم قىلىشنىڭ 2 ـ ئۇسۇلىمۇ، بىر ۋاقىتتا يەنىلا لىمىت ھېساپلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر.

40 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{G^n}{n!} \qquad (G<0)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى : $x_n = \frac{G^n}{n!}$ دەپ ئالساق:

$$x_{n+1} = \frac{C^{n+1}}{(n+1)!} = \frac{C^n}{n!}\cdot\frac{C}{n+1} = x_n\cdot\frac{C}{n+1}$$

بولغانلىقتىن، $n > C - 1$ بولغاندا: تەڭسىزلىك

$$0 < x_{n+1} < x_n$$

ئورۇنلۇق. يەنى

$\{x_n\}$ ماناتون كېمەيگۈچى شۇنىڭدەك تۆۋەن چېگراغا ئىگە سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى. لىمىت ماۋجۇتلىقىغا هۆكۈم قىلىشنىڭ 2 ـ ئۇسۇلىغا ئاساسەن $x_n$ ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى لىمىتكە ئىگە. بىز ئۇنى $a$ ئارقىلىق ئىپادە قىلساق، ئۇ هالدا:

$$\lim_{n\to\infty} x_{n+1} = \lim_{n\to\infty} x_n = a$$

$$\lim_{n\to\infty}\frac{c}{1+n} = 0$$

دېمەك :

$$\lim_{n\to\infty} x_{n+1} = \lim_{n\to\infty} x_n\cdot\frac{c}{1+n} = 0$$

يەنى :

$$\lim_{n\to\infty}\frac{c^n}{n!} = 0$$

41 ـ مىسال : سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى :

$$x_1 = \sqrt{c}\ ،\ x_2 = \sqrt{c+\sqrt{c}}\ \dots x_n = \sqrt{c+\sqrt{c+\sqrt{c+\dots+\sqrt{c}}}}$$

$n$ دانە يىلتىز .

بېرىلگەن . ( $c > 0$ ) ئۇنىڭ لىمىتىنى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى :

$$x_{n+1} = \sqrt{c+x_n}$$

$$x_{n+1} - x_n = \sqrt{c+x_n} - \sqrt{c+x_{n-1}}$$

$$= \frac{x_n - x_{n-1}}{x_{n+1} + x_n}$$

بولغانلىقتىن

$x_{n+1} - x_n$ نىڭ ئوڭ ـ تەتۈر بولۇشى $x_n - x_{n-1}$ نىڭ ئوڭ ياكى تەتۈر بولۇشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ . مۇشۇنىداق داۋاملاشتۇرساق $x_{n+1} - x_n$ نىڭ ئوڭ تەتۈر بولۇشى $x_2 - x_1$ نىڭ ئوڭ ـ تەتۈر بولۇشى بىشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ .

$$x_2 - x_1 = \sqrt{c+\sqrt{c}} - \sqrt{c} = \frac{\sqrt{c}}{\sqrt{c+\sqrt{c}}+\sqrt{c}} > 0$$

دېمەك : $x_{n+1} - x_n > 0$ يەنى

$x_{n+1} > x_n$ .

شۇنىڭدەك:

$$x_1 = \sqrt{c} < \sqrt{c}+1$$

$$x_2 = \sqrt{c+\sqrt{c}} < \sqrt{c}+1$$

ماتېماتىكىلىق ئىندوكسىيە مېتودى ئارقىلىق

$$x_n < \sqrt{c}+1$$

بولىدىغانلىقىنى ئىسپات قىلىش قىيىن ئەمەس . شۇنداق قىلىپ { $x_n$ } ماناتون ئۆسۈ ـ كۈچى . شۇنىڭدەك يۇقۇرى چېگراغا ئىگە سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى . 2 ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇ ـ لىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشىمىز مۇمكىنكى بۇ سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى لىمىتقا ئىگە ، ئۇنى $a$ ئارقىلىق ئىپادە قىلايلى .

$$x^2_{n+1} = x_n + c$$

تەڭلىمىكتىن لىمىت ئالساق :

$$a^2 = c + a$$

$$a = \frac{1 \pm \sqrt{4C+1}}{2}$$

گە ئىگە بولىمىز . $a$ نىڭ تەتۈر بولىشى مۇمكىن ئەمەس .

شۇڭا :

$$\lim_{a \to \infty} x_n = a = \frac{\sqrt{4c+1}+1}{2}$$

6 . فونكىتسىيە لىمىتىدىن پايدىلىنىپ سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقىنىڭ لىمىتىنى تېپىش .
فونكىتسىيە لىمىتى بىلەن سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى لىمىتى ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك مۇ ـ ناسىۋەت بار .

$\lim_{x \to x_0} f(x) = A$ ( $A$ چەكلىك ياكى $\infty$ بولۇش مۇمكىن ) بولۇشنىڭ زۆرۈر ۋە يېتەرلىك شەرتى ھەر قانداق $x_0$ نى لىمىت قىلغان سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى ( $x_0 \neq x_a$ ) $x_n$ گە نىسبەتەن

$$\lim_{n \to \infty} f(x_n) = A$$

دىن ئىبارەت .

( فۇدەن داشۆ تۈزگەن « ماتېماتىكا ئانالىزى » ئىككىنچى نەشرى 1 ـ كىتاپ 88 ـ بەت ـ كە قارالسۇن ).
يۇقۇرىدىكى مۇناسىۋەتكە ئاساسەن فونكىتسىيە لىمىتىدىن **پايدىلىنىپ** سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقى ـ لىقىنىڭ لىمىتىنى ساپلىيالايمىز .

42 ـ مىسال.

$$\lim_{n\to\infty} \cos\frac{a}{2}\cdot\cos\frac{a}{2^2}\cdots\cdots\cos\frac{a}{2^n}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$\sin a = 2\sin\frac{a}{2}\cdot\cos\frac{a}{2} = 2^2\cos\frac{a}{2}\cdot\cos\frac{a}{2^2}\cdot\sin\frac{a}{2^2}$$

$$= \ldots = 2^n\cos\frac{a}{2}\cdot\cos\frac{a}{2^2}\ldots\cos\frac{a}{2^n}\cdot\sin\frac{a}{2^n}$$

بولغانلىقتىن

$$\cos\frac{a}{2}\cos\frac{a}{2^2}\ldots\cos\frac{a}{2^n} = \frac{\sin a}{2^n\sin\frac{a}{2^n}}$$

$$= \frac{\sin a}{a}\cdot\frac{1}{\frac{\sin\frac{a}{2^n}}{\frac{a}{2^n}}}$$

$$\lim_{x\to\infty}\frac{\sin x}{x} = 1$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{n\to\infty}\frac{\sin\frac{a}{2^n}}{\frac{a}{2^n}} = 1$$

شۇڭا:

$$\lim_{n\leftarrow\infty}\cos\frac{a}{2}\cdot\cos\frac{a}{2^2}\ldots\cos\frac{a}{2^n} = \frac{\sin a}{a}$$

43 ـ مسال.

$$\lim_{n\to\infty}(1+a)(1+a^2)\ldots(1+a^{2^n}) \qquad (|a|<1)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$(1+a)(1+a^2)\cdots\cdots(1+a^{2n})$$

$$=\frac{(1-a)(1+a)(1+a^2)\cdots\cdots(1+a^{2n})}{1-a}$$

$$=\frac{1-a^{2^{n+1}}}{1-a}=\frac{1}{1-a}-\frac{a^{2^{n+1}}}{a-1}$$

شۇنىڭدەك:

$$\lim_{x\leftarrow\infty}|a|^x=\lim_{n\to\infty}a^{2^{n+1}}=$$

بولغانلىقتىن:

$$\lim_{n\to\infty}(1+a)(1+a^2)\cdots\cdots(1+a^{2n})=\frac{1}{1-a};$$

44ـ مسال:

$$\lim_{n\to\infty}Sin^2\sqrt{n^2+n}\,\pi$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$Sin\sqrt{n^2+n}\,\pi=Sinn\,\pi\left(\sqrt{1+\frac{1}{n}}-1+1\right)$$

$$= (-1)^n \sin n\pi \left(\sqrt{1+\frac{1}{n}}-1\right)$$

$$= (-1)^n \sin \frac{\pi}{\sqrt{1+\frac{1}{n}}+1}$$

$$\lim_{x \to \frac{\pi}{2}} \sin x = 1 \sin \frac{\pi}{2} = 1$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{n \to \infty} \sin^2 \sqrt{n^2+n}\,\pi$$

$$= \lim_{n \to \infty} \sin^2 \frac{\pi}{\sqrt{1+\frac{1}{n}}+1}$$

$$= \sin^2 \frac{\pi}{2} = 1$$

45 ـ مىسال.

$$\lim_{n \to \infty} \overbrace{\sin \cdot \sin \cdots\cdots \sin x}^{n \text{ دانە}}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى :

$$x_n = \overbrace{\sin \cdot \sin \cdots\cdots \sin x}^{n \text{ دانە}} \quad 0 \leqslant x \leqslant 2\pi$$

دەپ ئالساق.

.1° $x = 0$ بولغاندا ناھايىتى روشەنكى

$$\lim_{n \to \infty} x_n = 0$$

.2° $0 < x < \frac{\pi}{2}$ بولغاندا

$$0<\sin x<x$$

دىمەك :

$$0<x_n<x_{n-1}$$

يەنى : $\{x_n\}$ ماناتون كېمەيگۈچى شۇنىڭدەك تۆۋەن چېگراغا ئىگە سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى . 2ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ، بۇ سانلار ئارقىمۇـئارقىلىقى لىمىتتكە ئىگە، ئۇنى $a$ بىلەن ئىپادە قىلايلى.

$$x_n=\sin x_{n-1}$$

تەڭلىكتىن لىمىت ئالساق.

$$a=\lim_{n\to\infty} x_{n-1}$$

گە ئېرىشىمىز.

$$\lim_{x\to x_0}\sin x=\sin x_0$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{n\to\infty}\sin x_{n-1}=\sin a$$

بولىدۇ. دىمەك:

$$a=\sin x_{n-1}$$

شۇڭا $a=0$ يەنى:

$$\lim_{n\to\infty}\overbrace{\sin\sin\cdots\cdots\sin}^{n \text{ دانە}} x=0$$

.3° $\frac{\pi}{2}<x<2\pi$ بولغاندا

$$\sin x=\sin(\pi-x)$$

بۇنىڭدا

$$0<\pi-x<\frac{\pi}{2}$$

دىمەك، 2 گە ئاساسەن:

$$\lim_{n\to\infty}\overbrace{\sin\cdots\cdots\sin}^{n \text{ دانە}} x$$

$$=\lim_{n\to\infty}\overbrace{\sin\sin\cdots\cdots\sin}^{n \text{ دانە}}(\pi-x)=0$$

.4° $\pi<x<2\pi$ بولغاندا

$$\sin x=-\sin(2\pi-x)$$

بۇنىڭدا

$$0 < 2\pi - x < \pi$$

دىمەك $2^\circ$ . $3^\circ$ گە ئاساسەن:

$$\lim_{n \to \infty} \overbrace{\sin \cdot \sin \cdots \cdots \sin}^{n \text{ دانە}} x$$

$$= -\lim_{n \to \infty} \overbrace{\sin \cdot \sin \cdots \cdots \sin}^{n \text{ دانە}} (2\pi - x) = 0$$

7 . ئېنىق ئىنتېگرالدىن پايدىلىنىپ ھېسابلاش:

ئېنىق ئىنتېگرال ئەمەلىيەتتە ، ئىنتېگرال يىغىندىسىنىڭ لىمىتى بولغانلىقتىن $f(x)$ فۇنـ ـكتسىيىنىڭ $[a,b]$ ئارىلىقتىكى ئېنىق ئىنتېگرالى ماۋجۇت بولسا

$$\int_a^b f(x)\,dx = \lim_{n \to \infty} \sum_{i=1}^{n} f(x_i) \frac{b-a}{n}$$ بولىدۇ.

بۇنىڭدا:

$$x_i = a + \frac{b-a}{n} i \quad (i = 1, 2, \cdots\cdots n)$$

سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى بىر يىغىندا بولغاندا ، ئېنىق ئىنتېگرال ئارقىلىق ئۇنىڭ لىـ ـمىتىنى تېپىشنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ .

( فۇدەن داشۆ تۈزگەن « ماتېماتىكا ئانالىزى » ئىككىنچى نەشرى 2 ـ قىسىم 2 ـ باپقا قارالسۇن )

46 ـ مىسال:

$$\lim_{n \to \infty} \left( \frac{1}{n+1} + \frac{1}{n+2} + \cdots\cdots + \frac{1}{n+n} \right)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىمى:

$$\frac{1}{n+1} + \frac{1}{n+2} + \cdots + \frac{1}{n+n}$$

$$=\frac{1}{n}\left(\frac{1}{1+\frac{1}{n}}+\frac{1}{1+\frac{2}{n}}+\cdots\cdots+\frac{1}{2}\right)$$

$$=\sum_{i=1}^{n}\frac{1}{1+\frac{i}{n}}\cdot\frac{1}{n};$$

تەڭلىكتىن بىلەلەيمىزكى

$$a=0 \qquad b=1 \qquad f(x)=\frac{1}{1+x}$$

دەپ ئالساق

$$\lim_{n\to\infty}\left(\frac{1}{1+n}+\frac{1}{n+2}+\cdots\cdots+\frac{1}{n+n}\right)$$

$$=\lim_{n\to\infty}\sum_{i=1}^{n}\frac{1}{1+\frac{i}{n}}\cdot\frac{1}{n}=\int_0^1\frac{1}{1+x}dx=\ln 2 .$$

47 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1^p+2^p+\cdots\cdots+n^p}{n^{p+1}} \qquad (P>0)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$\frac{1^p+2^p+\cdots\cdots+n^p}{n^{p+1}}=\sum_{i=1}^{n}\left(\frac{i}{n}\right)^p\cdot\frac{1}{n}$$

تەڭلىكتىن بىلەلەيمىزكى

$$a=0. \qquad b=1. \qquad f(x)=x^p$$

دەپ ئالساق.

$$\lim_{n\to\infty}\frac{1^p+2^p+\cdots+n^p}{n^{p+1}}$$

$$=\lim_{n\to\infty}\sum_{i=1}^{n}\left(\frac{i}{n}\right)^p\cdot\frac{1}{n}=\int_0^1 x^p\,dx$$

Altun Oq

$$= \frac{1}{P+1} \cdot x^{p+1} \Big|_0^1 = \frac{1}{P+1} ;$$

48 ـ مىسال:

$$\lim_{n \to \infty} \frac{1}{n}\left(\sqrt{1+\frac{1}{n}} + \sqrt{1+\frac{2}{n}} + \cdots\cdots + \sqrt{1+\frac{n}{n}}\right)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$\frac{1}{n}\left(\sqrt{1+\frac{1}{n}} + \sqrt{1+\frac{2}{n}} + \cdots + \sqrt{1+\frac{n}{n}}\right)$$

$$= \sum_{i=1}^{n} \sqrt{1+\frac{i}{n}} \cdot \frac{1}{n}$$

تەڭلىكتىن بىلەلەيمىزكى:

$$a = 0 \quad , \quad b = 1 \quad , \quad f(x) = \sqrt{1+x}$$

دەپ ئالساق: ئۇ ھالدا

$$\lim_{n \to \infty} \frac{1}{n}\left(\sqrt{1+\frac{1}{n}} + \sqrt{1+\frac{2}{n}} + \cdots\cdots + \sqrt{1+\frac{n}{n}}\right)$$

$$= \lim_{n \to \infty} \sum_{i=1}^{n} \sqrt{1+\frac{i}{n}} \cdot \frac{1}{n} = \int_0^1 \sqrt{1+x}\, dx$$

$$= \frac{2}{3}(1+x)^{\frac{2}{3}}\Big|_0^1 = \frac{2}{3}(2\sqrt{2}-1)$$

49 ـ مىسال:

$$\lim_{n \to \infty} \sin\frac{\pi}{n} \cdot \left(\frac{1}{2+\cos\frac{\pi}{n}} + \frac{1}{2+\cos\frac{2\pi}{n}} + \cdots + \frac{1}{2+\cos\frac{n\pi}{n}}\right)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$Sin\frac{\pi}{n}\cdot\left(\frac{1}{2+cos\frac{\pi}{n}}+\frac{1}{2+cos\frac{2\pi}{n}}+\cdots+\frac{1}{2+cos\frac{n\pi}{n}}\right)$$

$$=Sin\frac{\pi}{n}\cdot\sum_{i=1}^{n}\frac{1}{2+cos\frac{i\pi}{n}}$$

$$=\frac{Sin\frac{\pi}{n}}{\frac{\pi}{n}}\cdot\sum_{i=1}^{n}\frac{1}{2+cos\frac{i\pi}{n}}\cdot\frac{\pi}{n}$$

تەڭلىكتىن بىلەلەيمىز كى:

$f(x)=\frac{1}{2+cosx}$ ، $b=\pi$ ، $a=O$ دەپ ئالساق.

$$\lim_{n\to\infty}Sin\frac{\pi}{n}\left(\frac{1}{2+cos\frac{\pi}{n}}+\frac{1}{2+cos\frac{2\pi}{n}}+\cdots+\frac{1}{2+cos\frac{n\pi}{n}}\right)$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{Sin\frac{\pi}{n}}{\frac{\pi}{n}}\cdot\sum_{i=1}^{n}\frac{1}{2+cos\frac{i\pi}{n}}\cdot\frac{\pi}{n}$$

$$=\lim_{n\to\infty}\frac{Sin\frac{\pi}{n}}{\frac{\pi}{n}}\cdot\lim_{n\to\infty}\sum_{i=1}^{n}\frac{1}{2+cos\frac{i\pi}{n}}\cdot\frac{\pi}{n}$$

$$=\lim_{n\to\infty}\sum_{i=1}^{n}\frac{1}{2+cos\frac{i\pi}{n}}\cdot\frac{\pi}{n}=\int_{0}^{\pi}\frac{1}{2+cos\,x}dx$$

$$=\frac{1}{\sqrt{3}}arc\ tg\left(\frac{1}{\sqrt{3}}\cdot tg\frac{x}{2}\right)\Big|_{0}^{\pi}=\frac{\pi}{\sqrt{3}};$$

50 ـ مىسال:

$$\lim_{n\to\infty}\left(\frac{2^{\frac{1}{n}}}{n+1}+\frac{2^{\frac{2}{n}}}{n+\frac{1}{2}}+\cdots+\frac{2^{\frac{1}{n}}}{n+\frac{1}{n}}\right)$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$0<\frac{1}{n}-\frac{1}{n+\frac{1}{K}}=\frac{\frac{1}{K}}{n(n+\frac{1}{K})}=\frac{1}{n(nK+1)}<\frac{1}{n^{2}}$$

بولغانلىقتىن:

$$0<\frac{1}{n}\sum_{K=1}^{n}2^{\frac{K}{n}}-\sum_{K=1}^{n}\frac{2^{\frac{K}{n}}}{n+\frac{1}{K}}<\frac{1}{n^{2}}\sum_{K=1}^{n}2^{\frac{K}{n}}<\frac{2}{n}\ .$$

1 ـ ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن:

$$\lim_{n\to\infty}\left(\frac{1}{n}\sum_{K=1}^{n}2^{\frac{K}{n}}-\sum_{K=1}^{n}\frac{2^{\frac{K}{n}}}{n+\frac{1}{K}}\right)=0\ .$$

يەنى:

$$\lim_{n\to\infty}\sum_{K=1}^{n}\frac{2^{\frac{K}{n}}}{n+\frac{1}{n}}=\lim_{n\to\infty}\sum 2^{\frac{K}{n}}\cdot\frac{1}{n}$$

$$=\int_{0}^{1}2^{x}dx=\frac{1}{ln2}\ ;$$

8 ـ ستىرلىنگ فورمۇلاسىدىن پايدىلىنىپ لىمىتنى تېپىش:

ئەگەر سانلار ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقى $x_n$ ، $n!$ نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇ هالدا ستىر- لىنگ فورمۇلاسى

$$n! = \sqrt{2n\pi}\left(\frac{n}{e}\right)^n \cdot e^{\frac{\theta}{12n}} \qquad (0<\theta<1)$$

دىن پايدىلىنىپ بۇ ئارقىمۇ ـ ئارقىلىقنىڭ لىمىتىنى تېپىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

( پىختىنگولتس يازغان «دىففېرېنسىال ئىنتېگرال دەرسلىكى» 2 ـ بۆلۈم ئىككىنچى قىسمىدىن پايدىلىنىلسا بولىدۇ).

51 ـ مىسال.

$$\lim_{n\to\infty} \sqrt[n^2]{n!}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى: ستىرلىنگ فورمۇلاسىغا ئاساسەن:

$$(n!)^{\frac{1}{n^2}} = \left[(2n\pi)^{\frac{1}{2}}\left(\frac{n}{e}\right)^n e^{\frac{\theta}{12n}}\right]^{\frac{1}{n^2}}$$

$$= (2n\pi)^{\frac{1}{2n^2}}\left(\frac{n}{e}\right)^{\frac{1}{n}} e^{\frac{\theta}{12n^3}}$$

بولىدۇ . شۇنىڭدەك.

$$\lim_{n\to\infty}\left(\frac{n}{e}\right)^{\frac{1}{n}} = \lim_{n\to\infty}\frac{n^{\frac{1}{n}}}{e^{\frac{1}{n}}} = 1$$

$$\lim_{n\to\infty} e^{\frac{1}{12n^3}} = 1$$

$$\lim_{n\to\infty}(2n\pi)^{\frac{1}{2n^2}} = \lim_{n\to\infty} e^{\frac{1}{2n^2}\ln 2n\pi} = 1$$

دېمەك:

$$\lim_{n\to\infty}\sqrt[n^2]{n!} = \lim_{n\to\infty}(2n\pi)^{\frac{1}{2n^2}} \lim_{n\to\infty}\left(\frac{n}{e}\right)^{\frac{1}{n}} \lim_{n\to\infty} e^{\frac{\Theta}{12n^3}} = 1.$$

52 ــ مىسال.

$$\lim_{n\to\infty}\frac{n}{\sqrt[n]{n!}}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى:

$$\frac{n}{\sqrt[n]{n!}} = \frac{n}{(2n\pi)^{\frac{1}{2n}}\cdot\left(\frac{n}{e}\right)\cdot e^{\frac{\Theta}{12n}}} = \frac{e}{(2n\pi)^{\frac{1}{n\,2}}\, e^{\frac{\Theta}{12n}}}$$

$$0 < \theta < 1$$

شۇنىڭدەك :

$$\lim_{n\to\infty}(2n\pi)^{\frac{1}{2n}} = 1$$

$$\lim_{n\to\infty} e^{\frac{\Theta}{12n}} = 1.$$

بولغانلىقتىن

$$\lim_{n\to\infty}\frac{n}{\sqrt[n]{x!}} = e.$$

53 ــ مىسال.

$$\lim_{n\to\infty}\frac{n}{\sqrt[n]{(2n-1)!!}}$$

نى تېپىش كېرەك.

$$\left( (2n-1)!! = 1\cdot3\cdot5\cdots\cdots 2n-1, \qquad (2n)!! = 2\cdot4\cdots\cdots 2n \right).$$

بېشلىنىشى

$$(2n-1)!!=\frac{(2n-1)!!(2n)!!}{2n)!!}=\frac{(2n)!}{(2n)!!}=\frac{(2n)!}{2^n . n!}$$

$$=\frac{\sqrt{4n\pi}\left(\frac{2n}{e}\right)^{2n} \cdot e^{\frac{\Theta}{24n}}}{2^n . \sqrt{2n\pi} . \left(\frac{n}{e}\right)^n e^{\frac{\Theta'}{12n}}} \quad (0<\Theta<1 4,\ 0<\Theta'<1)$$

$$=\sqrt{2}\left(\frac{2n}{e}\right)^n e^{\frac{\Theta-2\Theta'}{24n}}$$

بولىدۇ . ئۇ هالدا:

$$\frac{n}{\sqrt[n]{(2n-1)!!}}=\frac{1}{2^{\frac{1}{2n}} \cdot \frac{2}{e} \cdot e^{\frac{\Theta-2\Theta'}{24n}}}$$

شۇنىڭدەك.

$$\lim_{n\to\infty} 2^{\frac{1}{2n}}=1 \qquad \lim_{n\to\infty} e^{\frac{\Theta-2\Theta}{24n}}=1.$$

دېمەك.

$$\lim_{n\to\infty}\frac{n}{\sqrt[n]{(2n-1)!!}}=\frac{e}{2}.$$

54 ـ مىسال.

$$\lim\frac{\ln n!}{\ln n^n}$$

نى تېپىش كېرەك.

يېشىلىشى: ستىرلىنگفورمىلاسىغا ئاساسەن:

$$\frac{\ln n!}{\ln n^{n}}=\frac{\ln \sqrt{2n\pi}\left(\frac{n}{e}\right)^{n} e^{\frac{\theta}{12n}}}{n\ln n} \qquad (0<\Theta<1).$$

$$=\frac{\ln \sqrt{2n\pi}}{n\ln n}+\frac{\ln n-1}{\ln n}+\frac{\Theta}{12n^{2}\ln n}$$

$$=1+\frac{1}{2}\frac{\ln 2\pi}{n\ln n}+\frac{1}{2}\cdot\frac{1}{n}-\frac{1}{\ln n}+\frac{\Theta}{12n^{2}\ln n}$$

بولىدۇ. شۇنىڭدەك :

$$\lim_{n\to\infty}\frac{\ln 2\pi}{n\ln n}=0 \qquad \lim_{n\to\infty}\frac{1}{\ln n}=0$$

$$\lim_{n\to\infty}\frac{\Theta}{12n^{2}\ln n}=0$$

دىمەك:

$$\lim_{n\to\infty}\frac{\ln n!}{\ln n^{n}}=1$$

(رىشات ياقۇپ، مەمتىمىن ھەسەن تەرجىمىسى)

---

(بېشى 30 ـ بەتتە)

چىقتى ئىشكتىن بىر پەرى،
مەستانە كۆزلىك دىلبىرى.

كۆرگەنچە توياسىز كۆزلەرىم،
كۆردۇم ئەجايىپ مەنزىرى.

كۆرگەچ ئەنى خۇرسەن بولۇپ،
ئۇچتۇم يېرىمىدىن مىڭ قەرى.

دىگەنلەردەك.

دەرۋەقە، شائىر سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر يېگىسارى ( ناقىس ) نىڭ شېئىرى ئىجا ـ دىيىتى يۇقۇرقىدەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى يەنە مەلۇم چەكلىمىلىككىمۇ ئىگە ؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئوقۇغاندا بۇ نۇقتىنى جەزمەن تەدىقىت قىلىش كېرەك . ئۇنىڭدىكى پاسسىپ كۆز قاراشلارنى رەت قىلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

# ئالىي سىفەن ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى بىر قانچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

لى بىڭدې

(لىنتىغا ئېلىنغان سۆزىگە ئاساسەن رەتلەندى، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمىگەن)

تەھرىر ئىلاۋىسى: پىروفېسسور لى بىڭدې — سابىق غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، گەنسۇ ئۆلكىلىك دېموكراتىك بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، گەنسۇ ئۆلكىلىك مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىلمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى 1983 - يىلى 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن مەكتىۋىمىزگە كېلىپ «ئالىي سىفەن ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى بىر قانچە مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى، بۇ مەكتىۋىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن قوزغۇتۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە، بىز لى بىڭدې ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن، بۇ سانىدا دوكلاتىنى ئالاھىدە ئېلان قىلدۇق.

ئالىي سىفەن ئوقۇتۇش خىزمىتىدە، مېنىڭچە تۆۋەندىكى 10 خىل مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىز كىتاب ئوقۇتۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئادەم تەربىيىلىشىمىز كېرەك. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؟ تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا ئادەم تەربىيىلەش دېسەك بولىدۇ، كىتاب ئوقۇتۇش يەنىلا ئادەم تەربىيىلەش ئۈچۈن بولىدۇ. كۆپچىلىك كىتابقا ئېتىبار بېرىدۇ، مېنىڭچە تېخىمۇ ئاساسلىقى يەنىلا ئادەم مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك، ئوقۇتۇش ئوبيېكتى مەسىلىسىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك. بۇ يەردە ئىككى خىل مەنا بار: بىرى ئادەم تەربىيىلەش، بىز ھازىر كۆزلەۋاتقان ئوقۇتۇش ئوبيېكتلىرى ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشىمىز، ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىشىمىز لازىم، ئوقۇتقۇچىلار دەرس تەييارلاشتا، سىز تەربىيىلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى. ئۇلارنىڭ نى-

ملەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ قانداقلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىز ئوقۇتماقچى بولغا دەرسكە نىسبەتەن قانچىلىك بىلىم تەييارلىقىنىڭ بارلىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئەتىۋارغا ئېلىشىمىز كېرەك. شۇڭلاشقا، دەرس تەييارلاش ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى دائىم «ئىككى باشنى پىششىق بىلىش» دېگەن سۆزنى دېيىشىدۇ، بىر باش كىتاب، يەنە بىر باش ئوقۇغۇچى، بۇ ھەم ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ھەم ئوقۇغۇچىنى چۈشىنىش دېگەن سۆز. مېنىڭچە، ئالىي مەكتەپ ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ بۇ سۆز ئوخشاشلا مۇھىم؛ يەنە بىر خىل مەنىسى — ئوقۇغۇچىلارنى كەلگۈسىدە قانداق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش. ئۇلار ھازىر خام ئەشيا، بىزنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىشىمىزگە ئېھتىياجلىق. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپلىرى ئوخشاشمايدۇ، سانائەت ئۆگىنىدىغان، يېزا ئىگىلىك ئۆگىنىدىغان، دوختۇرلۇق ئۆگىنىدىغان كەسىپلەر بار. بىز ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيمىز، كەسىپلەر پەرقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە بىر ئورتاقلىق مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ، ھەم قىزىللىشىش ھەم ئىختىساسلىشىشتىن ئىبارەت. ھەم ئىدىيىۋى پەزىلىتىنىڭ يېتىلىشىدە ھەم كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىدە دىققەت قىلىش لازىم. ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش، مەكتەپ پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، سىياسىي يېتەكچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. «ئىختىساسلىق» بولۇشقا نىسبەتەن، ئاددىي ھالدا پەقەت بىرەر كەسپىي بىلىمنىلا ئىگەللىسە بولىدىغۇ دەپ قارىماسلىق كېرەك. بۇنداق دەپ قاراش يېتەرلىك ئەمەس، يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ئاساسەن ئەلۋەتتە: «ئىختىساسلىق» بولۇشقا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇشىمىز كېرەك، يەنى بىز تەربىيىلەۋاتقان كىشىلەر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئۆزى ئوقۇۋاتقان پەندىكى ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىگەللەپلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى يېڭى ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشى، ئۇچرىغان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك، مانا بۇ «ئىختىساسلىق» بولۇشقا قويۇلىدىغان تەلەپ، شۇڭلاشقا، بىز ھازىرقى مەسىلىلەرنىلا ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ كەلگۈسىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ تەلەپنى يۇقىرى تەلەپ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. قانداق قىلغاندا بۇ خىل كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىققىلى بولىدۇ؟

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر بولغان بىرىنچى مەسىلە، دەل كىتاب ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىشتىن ئىبارەت. كىتاب ئوقۇتۇش ئادەم تەربىيىلەش ئۈچۈندۇر. ئاساسى جەھەتتىن يەنىلا ئادەمنى ياخشى تەربىيىلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قانداق قىلغاندا ئادەمنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چۈشىنىش كېرەك. كۆز ئالدىمىزدىكى ئېھتىياجنى چۈشىنىش كېرەك. ئەھۋالغا قاراپ پىلانلىق تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئۆز كەسپىدە، خىزمەت ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، كەلگۈسىدە ئۇچرايدىغان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، ئوقۇتۇش ئىككى تەرەپلىمە پائالىيەت. ئۇ ئۆگىنىش بىلەن ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشىنى بىر-

لەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئوقۇتۇش پائالىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. ئۆگىتىش بىلەن ئۆگىنىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ بىرلىكتە ئوسۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۆگىتىشنىڭ ئۆگىنىش ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنىڭ ئۆگىتىشتە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەك. بىز ئوقۇتۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولىدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەت بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ياش قۇرامىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋەزىپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ ۋەزىپىسى ئوخشىمايدۇ، ئالىي مەكتەپنىڭ ئالدىنقى مەزگىلى بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئوخشىمايدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇستەقىل خىزمەت قىلىشقا دىققەت قىلىشلىرى كېرەك. ئۆگىنىشتىمۇ مۇستەقىل بولۇشلىرى كېرەك. ئالىي مەكتەپنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە ئاساسى بىلىمنى يېتىلدۈرۈشكە ئەتىۋار بېرىش، ئاخىرقى مەزگىلدە مۇستەقىل خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى تەكىتلەش، ھەتتا بەزى پەن تەتقىقات تەركىپلىرىنى كۆپەيتىش، ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچى مەن ئۆگەتكۈچى، ئۇ ئۆگەنگۈچى، ئۇنىڭ قانداق ئۆگەنگىنى بىلەن كارىم يوق دېمەسلىك كېرەك. سەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشىگە دىققەت قىلىشىڭ، ئوقۇتۇش مېتودىغا ئەھمىيەت بېرىشىڭ كېرەك. كۆپچىلىك ئوقۇتۇش مېتودى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىتىلغان دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش مېتودى تەكىتلەنمەيدۇ، كەسپىلا سۆزلەنسە بولىدۇ دەيدىغان كۆز قاراش تۈپتىن خاتا. ئالىي مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇتۇش مېتودى تەكىتلىنىشى كېرەك. بۇ مېتود ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مېتودىدىن پەرقلىق بولىدۇ، سەن ئۆزەڭنىڭ مېتودىنى قوللىنىشىڭ، ئالىي مەكتەپ خۇسۇسىيىتىگە ماس كېلىدىغان مەلۇم بىر خىل پەننىڭ مېتودىنى قوللىنىشىڭ كېرەك. سەن يەنىلا ئوقۇتۇش مېتودىنى تەكىتلىشىڭ كېرەك، ئالىي مەكتەپنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانداق ئۆگىنىشىگە، بەلكى قانداق قىلىپ ياخشى ئۆگىنىشىگە دىققەت قىلىشىڭ لازىم.

ئۈچىنچى، ئالىي مەكتەپلەر يارامىلىق - ئەمىلي ئۆگەنگەن ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش كېرەك. يارامىلىق - ئەمىلي ئۆگەنگەندىگەنلىك، ئەڭ ئەۋۋەل ھازىرقى زامان بىلىملىرىنى ئەگەللەشنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بىلىم ئىگەللەش مەسىلىسىدە، بىلىمنىڭ كەڭلىكى بىلەن چوڭقۇرلۇقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئالغاندا، بۇ مۇناسىۋەتنى زادى قانداق ياخشى بىر تەرەپ قىلغان ياخشى؟ بىلىم دائىرىسى كەڭ بولىشى كېرەكمۇ ياكى يۇقىرى - چوڭقۇر بولۇشى كېرەكمۇ؟ ئەلۋەتتە بىرەر پەننى ئۆگىنىش قانچە چوڭقۇر بولسا شۇنچە ياخشى، لېكىن ئالغان بىلىمنىڭ چوڭقۇرلىقى كەڭ بولىشى ئاساسىدا بولىشى كېرەك. كەڭ بولمىسا، چوڭقۇر، يۇقۇرلۇقتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر يالغۇز دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئالىي مەكتەپلەردە بىر ئورتاق مەسىلە ساقلانماقتا. ئۇ بولسىمۇ كەسپلەر بەك تار، ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس، بۇ بىزنىڭ بىر كەمچىللىكىمىز، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز سوۋېتنىڭ بەزى ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندۇق، بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى چوڭ ئۇنۇمگە ئېرىشتۇق، لېكىن ھازىر قارىساق بەزىلىرى بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ كەسپلەرنى ئاجرىتىشىمىز بەكتار بولۇپ قاپتىكەن. ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئاران شۇنچىلىك بىرنىمىنى بىلەلەيدىكەن، ئاساسى يېتەرسىز بولۇپ ئۆ-



AltunOq

گىنىشى بەك ئۆلۈك، بەك تار، شۇڭلاشقا، تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كەڭ بولماي تار بولۇپ چىقتى. بۇنى ئالىي سانائەت مەكتەپلىرىدىكى ئەھۋاللاردىن بەك ئوچۇق كۆرۈشكە بولىدۇ. بىزنىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىمىزدىمۇ بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. هازىر پۈتۈن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى بىلىمنىڭ كەڭ بىرلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى هازىر هەر خىل پەنلەر ئۆز ئارا بىر - بىرىگە سىڭىپ كىرىۋاتقان، بىر - بىرىگە تەسىر قىلىۋاتقان شارائىتتا، ئازغىنا بىلىم بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىۋىگە، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلاشقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا هازىر ئاساسنى كەڭرەك قىلىپ قۇرۇش تەكىتلىنىۋاتىدۇ، مەن بۇ يەردە بىر مىسال ئېلىپ كۆرەي: مەن بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئامېرىكىغا زىيارەتكە باردىم، ۋىسكونسىن شىتاتىنىڭ شىتات باشقۇرغان ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ مۇناسىۋەتنى ناهايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان، ئۇلار بۇنداق قىلىشنى ئومۇم مائارىپنىڭ ئاساسى دېيىشىپتۇ. بۇ ئومۇم مائارىپ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى بىلىم دائىرىسى كەڭرەك بولۇش دېگەنلىك ئىكەن. ئۇ مەكتەپنىڭ نۇرغۇن شۆبە مەكتەپلىرى بار ئىكەن، بۇنىڭدا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، تەبىئىي پەن ئىنستىتۇتى، قانۇن ئىنستىتۇتى، سودا ئىنستىتۇتى، سانائەت ئىنستىتۇتى ۋە 11 پاكولتېت تەسىس قىلىنغان. ئۇلار مۇنداق ئۇسۇل قوللىنىپتۇ، هەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆز پاكولتېتىدا 62 شوفېن ئوقۇشى ( ئۇلا شوفېن هېساپلايدىكەن، ئوقۇتۇش سائىتى هېساپلانمايدىكەن )، ئۇندىن باشقا قالغان 10 پاكولتېتنىڭ هەر بىرىدە 6 شوفېندىن كۆپرەك ئوقۇشى ( جەمئىي 124 شوفېن ئوقۇپ پۈتتۈرىدىكەن ) تەلەپ قىلىنغان. ئەگەر سىز جۇغراپىيىدە ئوقۇغان بولسىڭىز، يەنە تارىخ، فىزىكا خىمىيە، ماتېماتىكا، سەنئەت قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك ئىكەن، هەر بىر كەسىپتىن ئىككى دەرسنى ئوقۇشىڭىز، بىر ماۋسۇمدا بىر پەن هەر بىر ھەپتىگە ئۈچ سائەتتىن توغرا كەلگەن. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى مۇشۇنداق كېڭەيتكەن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇسۇلى نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ، ئامېرىكا مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بىرلەشمىسى بۇ مەكتەپكە 860 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئامېرىكىنىڭ هەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارغىمۇ مۇنداق ئىلھام بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى: بۇ ئۇسۇلىمىز ئامېرىكا بويىچە ئەڭ ئالدىدا ماڭغان دېدى. ئامېرىكا بويىچە مەشھۇر موزىل تەبىئىي پەن سانائەت ئىنستىتۇتى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئىجتىمائىي پەننىڭ $\frac{1}{4}$ نى ئۆگىنىپ بولۇشنى تەلەپ قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلار ئەگەر 40 خىل دەرس ئوقۇيدۇ دېگەندە، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز دېگەندە 10خىل ئىجتىمائىي پەن بولىدۇ. ئامېرىكىدىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى يىلىدا ئوقۇغۇچىلار پاكولتېتلارغا ئايرىلمايدىكەن. ئومۇمىي پەن ئوقۇيدىكەن. يۇقىرى يىللىققا چىققاندا ئاندىن پاكولتېتقا بېرىلىدىكەن. شۇڭا، كەڭ ئاساس ئورنىتىش ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ بولماستىن، بەلكى دۇنيا ئالىي مائارىپى تەرەققىيات يۆزلىنىشىنىڭ تەلىۋى. دائىرە كەڭ، ئاساس پۇختا قۇرۇلغاندىلا، ئاندىن يۇقىرى، سان، ئۆتكۈرلۈكنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. سىلەر قايسى پاكولتېتقا كىرسە شۇ پاكولتېت (كەسىپ)نىڭ ئەھلى بولىدۇ دەپ چۈشىنىپ قالماڭلار، بىر كىشى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسە پەقەت ئۆگەنگەن كەسىپكە ئاران ئاساس سالالايدۇ. كەلگۈسىدىكى نەتىجىسى كېيىنكى ئىش. سەن هازىر ئۇنىڭغا ئاساس يارىتىپ بەرسەڭ، ئۇنىڭ كەلگۈسى نەتىجىسى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن بولىسەن. ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەرمۇ شۇ يېرىگە دىققەت قىلغان، ئۇلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كې-

يىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىكەن، ئۇلار دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ناھايىتى كەسپلەشكەن ھېساپلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكى ئىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ماھىيەتتە ئىشنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى، سېنىڭ بۇ ئۆمۈرلۈك تەتقىقاتىڭنىڭ باشلانغانلىقىدۇر. بىلىم ئىگىللەشكە كەلسەك، ئەڭ ئالدى بىلەن كەسپىي بىلىمنى ئاساسىنى پۇختا قۇرۇش ئۈستىگە قويۇش كېرەك. بۇ مۇناسىۋەتكە ئاساسەن، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئويلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى يىللىقنىڭ دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئاساسىي پەننى زادى كىم ئۆتۈش كېرەك؟ مېنىڭچە يۇقۇرى سەۋىيىلىك، بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە بولغاندا ئاندىن ئاساسىي پەن دەرسىنى ئۆتەلەيسەن. ئاساس پەنلەرگە سەل قارىماسلىق كېرەك. يۇقۇرى، ساز، چوڭقۇرلۇق بىلەن ئاساسىي بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئاساسنى پۇختا قۇرۇش كېرەك.

تۆتىنچى: ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ھەم ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلىك ئاساسىي بىلىمنى ئۆزلەشتۈرۈشى ھەم ئوقۇغۇچىلاردا بەلگىلىك ئاساسىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىم بېرىش بىلەن قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. سەن ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ كېرەك. ئەقلىنى تەرەققى قىلدۇرۇشىڭىز لازىم. بۇ ئىككى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۇقتىنى قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشكە قويۇش لازىم.

ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش مەسىلىسىگە دىققەت قىلىدۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئانچە دىققەت قىلمايدۇ. بەزىلەر ئادەتتىكى ھالدا بىلىم بولسىلا قابىلىيەت بولىدۇ دەپ تونۇيدۇ، بۇنى ئۇنداق تونۇشقا بولمايدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت بولسىمۇ لېكىن يەنىلا پەرق بار، بىلىمنى قابىلىيەت ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ، ئوقۇتۇشنى بىلىمنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەنلا چەكلەپ قويماسلىق كېرەك. نېمە ئۈچۈن؟ پەن-تېخنىكا بارغانسېرى تېز تەرەققى قىلىۋاتىدۇ. بىلىمنىڭ كونىراش سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشمەكتە، بىز ھازىر ئىگەللەۋاتقان بىلىمنىڭ بىر قىسمىنى يېقىن كەلگۈسىدىلا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقىلىرى ئىگەللەپ كېتىدۇ. ھەر خىل پەنلەرنىڭ كونىراش نىسبىتى ياكى ئەمەلدىن قېلىش نىسبىتى، ئەمەلدىن قېلىش دەۋرلىگى بۇ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلىرىنىڭ سەككىز، توققۇز يىل، بەزىلىرىنىڭ ئون يىل، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئالتە، يەتتە يىلدىن كېيىن يېرىمى ئەمەلدىن قېلىشى مۇمكىن، كونىراپ ئىشلەتمىسكە بولمايدۇ. تەجرىبىلىك، ياش قورامى چوڭراق ئوقۇتقۇچىلار، قېنى سىلەر ئويلاپ كۆرۈڭلار، سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھازىرقى ئىگىلىگەن بىلىمنىڭ قانچىلىك قىسمىنى ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆگەنگەن؟ يالغۇزلا شۇ ۋاقىتتا ئىگەللەپ ئالغان بىلىمگىلا تايىنىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىڭنىڭ خېلى قىسمى كونا نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەگەر دەرسىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىۋاتقان بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېڭى دەپ قارىغان بولساڭمىز ئون يىلغا بارمىغا ۋاقىت ئىچىدە بۇلارنىڭ يېرىمىنى ئىشلەتكىلى بولماي قالىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بىرىلگەن بۇ نەرسىلەرنىڭ يېرىمىنى ئىشلەتمىسكە بولمايدۇ دېسەڭ سۆز يەنە يەتتە سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تازا كۈچ چىقىرىدىغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنىڭ يېرىمىنى ئىشلەتمىسكە بولمايدۇ. ئىشلەتمىسكە

بولىدىغانلىرىنىڭمۇ يەنە يېرىمىنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۇلارنىڭ
ئىختىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە تايىنىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلىسۇن. يېڭى
مەسىلىلەرنى ھەل قىلسۇن. مانا بۇ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپى. مەسىلەن: سانائەت پەنلىرى تەرەققىي قىلماقتا. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇيۇشتۇ-
رۇلىشى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلماقتا. مۇنداق ئۆزگىرىش چوڭ بولغان يېڭى ئەھ-
ۋالغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن سىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. مەن مۇنداق بىر
نەقىل كەلتۈرەي: بۇرۇنقى زاماندا شاگىرت بولغان بىرسى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتىدا، ئۇستىسى
ئۇنىڭغا بىر پارچە ئالتۇن سوغات قىلماقچى بوپتۇ، ئۇ قوبۇل قىلماپتۇ، ئۇستىسى بۇنى ئاز كۆرگەن
بولۇشى مۇمكىن دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا يەنە چوڭ پارچىدىن بىرنى بېرىپتۇ، ئۇ يەنە قوبۇل قىلماپتۇ،
ئۇستازى ئۇنىڭدىن ساڭا نېمە كېرەك دەپ سوراپتۇ، ئۇ ئۇستازىنىڭ ئالتۇن ئۆلچەيدىغان تېخنى-
كىسى دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تەلىپى بەك يۇقىرى بولغان، ئۇ ئالتۇننى كېرەك
قىلماي، ئالتۇن ئۆلچەيدىغان تېخنىكىسىنى تەلەپ قىلغان. بىز تەربىيىلەيدىغان ئوقۇغۇچىلارغىمۇ
مانا شۇنداق تەلەپ قويۇش كېرەك، سەن ئۇلارغا ئالتۇن بەرگىنىڭ ياخشى. لېكىن سەن ئۇ-
لارغا ئالتۇن ئۆلچەيدىغان تەخنىكىنى بەرسەڭ بولامدىكەن؟ قابىلىيەت بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋ-
تىمۇ ئەنە ئۇنداق بولىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرسەڭ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدار-
نى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ. ئۇنداق بولسا، قابىلىيەت دېگەن نېمە؟ قابىلىيەت ئاز دېگەندە ئۈچ
خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئۆزى ئۆگىنىش ئىقتىدارى: بۇ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن ئايرىلغان-
دىن كېيىن مۇستەقىل ئۆگىنەلەيدىغان بولۇش دېگەنلىك. بۇ بىزدىن ئۇلارنىڭ بۇ پەندىكى ئاسا-
سىنى ياخشى سېلىپ بېرىشىمىزنى، ئاساس بىلىم ئىقتىدارىنى ئىگەللىتىشىمىزنى، قورال كىتاپ ئىشلىتىش
ئىقتىدارىنى ئۆگىتىشىمىزنى، ماتېرىيال كۆرۈش قابىلىيىتىنى ئۆگىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. (2) ئىپې-
ملىيەتكە باغلاش ئىقتىدارى بۇ ئىشلىتىش ۋە قوللىنىش قابىلىيىتى دېگەنلىك، مۇنداقچە ئېيت-
قاندا، خىزمەت جەريانىدا ئۆگەنگەن بىلىم ۋە نەزەرىيىلەرنى قوللىنىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىش دېگەنلىك، بۇ مېڭىنى ئىشلىتىش ۋە ئۆزى ئىشلەش قابىلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبى-
ئىي پەن ئوقۇتقۇچىسى نېمىنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ شۇنى بىلگەن بولىشى، تەجرىبە قىلىشنى
تەلەپ قىلسا، تەجرىبە ئىشلىيەلەيدىغان بولىشى كېرەك؛ ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتقۇچىسى، ئىجتىمائىي
پەننىڭ ھەممە قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللىشى، سۆزى ئېنىق بولۇش، دوسكىغا يازغان خەتلىرىدە خا-
تالىق كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. سىنىپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئۇلارغا ئوقۇتۇش-تەربى-
يىلەش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ بىر يۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆگىتىش لازىم. (3) بەلگىلىك
دەرىجىدە ئىجاتچانلىق، تەتقىقات ئىقتىدارى بولۇش، ھازىرقى سەۋىيىدە توختاپ قالماسلىق، ئۆز-
لۈكسىز ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان بولۇش كېرەك. بۇ ئىجاتچانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىش،
ھازىرقى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىق، ئوقۇتقۇچىنىڭ بەرگەن بىلىمى بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق
ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئىگەللەش دېگەنلىك بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مايىروف،
زانكوۋ دەپ ئىككى پېداگوك بولۇپ، مايىروف بىلىمنى يېتىلدۈرۈشنى نۇقتا قىلغان، ئۇ دىمەكچى
بولغان قابىلىيەت بىلىمنى بېرىش جەريانىدا يېتىلدۈرۈلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇمۇ مائارىپ مېتودى
ئارقىلىق تەربىيىلىنىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى، ھېچقانچە يېتىلدۈرۈلمىگەن.
زەنكوپ قابىلىيەتنى تەكىتلىگەن، ئۇ قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئې-

گەللىتىش، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى، ئەقلىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دىققەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. مەيلى قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشتە بولسۇن مەيلى بىلىم بېرىشتە بولسۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىگە بولغان قىزىقىشىنى يېتىلدۈرۈشىمىز، شۇ كەسىپكە ئىلھاملاندۇرۇشىمىز، شۇ كەسىپتىكى مۇستەھكەم ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم، بۇ نوقتا ئەڭ مۇھىم. مەن ئالىي مەكتەپتىكى ئۆگىنىشىمنى ئەسلىگىنىمدە ئۇ ۋاقىتتا مەن مۇئارىپ ئىلمىنى ئۆگەنگەنىدىم، دەرسلىكلەرمۇ كۆپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن قايسىلىرىنى ئۆگەنگەن، ئۇلارنى ئەسلىيەلمەيمەن، لېكىن بىر دەرسلىكنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى خېلى چوڭقۇر. 1933-يىلى تەيشۆەيجۇ دېگەن ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە بىر دەرس سۆزلىگەن بولۇپ تېمىسى جۇڭگو مائارىپىنىڭ چىقىش يولى مەسىلىسى ئىدى. بۇنى پەن دېيىشكىمۇ بولمايتتى، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا جۇڭگو مائارىپىنىڭ چىقىش يولى زادى قەيەردە؟ ئۇمۇ بىلمەيتتى، ئۇ بۇنىڭ بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. جۇڭگونىڭ مائارىپى ئايلانما مائارىپ، بۇنىڭدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە چىقىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇتىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇتىدۇ. سانائەت يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇئارىپنىڭ چىقىش يولى يوقمۇ ياكى جۇڭگونىڭ چىقىش يولى يوقمۇ، بىزمۇ بۇنىڭ ئۇ يەردىكى سەۋەبىنى بىلەلمەيتتۇق، پەقەت جۇڭگونىڭ كەمبەغەللىكىنى ھېس قىلالايتتۇق، نېمە قىلىش كېرەك؟ قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ بۇ مائارىپنى ئۆگەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن مائارىپ ئارقىلىق چىقىش يولى تېپىش كېرەك دەپ تونۇغان، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش كېرەك دەپ چۈشەنگەن. بۇ مەسىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، تەيشۆەيجۇ دېگەن ئوقۇتقۇچىمىز دەرسخانىدا كۆز - يېشى قىلاتتى. ئۇمۇ ئەمەلىيەتتە چىقىش يولى تاپالمىغان ئىدى، ئۇ بىزنىڭ كۆپرەك ماتېرىيال كۆرۈشىمىزنى تاپىلايتتى، ئۇ بىزگە ھېچ نەرسىنى دەپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋەتەننى، خەلقنى كۆزلەش ھېسسىياتى مائارىپ ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىشتىن ئىبارەت مەسىلە ئۈستىگە سەرپ قىلىنغان، ئۇنىڭ بىزگە تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا، مەن مائارىپنى ياخشىلىساق، جۇڭگودا ئامال بولىدۇ، كۆپچىلىك مائارىپنى ئۆگەنسە جۇڭگومۇ ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. شۇندىن بېرى مەن مائارىپنى ئىگەللەشكە بەل باغلىدىم، ئىككىلىنىپ قالمىدىم. يەنە بىر ئوقۇتقۇچىمىز لى بوچېڭنىڭ ماڭا بولغان تەسىرىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر. مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مائارىپ تەجرىبىسىنى ئىشلىدىم، بىزنىڭ ئىشلىگەنلىرىمىز باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ تەجرىبىسى ئىدى، ئەمەلىيەتتە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ ئىسلاھاتى ئىدى. بىز تەجرىبە رايونى قۇردۇق، ژۇرنال چىقاردۇق، خېلى چوڭ غەيرەت قىلدۇق، كېيىن ياپونلار كەيفىڭنى بېسىۋالدى، تەجرىبە رايونى توسالغۇغا ئۇچراپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى. لى بوچېڭ مۇئەللىم گومىنداڭ مائارىپ مىنىستىرلىكى تۇرۇشلۇق چۇڭچىڭگە بېرىپ، بىزنىڭ ئۇسۇلىمىزنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن قوبۇل قىلىنمىدى. كېيىن مەن چۇڭچىڭگە بېرىپ ئۇنى ئىزدىدىم، كۆرۈشۈپلا ئۇ ماڭا باشقا گەپ قىلماي بىزنىڭ تەجرىبىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى. ھېچ كىم قوللىمىدى! دېدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. شۇڭا مەلۇم مائارىپ تەجرىبىسىگە قارىتا چوڭقۇر قىزغىنلىقىم بار. گەرچە مەن ئۇنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان سادىق ھېسسىياتى مېنى تەربىيىلە-

دى. مېنى بىر ئۆمۈر مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈگەتتى. ئىرادەم ئۆزگەرمىدى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مېنى تارتىپ چىقىرىپ تويغاندىمۇ پۇشايمان قىلمىدىم. مائارىپ ئىشلىرىغا ئەزەلدىن تونۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن قاراپ كەلدىم. ئەمەلىيەتتە كەسىپ ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىمۇ بولىدى. مەسىلەن: چەتئەل تىلىنى ئۈگىنىش. لېكىن مەن ئۆزگەرتمىدىم. مەن يەنىلا مائارىپ ئىلمىنى ئۈگەتتىم، چەتئەل تىلى مېنىڭ قوراللىم بولغاندا، مائارىپ ئىلمى ئاندىن مېنىڭ كەسپىم بولالىدى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا غەمخورلۇق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە چوڭ قوزغىتىش كۈچى مەۋجۇت، تەڭداشسىز غەيرەت يوشۇرۇنغان. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنغان كۈچىنى ئۇرغۇتىشىڭلار لازىم، يوشۇرۇن كۈچنى دەرھال كۆرىۋالغىلى بولمايدۇ، لېكىن بىر نەچچە يىلدىن كېيىن كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. يوشۇرۇن كۈچنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم، يوشۇرۇن كۈچ بىلىم ئېلىش جەھەتتىنلا بولۇپ قالماستىن، قابىلىيەت جەھەتتىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا قابىلىيەتمۇ يالغۇز دەسمايە توپلاشقا تايىنىش بىلەن ئەمەس، ئىدىيە ھېسسىياتتىن ئىبارەت ئامىلنىمۇ قوشۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، يوشۇرۇن كۈچ پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، ھاياتى كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. مۇشۇ نۇقتىغا دىققەت قىلغاندىلا، ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ كونا ئۇسۇلنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بىلىم بېرىشتە ئۆتكەندە قوللانغان نۇرغۇن ئۇسۇللار بار، ئەپسۇسكى بىزنىڭ قوللانغانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈك يادلاش ئۇسۇلىدۇر. يەنى سېنىڭ سۆزلىگەنلىرىڭنى ئوقۇغۇچىلار خاتىرىلەيدۇ. سېنىڭ يازغانلىرىڭنى ئوقۇغۇچىلار كۆچۈرۈپ ئالىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنا ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقالمايدۇ. ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەردە كۆپىنچە، لېكسىيە يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئىمتىھان ئېلىشمۇ، لېكسىيە ئىمتىھانى بولىدۇ، سەن پەقەت لېكسىيەڭنى يېزىپ بەرسەڭلا چوڭ ياخشى ئىش بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلغا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلار بەكمۇ قارشى تۇرغان. ئۇلار دەرستە لېكسىيە يېزىش، دەرستىن چۈشكەندە لېكسىيە سېلىشتۇرۇش، ئىمتىھاندا لېكسىيەنى يادلاش، ئىمتىھاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىش، - دەپ قوشاق توقۇشقان ئىدى. مۇنداق ئۇسۇل بىلەن بېرىلگەن ئىمتىھاننىڭ نەتىجىسىمۇ ھەقىقى ئەمەس. ھازىر بەزى مەكتەپلەردە ئىمتىھان تەكرارلاش تىزىسلىرىنى چىقىرىدىكەن. تىزىس بىلەن ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ قانچىلىك پەرقىنىڭ بارلىقى ئېنىق ئەمەس، ئېھتىمال پەرق چوڭ بولمىسا كېرەك. مۇنداقتا ئوقۇغۇچىلار ئۆلۈك ھالدا يادلايدۇ. بەلكى نۇقتىلىق نەرسىلىرىنى ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى تاللاپ بېرىدۇ، تاللانغانلىرىدىن يەنە بىر قىسمىنى تاللايدۇ. ئۇنىڭدىن ئاشقان قىسمىدىن يەنە بىر قىسمىنى تاللاپ ئىمتىھان ئالىدۇ. بۇنداق ئىمتىھان نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟. بەزى كىشىلەر بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ توقسان پىرسەنتى ئىمتىھاندا توقساندىن يۇقۇرى نومۇر ئالدى دېيىشىدۇ. بۇ نومۇر نېمىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، مېنىڭچە بۇنىڭغا بىر سوراق بەلگۈسى قويۇش كېرەك. بەزىلەر بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇرى يۇقۇرى، ئىقتىدارى تۆۋەن دەيدۇ، بۇنىڭ ئۆلۈك يادلاش بىلەن چوڭ مۇناسىۋىتى بار، سەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنى جانلىق تەربىيىلىشىڭ كېرەك، ئالى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىش كېرەك، مەن ئامېرىكا ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ بىر نەچچە سائەتلىك دەرس ئەھۋالىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى دەرستە بىزنىڭكىگە ئوخشاش قاتتىق ئەمەس ئىكەن، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارى سوئال - جا-



AltunOq

ۋاپ بولىدىكەن . مەن بىر ئوبلاستنىڭ مەركىزى مائارىپ ئىنىستىتۇتىغا بېرىپ بەش سائەت دەرس ئاڭلىدىم، ئۇلار بەك ئىختىيارى ئىكەن. ئانچە كۆپ بەلگىلىمىلىرى يوق ئىكەن. مەكتەپ مۇدىرى مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار مەندىن ئۇلار قىزىقىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى سورىدى. ئۇلار مەندىن سورىدى، مەن ئۇلاردىن سورىدىم، ئۇن مىنۇتتىن كۆپرەك سۆزلەشتۇق، دەرسخانا بەك جانلىق، ئوقۇتقۇچىمۇ بەك ئىختىيارى، بەزىدە ئۆزىچە قىزىرىشىپمۇ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەش قابىلىيىتىمۇ قانداق مەن بىلمىدىم، پەقەت ئۇلارنىڭ بەك جانلىقلىقىنى ھېس قىلدىم. ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارىي مەسىلە قويۇشىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ دەرسخانىلىرىمىز ئۆلۈك بولماسلىقى، نېمە بولسا شۇنى ئوقۇپ بېرىش بىلەن چەكلەنمەي تېتىك بولغىنى ياخشى.

بەشىنچى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى كۆپمۇ بولىدۇ، ئازمۇ بولىدۇ. ئوقۇتۇش سۈرئىتى تېزمۇ بولىدۇ، ئاستىمۇ بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى يېنىكمۇ بولىدۇ، ئېغىرمۇ بولىدۇ، سىنىپچە سۈرئىتى تېزرەك بولغىنى ياخشىمۇ ياكى ئاستىراق بولغىنى ياخشىمۇ؟ كۆپرەك ئۆگىنىشنىڭ ياخشىمۇ ياكى ئاراق ئۆگىنىشنىڭ ياخشىمۇ؟ بۇ مەسىلىنى ئۆلۈك ھالدا چۈشەنسەك بولمايدۇ. مېنىڭچە ئاز ياخشىسى ئۆگىنىشنىڭ مىقدارى ئاز بولۇش، كۆپرەك نەرسىلەرنى ئىگىلىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئۆگىنىش سۈرئىتى ئاستا بولۇش ئەمەلىي ئۈنۈمى تېزرەك بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ياخشى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار سۈرئەتنى قوغلىشىپ دەرسخانىدا كۆپ سۆزلەيدۇ يەنە كېلىپ مۇنداق سۈرئەت بولمىغاندا تۈگەتكىلى بولمايدۇ دېيىشىدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى سەن سۆزلەپ تۈگەتكىنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچى چۈشىنەلەمدۇ قانداق؟ ئوقۇغۇچىنىڭ قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈلدىمۇ- يوق؟ بۇنداق تېزلىك قارىماققا تېزدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئاستا بولىدۇ، ئوقۇغۇچى ئۆگىنەلمەيدۇ؛ قارىماققا كۆپ ئۆگەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆگەنگىنى كۆپ بولمايدۇ. چۈنكى سەن نۇقتىنى توغرا قويالمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ بولىشىنى قوغلاشمىغان ياخشى، سەن ئوقۇغۇچىلارغا پۇختا ئۆگىتىشنىڭ چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇھىم. ئەلبەتتە مۇشۇ ئاساستا كۆپرەك ئۆگەتكىنىڭ تۈزۈك. بۇنى ئوقۇغۇچىلار تەرەپتىن ئۆلچەش كېرەك، ئوقۇتقۇچى تەرەپتىن ئۆلچىمەسلىك كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمى بىلەن ئۆلچەش كېرەك، ئۆگىنىش ئۈنۈمى كىتاۋى بىلىم بىلەنچەكلەنمەي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك، مۇشۇ ئاساستا قانچە تېز بولسا شۇنچىلىك تېز بولۇش، قانچىلىك ئۆگىنەلىسە شۇنچىلىك ئۆگىنىشى كېرەك. بۇنىڭغا دىققەت قىلمايدىكەنسەن ئۇ ۋاقىتتا سېنىڭ ھېلىقى تېز بولۇش دېگىنىڭ ئەمەلىيەتتە يالغان بولۇپ قالىدۇ. مۇھىم نۇقتىنى ئوقۇغۇچى ئۈستىگە، ئىختىيارى يېتىلدۈرۈش ئۈستىگە قويۇشنىڭ كېرەك. ئۇۋاقىتتا بۇ بىر سائەتلىك دەرس بۇرۇنقى دەرسلەر بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: سەن بىر سائەتلىك ئوچۇق دەرسنى كۆرگىنىڭدە بۇ دەرس ياخشىمۇ ياكى ياماننى، نېمىگە قاراش كېرەك؟ سۆزلەيدىغان ئوقۇتقۇچى ئوچۇق دەرس ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇ ياخشى تەييارلىق قىلىدۇ، قانچىلىك بىلسە شۇنچىلىك سۆزلەيدۇ، ئىسپاتلىرى ئېنىق، سۆزلىرى ئوچۇق بولىدۇ. ئەگەر بۇنى باشقا كەسىپتىكى كىشىلەر ئاڭلىغاندا بۇ ئوقۇتقۇچى ھەجەپ ياخشى سۆزلىدى، بىلىمى چوڭقۇر ئىكەن، كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەن دېيىشى مۇمكىن. مېنىڭچە مۇنداقلا قاراشقا بولمايدۇ. ئومۇمى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ بېقىش لازىم. بىر سائەتلىك دەرسنىڭ ياخشى - يامان بولغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش، تىياتىر كۆرگەنگە يەنى، سۆڭۈكۈچىنىڭ ئەرشنى مالىمان قىلغانلىقىغا ئوخشاش بولمايدۇ. تىياتىر ياخشى بولسا ياخشى دېيەلەيسەن، يامان بولسا يامان دېيەلەيسەن. باشقا تاماشىبىنلاردىن سورىماسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىر سائەتلىك دەرس ئاڭ-

لىغىنىغدا تۆۋەندە ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا قاراش لازىم. ئۇلار ئاڭلاپ چۈشەندىمۇ يوق، ئوقۇغۇچىلارنى تەپەككۇر قىلدۇرالامدۇ يوق، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى ئۇرغۇتالىدىمۇ يوق، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ھەقىقىي يېتىلدۈرەلىدىمۇ-يوق، ئوقۇغۇچىلار ھەقىقىي ئۇنىۋمگە ئىگە بولالىدىمۇ-يوق، سەن ئەلۋەتتە بۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللارغا قارىشىڭ كېرەك. دەرس سۆزلىگەندە، تېز بولۇش بىلەن ئاستا بولۇشنىڭ، كۆپ بولۇش بىلەن ئاز بولۇش مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىپ بىلىم ئىگەللەتمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىپ قويماسلىق كېرەك. ئادەتتە ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ، تەبىئىي پەن مانائەت ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكى ئېغىرراق بولىدۇ، ئالىي سىفەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈكى ئانچە ئېغىر بولمايدۇ. بىزنىڭ بەزى ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ يۈكى ئانچە ئېغىر ئەمەس. بىكار ۋاقتى خېلى كۆپ بۇمۇ توغرا ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارغا ئازراق بېسىم بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ھازىر بەزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشى يەنىلا كىچىك، ئۇلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى يەنىلا ئانچە يېتەرلىك ئەمەس، بولۇپمۇ يېڭى ئوقۇغۇچىلار دەرس سىتېكىسىدىكى نۇرغۇن "بوش ئورۇن"لارنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلمەي ماسلىشالمايدۇ. ئادەتتە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەندىن كېيىنلا چۈشۈپ قالىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكە چىقىپ ئارقىدا قېلىشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل سەۋەبى بار، بۇنىڭ بىرى ئۆلۈك ھالدا يادلاش، نومۇرى يۇقىرى، شۇنداق قىلىپ نەتىجىسى ياخشى بولسىمۇ، ئىقتىدارى يېتەرسىز بولىدۇ. بۇ ھەقىقىي قابىلىيەت ئەمەس، مۇنداق ئۆگىنىش بىلەن ئۆزىنىڭ دۆتلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. جانلىق، تېتىك بولالمايدۇ. يەنە بىر خىلى ماسلىشالماسلىق، ئۇ دەرس ئاز، ئوينىشىشقا پۇرسەت بار دەپ، كىنو، تېلېۋىزور كۆرۈشكە بارىدۇ. نەتىجىدە نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ھەتتاكى سىنىپتىن قالىدۇ، ئاخىرى ئوقۇشتىن چېكىنىشكە بېرىپ يېتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. ئۇلار ئىمتىھان بەرگەن ۋاقىتتا سەن ئۇلارنى تاللاپ قوبۇل قىلغان، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىڭ، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈشىڭ كېرەك، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىڭ كېرەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىرمۇ ئەمەس، يېنىكمۇ ئەمەس لايىقىدا بولسۇن.

ئالتىنچى دەرس سۆزلەش بىلەن باشقا ئوقۇتۇش شەكىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دەرسخانىدا سۆزلەشنى ئاساس قىلىش لېكىن باشقا ئوقۇتۇش شەكىللىرىگە سەل قارىماسلىق كېرەك. ئالىي مەكتەپلەردە زادى قانداق شەكىلنى قوللانسا بولىدۇ؟ ئومۇمەن بۇنداق 10 تۈرلۈك سۆزلەش: ئىجتىمائىي پەن دەرس مۇزاكىرىسى، ئالدىن كۆرۈش، تەكرارلاش، مەشىق، تەجرىبە، ئېكىسكۇرسىيە، كۆرۈش پىراكتىكىسى، ئوقۇتۇش پىراكتىكىسى، ماتېرىيال كۆرۈش، مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش، كۆز قارىشىنى ئىنقىلاۋىلىش، سىناق، ئىمتىھان ئېلىش ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتۇش شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئوقۇتقۇچى قانداق ئەھۋال ئاستىدا قانداق شەكىللەرنى قوللانسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟ بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە. ھازىر قوللىنىۋاتقان شەكىل ناھايىتى ئاددىي بولۇپ بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىقتىدارىنى پۇختىلاشقا پايدىسىز. سىنىپنىڭ سۆزلىگىنىڭ مۇھىمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئويلىشىغا يېتەكلەشتىن ئىبارەت بولۇش كېرەك، سەن ماتېرىيالنىڭ قانداق بېرىتە-

رەپ قىلىنغانلىقىنى، ئىلمىي مەسىلىلەرنىڭ ئاندان ھەل قىلىنغانلىقىنى قانداق تەپەككۇر قىلىنمىدىغانلىقىنى، قانداق ئۇسۇل قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ئۇسۇللارنى ئۆگىتىش، 50- يىللىرى بەزى كىشىلەر بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدىكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنىڭ ياخشى ئۆتۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ دەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئاڭلاپ كۆرۈپ ياخشىلىقىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۇ دەرس سۆزلىگەندە ئىككى خىل ئاۋاز ئىشلەتكەن، ئوقۇغۇچىلار لېكسىيە يازغاندا بىر خىل ئاۋازقوللانسا، لېكسىيە يازمىغاندا يەنە بىر خىل ئاۋاز قوللىنىدىكەن، بۇ ۋاقىتتا ئىشلەتكەن ئاۋاز تېز، سۈرئىتى ئاستا بولىدىكەن، شۇڭلاشقا، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ماسلىشالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، ئوقۇغۇچىلار ياخشى-يامانلىقى مۇھىم نۇقتىنى بىلمەيلا ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى لېكسىيە قالدۇرۇۋالالىسىلا بولدى، قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى بۇ يەردە ئۇنى نېمە قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالاقچى؟ بىز ئوقۇغۇچىلارنى ھەقىقىي ئەمىلى بىلىمگە ئىگە ۋە شۇ پەننىڭ ئاساسىي بىلىملىرى ھەققىدىكى ئاساسىي قابىلىيىتىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىنى يېتىلدۈرمەكچى بولىمىز، تەلەپ ناھايىتى يۇقىرى. دەرس ئۆتۈش جەددى، ئەقلى ئەمگەك ھېساۋلىنىدۇ. ئۇ جىسمانى ئەمگەك ئەمەس، سەن مۇنداق سۆزلىسەڭ ئوقۇغۇچى، پەقەت سېنىڭ ئاۋازىڭغا ماسلىشىپ لېكسىيە يازىدۇ، مېڭىسىنى ئىشلىتىپ ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا سېنىڭ يېتىلدۈرمەكچى بولغىنىڭ زادى قانداق قابىلىيەت، ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىمۇ؟ سەن دەرس ئۆتكەندە ئەزەلدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ لېكسىيىسىنى تەكشۈرۈپ باقمىغان، بۇ ئوقۇغۇچىلار لېكسىيە يازمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازىدىغان لېكسىيىسى ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەنلىرىنىڭ نۇقتىسى ۋە ھالقىلىق مەسىلىلىرى بولۇشى كېرەك ياكى ئۇلار بۇرۇن بىلمىگەن يېڭى مەسىلىلەردىن بولۇشى كېرەك ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ قىزغىنلىق ئارقىلىق ھېس قىلغان يېڭى ئويى ياكى ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئويلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ خاتىرىلەپ قويىدىغان مەسىلىلەر بولۇشى كېرەك. لېكسىيىنى ئۇنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قالدۇرىدۇ. لېكسىيە قالدۇرۇش ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن بولمايدۇ. شۇڭا ئۆگىنىشى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلار بۇنداق ئۆلۈك ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان لېكسىيە يېزىشقا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ، ئۇلار بۇنى ئەقلى ئەمگەك ئەمەس، جىسمانى ئەمگەك، بەلكى ئۈچ بارماقلىق جىسمانى ئەمگەك دەپ قارايدىكەن. بۇ نەتىجىلىك بولمىغان ئوقۇتۇش ھېساپلىنىدۇ. ئادەتتە بىزنىڭ ماتېرىياللىرىمىز بار، بۇ قورۇقتىن - قورۇق ماتېرىياللار بولماستىن پايدىلىنىش كىتاپلىرىمۇ بولۇشى كېرەك. ئالى مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلاردا ئەلۋەتتە كىتاپ كۆرۈش ئېھتىياجى بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈش ئېھتىياجىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ماتېرىياللاردىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى كۆرۈۋېلىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكلەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرىۋەرمەسلىكى كېرەك.

سۆزلەش ۋە جانلىق، ئېنىق بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. بىز ئەزەلدىن تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن قوزغىتىش شەكلىنى پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپتىلا قوللىنىشقا بولىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە بولسا بولمايدۇ. مېنىڭچە ئالى مەكتەپلەر قوزغىتىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. قوزغىتىش شەكلىدە بىز ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلە ئويلاشقا يېتەكلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىپ، ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە مەسىلىلەرنى ئويلاشقا يېتەكلىشىمىز لازىم. مەن بىر مىسال كۆرسىتەي: لۇشۈن ئەپەندى بېيجىڭدە ئەدەبىي زامان

ئەدەبىياتىدىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نى سۆزلىگەندە، ئوقۇغۇچىلارغا سىز لىن دەيىۈينى ياخشى كۆرەمسىز – يوق؟ دېگەن بىر سوئالنى قويغان. ئوقۇغۇچى: مەن ئۇنىڭ كۈن بويى يىغلاپ يۈرۈشىگە ئۆچ بولۇپ قالدىم دېگەن. بۇ سۆزنىڭ خېلى ئەھمىيىتى بار. ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ تېمىدا بىر مەيدان جانلىق دەرسخانا مۇنازىرىسىنى قانات يايدۇرۇۋەتكەن. بەزىلەر لىن دەيىۈينىڭ يىغلىشى فېئوداللىق تۈزۈمگە نىسبەتەن بىر خىل قارشىلىق روھىنى كۆرسىتىدۇ دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ ئاساسلىق پېرسوناژى ئۈستىدىكى مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلىدۇ. بۇ مۇنازىرىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئەسەردىن بەھرىمەن بولۇش ئىقتىدارىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ بۇ دەرسى بىزنىڭ ھازىرقى بەزى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭكىدەك ئۆلۈك بولمىغان. بىزنىڭ بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانا مۇنازىرىسىدا تەرتىپ ئورنىتىدۇ. ئاندىن ئوقۇغۇچىلار بىر – بىرلەپ قول كۆتىرىپ سۆزلەيدۇ. مۇنداق بولغاندا قول كۆتىرىپ سۆزلەشكەنۇ ئادەم چىقماي قالىدۇ. بەزىلەر ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوزغىتىشقا بولمايدۇ دەيدۇ، مېنىڭچە قوزغاتقىلى بولمايدۇ ئەمەس، بەلكى مەسىلە قوزغىتىشقا جۈرئەت قىلالمىسىلىكتە. لۇشۈن ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا دەرس مۇنازىرىسىگە ئۇيۇشتۇرالىغان، بەلكى ناھايىتى جانلىق بولالىغان. ئەگەر سەن سۆزلەپ بولساڭ، ئوقۇغۇچى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ مانا بۇ جانلىق ئۆگىتىش. مەن ھېلى ئېيتقان شەكىللەر سىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، ئوقۇتۇش جەريانى بىر پۈتۈن ئورگانىك تۈزۈلمە قايسى شەكىلنى قوللىنىش زۆرۈر بولسا، شۇنى قوللىنىش كېرەك.

يەتتىنچى، دەرسخانىنا ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دەرسخانىدا ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىش، لېكىن دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەكىتلەش، دەرستىن سىرتقى تەتقىقاتنى تەكىتلەش كېرەك. ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى دەرسخانا ئىچى سىرتى دېمەي، ھەممىنى باشقۇرۇش كېرەك. يالغۇزلا دەرسخانىنى باشقۇرغان بىلەن بولمايدۇ، چۈنكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتى دەرسخانا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، دەرسخانا سىرتىدىكى ئۆگىنىش دەرسخانىدىكى ئۆگىنىشنىڭ داۋامى، شۇنداقلا دەرسخانا پائالىيىتىنىڭ قوشۇمچىسى بولىدۇ. دەرسخانا پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغانلىرىمۇ ئوقۇغۇچىلاردا قىزىقىش بولىدىكەن بەزى پائالىيەتلەرنىڭ تەشكىللىنىشىنى قوللىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرى بىر نەچچە خىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەكىتلەش كېرەك. بىر خىلى تەنتەربىيە پائالىيىتى، بىر خىلى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، بۇلارنى بىر ئاز بىلسە، كەلگۈسى ئوقۇتقۇچى بولغاندا ئەلۋەتتە پايدىسى بولىدۇ. يەنە بىر خىلى، ئىلمىي پائالىيەت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تەشكىللىك ئىلمىي پائالىيىتى ياخشى ئىش، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى بولغۇچىلار ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسمايىسى كۆپرەك بولسا ئومۇمەن ياخشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ۋە يېتەكلەش مەجبۇرىيىتى بار. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بەزى ئىلمىي دوكلاتلارنى بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بەزىدە ئىلمىي دوكلات بېرىش كېرەك. چۈنكى بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە

ئىقتىدارى بولىدۇ. بىز ئۇلارنى چۈشەنمىسەك، ئۇلارمۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىمكان بار پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

سەككىزىنچى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇشى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەم باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت ھەم باسقۇچلۇق مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولغاچقا، ئىككىسىنى ماسلاشتۇرۇش لازىم. يېڭىدىن كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى، ئوقۇتقۇچى يېتەكلىشى، ئۇلارنى ئالىي مەكتەپ ئۆگىنىشىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. چۈنكى، بەزى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يېڭىدىن كىرگەندە، يەنىلا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇسۇللىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. نۇرغۇن بوش ۋاقىتنى كۆرۈپ ئىش يوق ئىكەن دەپ ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى ماسلاشتۇرۇپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى مۇۋاپىق بولمىغان جايلارنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك، مەسىلەن:

ئۆلۈك ھالدا يادلاش، سوئال چىقىرىپ ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارىماققا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىقلارنى سەن كۆرسىتىپ بېرىشىڭ كېرەك. ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭغا ئالىي سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئالاھىدە دىققەت قىلىشلىرى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بىز يەنە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشىدىكى بەزى يېتەرسىز تەرەپلىرىگە قارىتا ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز، ئوقۇتۇشىمىز كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرەلەمدۇ. بۇ تەرەپكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولماسلىقى بەزىلىرىدە ھەقىقەتەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قەيەردىن كەلگەن؟ يەنىلا بىزدەك ئالىي سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەپ چىقارغانغۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەربىيىلەپ چىقارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايسى تەرەپتە يېتەرلىك بولمىغانلىقىغا قارىشىمىز، ھەر تەرەپلىمە ئەھۋاللارنى چۈشىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇتۇشىمىزنى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرالايمىز.

كەسپىي بىلىم ئىگىلەش بىلەن پېداگوگىكىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئۆتۈۋاتقان كەسپنى داۋاملىق ئۆگىنىشى، كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مائارىپنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدا مەن تارىخ ئۆگەنگەن ياكى فىزىكا ئۆگەنگەن، مەن ئەنە شۇ پەن بويىچە مۇتەخەسسىس. مېنىڭ تارىخ ياكى فىزىكىدىنلا خەۋىرىم بار ئىكەن. ئۇ ھالدا مەن شۇ ساھەدىلا ئىزدىنىشىم كۇپايە قىلىدۇ، دەپ قارايدىغان ئىدىيە بار. ئۇلار تارىخ ياكى فىزىكىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئوقۇتۇش ئۈستىدە ئىزدەنمەيدۇ، ئۆزۈم چۈشىنىپ، ئېيتىپ بېرەلىسەملا ياخشى ئوقۇتقان ھېساپلىنىمەن. دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ يارىماس قىلىقتۇر. ئوقۇتۇشنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. مائارىپ خىزمىتىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. سىز فىزىكا مۇتەخەسسىسى ئىكەنسىز. ياخشى بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ئۈچۈن فىزىكا مائارىپى، فىزىكا ئوقۇتۇش مېتودىدىن خەۋەردار بولىشىڭىز، فىزىكا ئوقۇتۇش

مۇتەخەسسىسمۇ بولالىشىڭىز كېرەك. چۈنكى سىز فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى، زاۋۇتتىكى ئىنژېنېر ياكى تېخنىك ئەمەس. سىز مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئىكەنسىز، ياخشى ئوقۇتقۇچى بولالىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر بىلىم. ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى مائارىپنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. مەمۇرى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ شۇنداق قىلىشى لازىم. مائارىپ مەمۇرى خىزمىتى، مەكتەپ مەمۇرى خىزمىتىنىڭمۇ ئۆز قانۇنىيىتى بولىدۇ. بىز ئوقۇ - ئوقۇتۇش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلا بولساق، تەلىم تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلەيمىز. بۇ نۇقتا ھازىرقى بىزنىڭ بەزى مائارىپچىلىرىمىز ئۈچۈن يەنىلا غۇۋا، ئۇلار پەقەت مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنىلا چۈشىنىدۇ. پىداگوگىكا قانۇنىيەتلىرىنى بىلمەيدۇ، مائارىپ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىگە ئادەم تەيىنلىگەندە كۆپىنچە بۇنىڭغا تازا دىققەت ئېتىبارىنى بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئادەم، پۇل، ئۆي - جاي بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ. بىزنىڭچە ئادەم، پۇل، ئۆي - جاي بولغىنى بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. سەن يەنىلا مائارىپنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈشۈڭ كېرەك، بولمىسا مائارىپنى خاتا باشقۇرۇپ قويىسەن، بۇزۇپ قويىسەن. بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ساۋاقلار ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن، خىراجەت سەرپ قىلىنىپ ياخشى نەتىجە بىلەن يامان ئىش قىلىپ قويغان جايلىرىمىزمۇ خېلى بار. 1958 - يىلىدىكى زوركۈچ بىلەن مائارىپ باشقۇرۇش ئەۋج ئالغان مەزگىلدە گەنسۇدىكى ناھىيىلەردە قىزىللىشىش ئىختىساسلىشىش ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى ئېچىش ھەققىدە داۋراڭ كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئۇنداق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ۋىۋىسكىسىدىن ئۆزگە ھېچنېمىسى يوق ئىدى. يا قىزىللاشمىدى يا ئىختىساسلاشمىدى. ئۇ چاغدىكى (بەزى) كىشىلەر ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇشنى بەك ئاسان چاغلاپ قالغان. گەنسۇ ئۆلكىسى ئۆلكە تەۋەسىدە 70 ئالىي مەكتەپ قۇرىمىز ھەممە ناھىيىلەر ئۇنىۋېرسىتېت بولىدۇ. دېگەن بولسىمۇ ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغان. ئۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىمۇ تازا تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە جار سېلىنغان ئىدى، ئاخىرىدا ئىش باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قالپىقىنى كەيدۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇش بىلەن نەتىجىلەندى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلالىشى ناتايىنلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان. نەتىجىدە باشلانغۇچ مەكتەپ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، دېگەنلەرنىڭ ھېچ قايسىسى ئوبدان باشقۇرۇلماي، ئادەملەر تىزىپ كەتكەن، ھېچ ئىش ۋۇجۇتقا چىقمىغان. بۇ يەردىكى سەۋەپ شەرت - شارائىتنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدۇر. مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئوقۇتقۇچى بولۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىنىڭ سەۋىيىسى يېتەرلىك بولۇشى كېرەك. باشلانغۇچ مەكتەپ ۋىۋىسكىسىنى تولۇقسىز، ئوتتۇرا مەكتەپكە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋىۋىسكىسىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئالماشتۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بۇ يەردە يەنە سۈپەت مەسىلىسىمۇ بار، سانىنىلا قوغلاشقان بىلەن بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار خېلى كۆپ. بۇنداق مەسىلىلەر ھازىرمۇ بارمۇ - يوق يوق دەپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى جەمئىيەتتە كۆپ ئادەملەر ھەتتا بەزى رەھبەرلەرمۇ مائارىپنىڭ موھىملىقىنى بىلمەيدۇ. مەندە مۇنداق بىر ھېسسىيات بار. مائارىپ راسخوتىنى باشقۇرىدىغان بەزى رەھبەرلىرىمىز ئىشلىتىشكە تىگىشلىك چىقىملىرىمىزنى توسۇپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە قالايمىقان تەلەپ قىلساقمۇ بولمايدۇ. لېكىن مالىيە پىلانىنى باشقۇرىدىغان ئورۇنلار مائارىپقا جىددىي ئېھتىياجلىق

خىراجەتكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. زاۋۇتلار پۇلنى ئون مىڭلاپ، يۈز مىليونلاپ ئىسراپ قىلىدۇ. ئەمما بەزى ئوتتۇرا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلىرىمىزنىڭ پارتا، شىرەلىرى يوق. بۇ توغرا ئەمەس. بۇ كىشىلەرگە مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك. بىراق سۆزلەپلا قويساق بولمايدۇ، بىز مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇشىمىز كېرەك، ياخشى باشقۇرۇشنىڭ ئۆزى تەشۋىق قىلىنغانلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بىر مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، يالغۇز مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىش كۇپايە قىلمايدۇ، پىداگوگىكىنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ بىلىش كېرەك. چۈنكى مائارىپنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى بولغان ئىكەنمىز ئوقۇتۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىز سۆزلەۋاتقان پەننىڭ ئوقۇتۇش مېتودىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇلارنى تەتقىق قىلمىساق، دەرسنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. بەلگىلىك سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشمۇ قىيىن بولىدۇ. دەرۋەقە، بەزىلەر سىفەن مەكتەپلىرىدە ئوقۇمىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار يەنىلا ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى بولالايدۇ. نەمۇنىلىك ئوقۇتقۇچى بولالايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇشى مائارىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئۇ مائارىپنى تەتقىق قىلغانلىقى ئۈچۈن نەتىجە يارىتالىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن ياكى پىداگوگىكا دائىر ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتەرگەن. لېكىن خاس ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە تايانغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئىچىدە قايسىلىرىنىڭ ئاساسى بار، قايسىلىرى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، ياخشى بولغانلىقىنى بەزىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ پەرق قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار مەقسەتلىك ھالدا پىداگوگىكا ئىلمىنى ئۆگەنسە، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. بىز يالغۇز تەجرىبىمىزگىلا تايىنىپ كونا قېلىپ بويىچە ئىش قىلساق بولمايدۇ، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن، كونا يولدا مېڭىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

10. ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋىتى.

ئالى مەكتەپلەردە بىرى ئوقۇتۇش، بىرى پەن تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئىككى مەركەز بولىدۇ. بارلىق ئالى مەكتەپلەر جۈملىدىن ئالى سىفەن مەكتەپلىرىمىزمۇ ئۆزىگە مۇشۇنداق تەلەپ قويۇشلىرى لازىم. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىككى تەرەپلىك مەسئۇلىيىتى بار - ھەم ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەم پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىمۇ يولغا قويۇشى كېرەك، بىر تەرەپكىلا ئېسىلىشۋالماسلىق كېرەك. بۇ ھەممە ئوقۇتقۇچىلار شۇنداق قىلىشى كېرەك، يەنى ۋاقىتنىڭ يېرىمىدا ئوقۇتۇش بىلەن، ۋاقىتنىڭ يېرىمىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. مەلۇم باسقۇچتا ئوقۇتۇشنى، مەلۇم باسقۇچتا پەن-تەتقىقاتنى ئاساس قىلساقمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەۋۋەل ئوقۇتۇشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇ مۇھىم خىزمەت، ئوقۇتۇشنى پەن تەتقىقات بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ۋەزىپىنىڭ ئېغىر يېنىكلىكى ئوخشىمايدۇ، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوقۇتۇش مۇھىم. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، پەن تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەن تەتقىقات ۋەزىپىمىز ئانچە ئېغىر ئەمەس، بىزنىڭ مۇھىم ھالقىمىز ئەڭ ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش، ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش، لېكىن بۇ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش بىلەن پەن-تەتقىقاتنىڭ مۇناسىۋىتى يوق دېگەنلىك ئەمەس، پەن تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىش كېرەك، پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانمىساق سەۋىيەڭ ئۆسمەيدۇ، سەۋىيە ئۆسمىسە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدۇ-دە! بۇ بىر مەنىسى. يەنە بىر مەنىسى، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بەلگىلىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىۋە ئۆزلۈكسىز تۈردە

يېڭىلىق يارىتىش ئىختىدارى بولۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ پەن تەتقىقات ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بەك مۇھىم، ئۇقۇرى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىجاتچانلىق بولۇشى كېرەك. مەن سىلەرنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيە يېزىشنى تەلەپ قىلمىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. قانداقلا بولمىسۇن ئوقۇغۇچىلارنى بۇ جەھەتتىن چېنىقتۇرۇش كېرەك. ئۇلار تەتقىقاتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن. ئوقۇغۇچىلارغا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇلغان يەردە، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىدە مۇشۇ ئىقتىدار بولۇشى كېرەك. شۇڭا مەيلى ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتە ياكى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن بەزى بىر پەن- تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك. سىلەر پەن- تەتقىقاتنى سىرلىق ئىش دەپ ئويلاپ قالماڭلار. بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارساق بولىدۇ. ئوقۇتۇش خىزمىتىدە تەجرىبە بولسا ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تەتقىق قىلغاندا، مەلۇم تەرەپكە قىزىقىش پەيدا بولىدۇ. مەلۇم تەرەپكە نىسبەتەن چوڭقۇرراق تەسىرات پەيدا بولىدۇ. بىز ئەنە شۇ تەرەپتە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىز بولىدۇ. مانا بۇ پەن-تەتقىقاتنىڭ تەجىسى ئەمەسمۇ؛ بۇنى ئوقۇتۇش ماتېرىيالىغا ياكى ئوقۇتۇش مېتودىغا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنى قانداق قىلىپ ياخشى ئوقۇتۇشقا يېتەكلەش كېرەك؟

مېنىڭ تەجرىبەمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈشنىڭ ئۆزى ئەملىي تەتقىقات بولىدۇ. ئالىي سىنىپ مەكتەپلىرىنىڭ ئەملىي تەتقىقاتى ئەڭ ياخشىسى مائارىپ ئىلمىگە، ئوقۇتۇشقا، ئوقۇتۇش مېتودىغا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ مەكتەپلەرنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ياخشى، كىتاب ماتېرىياللىرى كۆپ، تەجرىبە ئەسۋاپلىرى زامانىۋى، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەردىن بىرنى ئېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە مىليون يۈەن كېرەك، بىز ئالالمايمىز، بۇ جەھەتتە بىزنىڭ شەرت-شارائىتىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. يەنە ئۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى بەك كەڭ، مۇتەخەسسىسلىرىمۇ كۆپ، ئۇلار نېمىنى تەتقىق قىلسا، بىزمۇ شۇنى تەتقىق قىلساق، ئۇ چاغدا بىز باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان بولىمىز. بۇ يەردە پەقەت ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنىلا جارى قىلدۇرۇپ يېتەرسىز جايلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش ياكى ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلىپ يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش مەسىلىسى بار. بىز ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ كەمتۈك يېرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. بەزى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىزدەك مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقى ئەلۋەتتە خاتا. مەن سىلەرگە راستىنى ئېيتسام، ئۇلارمۇ ھازىر بۇنىڭ خاتالىقىنى تونىدى. ھازىر ئۇلارمۇ ئالىي مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىلىرىنى، تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەشكىل قىلدى. باشقىلار بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى، بىز يەنە تەتقىق قىلماي تۇرساق بولامدۇ؟ بىز مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمىز. تەربىيىلەپ چىقارغانلارمۇ مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىز كېلەچەك مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدە تۇرىمىز. بۇ بىز ئالىي سىنىپ مەكتەپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، بۇ يەردە پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بار. ھەر قايسى پاكۇلتېتلاردا يەنە ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش مېتودى دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى پېداگوگىكا پەنلىرى، بۇلارنىڭ بىزدە بولۇپ، ئۇلاردا بولماسلىقىنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ خىل ئارتۇق-

چىقىشىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇلار ئۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلسا، بىز بۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىمىز كېرەك؛ ئۇلار ئۇ تەرەپتە بىرىنچى بولسا، بىز بۇ تەرەپتە بىرىنچى، ئىككىنچى بولىشىمىز مۇمكىن، ئۆچەرەتتە بىز ئۇلارغا يېتەلمىسەك، ئۇلار بۇ تەرەپتە ئېھتىمال بىزگە يېتىشەلمەسلىكى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا بىز ئالىي سىنىپتىكىلەر باشقىلار ئادەتتە ئېرىشەلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. ئۇلار ئاتوم فىزىكىسىنى تەتقىق قىلىپتۇ دەپ بىزمۇ ئاتوم فىزىكىسىنى تەتقىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئادەتتە تۈزۈگرەك بىر تەجرىبىخانىمىزمۇ بولماي تۇرۇپ. قانداق قىلىپ نەتىجە قازانغىلى، تەتقىقاتتىن قانداقمۇ نەتىجە چىقارغىلى بولىدۇ؟ شۇڭلاشقا بىزمۇ ئارتۇقچىلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ كەمتۈك جايلىرىمىزنى تولۇقلىشىمىز كېرەك. ئۇلار چىڭ - خەن تارىخىنى ياكى چۇنچيۇ دەۋرىدىكى شەخسلەرنى تەتقىق قىلسا، سەينمۇ شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۇرپاننى تەتقىق قىلىشىڭ كېرەك، يىپەك يولىنى تەتقىق قىلساڭ بولىدى ئەمەسمۇ، بىز پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكىلەر ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىشىمىزنى ئىشلىشىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ بىردىن - بىر ئالاھىدىلىكىمىز، بىز ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرماقچى بولساق، مانا شۇ ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك كەمتۈك يېرىمىزنى تولۇقلىيالىساقلا تولۇقلىشىمىز كېرەك. باشقىلارنى تەتقىق قىلمىساقمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت ئىقتىدارىمىز بولىدىكەن، شەرت - شارائىتىمىز بولىدىكەن، تولۇقلىيالىساقلا ياخشى بولىدۇ. تولۇقلىيالمىساق مەيلى. ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ تولۇقلىيالايدىغانلىرىمىزنى تولۇقلىشىمىز لازىم. تولۇقلىيالمايدىغان بولساق مەيلى، ئارتۇقچىلىقىمىزنى چوقۇم جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىمىز مۇنداق ئۈچ خىل ئىشنىڭ مۇھىملىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:

(1) مائارىپنىڭ مۇھىملىقى؛ (2) پىداگوگىكىنىڭ مۇھىملىقى؛ (3) پىداگوگىكىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقى. بۇ ئۈچ خىل مۇھىم ئىشنى چۈشەنسەك، تەتقىق قىلساق. قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا بەلگىلىك تۆھپە يارىتالايدۇ. مۇنداق ئىلمىي تەتقىقات ئىشىغا مېنىڭچە ھېچقانچە پۇل كەتمەيدۇ. مەن سىلەرنىڭ ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ خىراجىتىنىڭ يېتىدىغان - يەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، يەتمىسىمۇ مەسىلە چىقمايدۇ. سىلەر ئوقۇتۇش مېتودىنى تەتقىق قىلساڭلا، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ئانالىز قىلساڭلا بولىدۇ. ئازراق ئىش ھەققى كېتىشى مۇمكىن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئېكىسكۇرسىيە قىلىش مۇمكىن. بۇلارغا ھېچقانچە پۇل كەتمەيدۇ. خىراجەت چەكلىمىسىگە ئۇچراپ قالمىسىلەر، قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى بەربىر يەنىلا مۇشۇ تەرەپتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

يۇقۇرىدا مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىم ئالىي سىنىپتىكىلەرنىڭ ئوقۇتۇشتىكى بەزى مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى. بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى مەن تولۇق سۆزلىيەلمىدىم. مەسىلەن: ئاساسىي بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى، مېنىڭچە قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى يەنە تەرەققىي قىلىدۇ. تەرەققىي قىلغاندا بەزى كەچمەكرەك، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلمايدىغان پەنلەرنى مۇستەقىل تەسىس قىلمىسىمۇ بولا، ئۆتكەن كۈنى مەن ئەزىزۇپ بىلەن پىلىك سېكرېتارغا: سىلەرنىڭ مەكتەپتە تارىخ پاكولتېتى، جۇغراپىيە پاكولتېتى يوق ئىكەن، بىئولوگىيە پاكولتېتىمۇ يوق ئىكەن، كەلگۈسىدە قۇرامسىلەر قانداق؟ ئەگەر كەلگۈسىدە بۇلارنى قۇرۇپ قالساڭلار، بىرلەشتۈرۈپ ئېچىشنى سىناق قىلىپ باقساڭلار، تارىخنىمۇ جۇغراپىيىنىمۇ بىلىدىغان بولسا ياكى جۇغراپىيىنى بىلىدىغانلار، بىئولوگىيىنىمۇ بىلىدىغان بولسا، جۇغراپىيە بىلەن بىئولوگىيىنى بىرلەشسە دەپ ئېيتتىم. مەن بۇ-

روْن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانلىرىدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا بولىدۇ. ئاساسى كەڭ، تېيىز قۇرۇشنىڭ پايدىسى بار. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن. ھازىر ماتېماتىكا، تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تولۇق، لېكىن تارىخ، جۇغراپىيە، رەسىم، ناخشا قاتارلىق دەرسلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى دائىم يېتىشمەيدۇ. بۇ مەسىلىنى مەن 50 ـ يىللىرى تەكشۈرۈپ كۆرگەن، ئۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 2 خىل 3 خىل دەرس بەرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىرەرسىنى ئەسلى ئوقۇغان، يەنە بىرىنى ئوقۇمىغان. بىز ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىگەندە، ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە يېتىشىپ چىقىشىغا ئەھمىيەت بەرسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھەممىنى بىر ئازدىن ئۆگىنىشنى تاپىلىشىمىز كېرەك، ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسى ئاجىز، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ. مەسىلەن: مەن بېيجىڭگە يېقىنقا بارغاندا، بىر كۈنى بېيخەي باغچىسىدىكى بەيتا مۇنارىسىغا باردىم. مۇنارىنىڭ ئالدىدا بىر خاتىرە بار ئىكەن، بىر تەرجىمان بىر چەتئەللىك ئايالنى باشلاپ كېلىپ قالدى، ھېلىقى چەتئەللىك ئايال تەرجىماندىن بۇ خاتىرىنىڭ ئۈستىگە نېمە دەپ يېزىلغان دەپ سورىدى. ئۈچ قېتىم سورىسىمۇ ھېلىقى تەرجىمان ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرمىدى، دەل مەن ئۇنىڭغا خاتىرىدە مۇنارىنى قۇرغان يىلنامە يېزىلىپتۇ دەپ جاۋاپ بەردىم. ھېلىقى تەرجىمان بەك ئۇيالغان قىياپەتتە ماڭا، بۇ ئايالنىڭ سۆزلىرىنى ئۇققان بولساممۇ، لېكىن خاتىرىدىكى خەتنى بىلەلمىگەن ئىدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمىدىم دېدى. ئەمەلىيەتتە خاتىرىدىكى خەت بەك ئاددىي بولسىمۇ، خەتتە تىنىش بەلگىلىرى قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى تەرجىمان جۈملىلەرنى ئايرىيالمىغان، چۈشىنەلمىگەن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات سەۋىيىسىنىڭ بەك تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە مەن لەنجۇغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، پويىزدا بىر نەپەر مېكسىكىلىق خەلقارا خىزمەتچى خادىم بىلەن بىرگە بولدۇم، ئېھتىمال كونسۇلخانىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى خادىمى بولسا كېرەك، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، ئۇ سىلەرنىڭ جۇڭگودىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىڭلار تارىخ ئۆگەنمەيدىكەن دېدى. مەن ئۆگىنىدىغۇ، نېمە ئۈچۈن ئۆگەنمەيدىكەن، سىز نېمە ئۈچۈن مۇنداق تونۇدىڭىز؟ دېسەم، ئۇ: مەن تيەنجىنگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرنى سوراپ كۆردۈم. باشلىغۇچىلار ئېنىق سۆزلىيەلمىدى، تاڭ دەۋرىدىكى ئىشلارنى خەن دەۋرىگە، خەن دەۋرىدىكى ئىشلارنى يەنە تاڭ دەۋرىگە سۆرەپ يۈرۈيدۇ. سوئاللىرىمنى ئېنىق بىلمىدى. بۇلارنى مەن ئېنىق بىلەتتىم، ئۇ تېخى بىلمەيدىكەن. دېدى. بۇنىڭدىن ھازىرقى ياشلارنىڭ ئاساسىنىڭ قانچىلىك ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆگىتىش دائىرىسىنىڭ تارلىقىدا بولمامدۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەنگە ئېغىشىدا. كۆرمىسىمۇ بولىدىغانلارنى ئۇ كۆرمەمدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇرۇنلاشتۇرمىسىمۇ بولىدۇ دەپ تونۇغانلىرىنى مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرمايدۇ. ياكى ئوقۇتقۇچى ياخشى ئۆگەتمەيدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ئوقۇتالالىغىنىنىڭ يىلتىزى يەنە بىزنىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىدا ئەمەس دېيىشكە بولامدۇ؟. مېنىڭچە ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قانداق يېتەكچىلىك قىلىش، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە نېمىنى تۇتۇش دېگەن مەسىلىلەر ئوقۇتقۇچىنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولماستىن، مەكتەپ رەھبەرلىكىدىمۇ مۇشۇ خىل مەسئۇلىيەت بار. سىلەر ئوقۇتۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ بىر خىزمەتنى ئالدىن-



Altun0g

قى ئورۇنغا قانداق قويۇشنى مەكتەپ مەمۇرىيىتى، پارتىيە، ھۆكۈمەت، رەھبەرلىكنىڭ ھەممىسى تونۇشى كېرەك، باشقا مەمۇرى خادىملارمۇ مۇشۇنىڭغا خىزمەت قىلىشلىرى كېرەك، ئارقا سەپ خو ـ جىلىق ئورۇنلىرى ۋە ئوقۇتۇش، ئىلمى تەتقىقاتنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشى كېرەك. ھەر قايسى ئور ـ ۇنلارمۇ بۇ مۇھىم خىزمەتنى ئېنىق تونۇشى كېرەك، بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشلىرى كېرەك. ھەر قايسى پاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتۇش كاپېدرالىرىنىڭ ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى قانداق قى ـ لىپ يۇقىرى كۆتىرىش مەسىلىسىنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇش كېرەك. ھازىر بەزى كاپېدرالار ئو ـ قۇتۇشنى تەتقىق قىلمايدۇ. بەلكى ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ ۋە ئوقۇتۇش كاپېدرالىرى قىشتا كۆمۈر تەقسىم قىلىش، يازدا قوغۇن سېتىش ياكى كىنو بېلەتى تارقىتىش ئەرگىنى بولۇپ قالغان. ئىلمى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرالمىغان، تەنقىتنى قانات يايدۇرالمىغان. مەن سىلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇپ تەتقىق قىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. بۈگۈن مەن كۆپچىلىككە سۆزلىگەن بۇ مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرەرسىلەر، بۇ مۇناسىۋەتلەر ـ نى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، بىزنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىمىزنى يۇقىرى كۆتىرىش ياكى ئىختىساس ـ لىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرىمىز ئۈچۈن ئورتاق بىر مەسىلە، بىز ئىككى مەكتەپ ئورتاق قىزىقىدىغان مەسىلە. بىز ئىككى مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتتى ئاللا ـ بۇرۇنلا ئورنىتىلغان. مەن بۈگۈن كېلىپ يولداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇم، ئۆتكەن يىل پىڭ ـ دىڭشەن، كېرىم ئىسمايىل يولداشلار بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپ زىيارەتتە بولغان ئىدى، گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئورتاقلىق كېلىشىمى بار. مېنىڭ مەكتىپىڭلارغا بۇ قېتىمقى كېلىشىمنى ئۆز مەكتىۋى ـ مىزدىكى رەھبەرلىك ۋاكالىتەن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق جاۋابەن زىيارەت دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. كېلىش بولۇپ، بېرىش بولمىسا ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغۇ دەيمەن! بىز مۇناسىۋەت ئورنات ـ قاندا، يالغۇز سىلەر بىزنىڭ مەكتىۋىمىزگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتىشلا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بىز ئۆز ئارا ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئالماشتۇرۇشىمىز لازىم. مېنىڭ بۇ قېتىمقى كېلىشىم كۆپچىلىك بىلەن ئوقۇتۇش ئەندىزىلىرىنى ئالماشتۇرۇشى مەقسەت قىلىنغان ئىدى. سۆزلىگەنلىرىم توغرا بو ـ لمىشى ناتايىن، يولداشلار پايدىلانسا بولىدۇ.

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى ژۇرنىلى

(خەنزۇچە) نىڭ 1983 ـ يىل 2 ـ سانىدىن ئابلىكىم ھەسەن تەرجىمىسى

# سادۇللا ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ئىجادىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئۆمەر ئوسمان

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئۇيغۇر شائىرى سادۇللا توغرۇلۇق ئۇزۇندىن بۇيان تالاش - تارتىش بولۇپ كەلمەكتە. بۇ تالاش - تارتىشنىڭ ئاساسى نۇقتىسى سادۇللانىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاخىرىسىدا سادۇللا موڭغۇل دېگەن بىر خىل خاتا كۆز قاراش ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنمايلا ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان بىرى خېلى نوپۇزلۇق كىتابلاردىن ئورۇن ئالدى. مەسىلەن: 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئوكيانوس» دا، 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئەدەبىياتشۇناسلىق چوڭ لۇغىتى» دا، 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان، ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان «جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانما ئەسەرلەر» دېگەن كىتابتا، 1980 - يىلى قايتا نەشر قىلىنغان «قەدىمقى شېئىرلاردىن تاللانما» دېگەن كىتابلاردا سادۇللا موڭغۇل دېيىلگەن. يەنە 1981 - يىلى نەشردىن چىققان «تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ نەزىملىرىدىن تاللانما» ۋە 1981 - يىلى 14 ئالىي مەكتەپ بىرلىكتە تۈزۈپ نەشر قىلغان ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكى قوللانمىسىدا ۋە ئۆزىنىڭدىن باشقا ئەدىب - شائىرلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە سادۇللا موڭغۇل دېيىلگەن. 1979 - يىلى شاڭخەي «قەدىمقى كىتابلار نەشرىياتى» سادۇللانىڭ «يەنمەن شېئىرلىرى» ناملىق توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە، سادۇللانىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى توغرىسىدا ئېنىق بىر كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلماي، چىن يۈەن ئەپەندىنىڭ كۆز قارىشى خاتا نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، سادۇللانى خۇيزۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ماتېرىياللارغا كەلسەك. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا (1736 — 1796) تۈزۈلگەن «خانىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەن، تۆت قەسىردە ساقلانغان كىتابلارنىڭ ئومۇمىي كاتالوگ»ى دېگەن كىتابتا، سادۇللانى موڭغۇل دەپ كۆرسەتكەن، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» دا بولسا، سادۇللانىڭ پەمىلىسى "جۇ" ئىدى دېيىش بىلەن ئۇنى ئەيناۋۇر باشقا بىر مىللەت دېمەكچى بولغان.

ئەمدى بۇ خىل قاراشلارغا قارىمۇ-قارشى بولغان، يەنى سادۇللا موڭغۇل ئەمەس، دېگەن كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماتېرىياللارمۇ بار. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئولتۇرماي ۋاقتى كەلگەندە نەقىل كەلتۈرسەك بولار.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم «خانىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەن، توت قەسىردە ساقلانغان كىتابلارنىڭ ئومۇمى كاتولوگى» ئەينى ۋاقىتتا نوپۇزلۇق كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن نەشىر قىلىنغان كىتابلاردا شۇ كىتابتىكى كۆز قاراش قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» دەمۇ سادۇللانىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولغاچقا، ھازىرغا كەلگەندە سادۇللا موڭغۇل دېگەن كۆز قاراش نىسبەتەن ئومۇملىشىپ قالغان. ھازىرقى نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللاردا شۇنداق يېزىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. ھالبۇكى، بۇ خاتا ئىكەن ئەلۋەتتە تۈزىتىشكە تېگىشلىك. مەن ماقالەمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا مەخسۇس مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتىمەن.

سادۇللا (1272 — 1355) يەنە بىر ئىسمى تىيەنشى، لەقىمى جىژ جەي. ئۇ يەنمەن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ دەيشەن ناھىيىسى) دە تۇغۇلغان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق خۇيخۇي شائىرى. سادۇللانى خۇي-خۇي (ئۇيغۇر) دېيىشتە ئاساسەن تۆۋەندىكى دەلىللەرگە تايىنىمىز. بىرىنچى، ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش ئۆتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ خۇي خۇي (ئۇيغۇر) ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئۆلپىتىشى (1327- يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن) ياڭ ۋېيجېن ئۆزىنىڭ «شىخۇدىكى بامبۇك نوتىلىرى توپلىمىغا مۇقەددىمە» دېگەن ئە-سەرىدە، سادۇللانى «تاشەن قەبىلىسىدىن①» دەپ كۆرسەتكەن. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە-نىزاملىرى» دېگەن كىتابقا ئاساسلانغاندا، «تاشمەن» دېگەن سۆز "خۇيخۇيلار (ئۇيغۇر)نى ئىسمانغا كەلتۈرگۈچى" دېگەن مەنىدە ئىكەن. سادۇللا بىلەن ياڭ ۋېيجېن نەسىر-نەزىم يېزىپ يۈرۈپ ئۆز ئارا ناھايىتى قويۇق بار-كەلدى قىلىشقان بولۇپ، ياڭ ۋېيجېننىڭ سۆزى ناھايىتى ئىشەنچلىك. سادۇللا بىلەن جېنجياڭدا بىللە تۇرغان يۇشىلۇ دېگەن ئەدىب ئۆزىنىڭ «جېشۈن يىللىرىدىكى جېنجياڭ تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرىدە جىڭ كۇ مەھكىمىسىگە 16- قېتىملىق دالۇخاچى② بولۇپ تەيىنلەنگەن سادۇللانىڭ "ئىسمى تىيەنشى بولۇپ، خۇي-خۇي ئىدى" دەپ يازغان. يۇشىلۇ سادۇللانىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىدىغان كىشى بولغاچقا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ناھايىتى ئىشەنچلىكتۇر. ئىككىنچى، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىدىن قېپقالغان تارىخى ماتېرىياللارنىڭ ھېچقايسىسىدا سادۇللانىڭ مىللىتى موڭغۇل، دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇنى موڭغۇل دېگەن سۆز ئەڭ دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا تۈزۈلگەن «خانىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەن، توت قەسىردە ساقلانغان كىتابلارنىڭ ئومۇمى كاتولوگى» دېگەن كىتابتا پەيدا بولغان. لېكىن، بۇ كىتابتا سادۇللانىڭ موڭغۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ئىسپاتلار كەلتۈرۈلمەيلا قالماستىن، ئەكسىنچە كىشىنى گۇمانغا سالىدىغان: "...... سادۇللانىڭ مىللىتى موڭغۇل، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى توپلىمىغا ۋىننىڭ يازغان كىرىش سۆزىدە سادۇللا دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى "ئىلتىپات" دېگەن بولىدۇ. (موڭغۇلچە بولسا "ئۆيلۈنۈش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دەپ يېزىلغان. دېمەك، ئۇ موڭغۇلچە ئۈچ سۆزنى قوشۇش

ئارقىلىق ئۆزىگە ئىسىم ياسىغان. ھالبۇكى، شائىر ئۆزىنىڭ "كىچىك دەريا بويىدىكى كىچىك ئىلھاملىرى" ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنى "مەن سائائىلىسىنىڭ ئوغلىمەن" ③ دەپ يازغان بولۇپ، زادىلا چۈشىنىپ بولمايدۇ......" (شۇ كىتاپ 167- جىلد دىۋانلار قىسمى) دىگەنگە ئوخشاش تۈرۈكسىز ئىبارىلەر بىلەن خاتا كۆزقاراشنىڭ ھازىرغىچە قەدەر پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا سەۋەپچى بولغان. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ «خانىنىڭ تەزكىرىدىن ئۆتكەن، ئورنى راۋاقتا ساقلانغان كىتاپلارنىڭ ئومۇمى كاتالوگى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كۆز قاراشلار ئۆز ۋاقتىدىلا رەت قىلىنغان ئىدى. سادۇللانىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن بولغان سالۇڭگۇاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 12- يىلى (مىلادى 1807- يىلى) ئۆز قولى بىلەن شەرھىلەپ، باسمىغا تەييارلىغان «يەنمەن شېئىرلىرى» نىڭ كىرىش سۆزىدە كەسكىن قىلىپ: «ھەزرىتىم (سادۇللانى دىمەكچى) مۇ رەڭلىك كۆزلۈكلەردىن ئىدى④» دەپ كۆرسەتكەن. ھەممىگە ئايانكى، خۇي-خۇي دىگىنىمىز رەڭلىك كۆزلۈكلەرنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىدۇر. دىمەك، سادۇللا ئەۋلاتلىرىنىڭ سۆزى ھەممىدىن نوپۇزلۇقتۇر. ئۈچىنچى، سادۇللا دىگەن سۆز ئەرەپچە "سائدۇ - ئاللا" دىگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ بويىچە خەنزۇچە ئىسىمنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بېقىندۇرۇلۇپ، قىسقارتىپ يېزىلىشى بولۇپ، ئەسلى مەنىسى "ئاللا بەخت ئاتا قىلغاي" دىگەن بولىدۇ. سادۇللانىڭ يەنە بىر ئىسمى بولغان تيەنشى دىگەن سۆزنى يېشىپرەك تەرجىمە قىلساق، يەنىلا "ئاللا بەخت ئاتا قىلغاي" دىگەن مەنا چىقىپ تۇرىدۇ.⑤ دىمەك، بۇمۇ ئەسلى ئەرەپچە ئىسىمنىڭ مەنىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يۇقىرىدىن باشقا يەنە، بەزى كىتاپلاردا سادۇللانىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئولاچى، بوۋىسىنىڭ ئىسمى بولسا سالابۇقا ئىكەنلىكى يېزىلغان⑥ بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمىدۇر. يۇقۇرقىلار سادۇللانىڭ خۇي-خۇي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يۇقۇرقى ئۈچ نۇقتىدىن باشقا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، پروفېسسور چېن يۈەن ئەپەندى مۇشۇ ئەسىرىنىڭ 30- يىللىرىدىلا ئۆزىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربى رايونلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4-جىلدىدا تولۇق دەلىل-ئىسپاتلار ئارقىلىق سادۇللانىڭ خۇي-خۇي ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "...... مۇسۇلمان شائىرلارنىڭ ئىچىدە سادۇللانىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ......"، "...... تاۋزۇڭيىنىڭ «تارىخى كىتاپلارنىڭ موھىم بايانلىرى» دىگەن ئەسىرىنىڭ 7- جىلدىدا ئىزاھلىنىشىچە، سادۇللا خۇيخې بولۇپ، خۇيخېلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې يىللىرى (806 — 820) غا كەلگەندە خۇيگې دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇ مىللەت پامىرنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مانى دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن پامىرنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمان ئەللىرىدىن پەرقلىنەتتى. بەش دەۋرگە كەلگەندە خۇيگېلار ئاجىزلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلار بارا-بارا كۆپىيىشكە باشلىغان......"⑦.

يۇقۇرقى دەلىللەرنى سادۇللانىڭ ھەقىقەتەنمۇ خۇي-خۇي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا يېتەرلىك دەپ قارايمەن. دىمەك، سادۇللا موڭغۇل ئەمەس، ياكى باشقا بىر مىللەتمۇ ئەمەس، بەلكى خۇي-خۇي ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنى يەنە نىمىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇيغۇر دەيمىز؟.

"ئۇيغۇر دىگەن" ئىسىمنىڭ مەنىسى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى ئالىملار تالاش-تار-

تەش قىلىپ، بەزى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاھالەنكى، خۇيخۇ دېگەن ئىسىم گەرچە خەنسۇچە تارىخى ماتېرىياللاردا كۆپلەپ ئۇچرايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەسلى تاۋۇشى ۋە مەنىسى توغرۇلۇق ھېچ نەرسە يېزىلمىغانلىقى، چەتئەلنىڭ ماتېرىياللىرىدا بولسا خۇيخۇي دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولمايدىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ مەنىسى ۋە ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ھازىرغىچە كۆپ تالاش-تارتىشلار بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ مۇرەككەپ مەسىلە ئۈستىدە تېخى ھەممە كىشىنى قايىل قىلارلىق كۆز قاراش تۇرغۇزۇلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بەزى دەلىل - ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن.

تارىختا ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئىسمىنى "ئۇيغۇر" (Uyghur) دەپ توغرا تەلەپپۇز قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق باشقا مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ خەنسۇ مىللىتىنىڭ بۇ سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ تەلەپپۇز ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ھەر خىل تەلەپپۇز قىلغان ۋە بۇ تەلەپپۇزلارنى ئوخشىمىغان خەتلەر بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ تەلەپپۇزلارمۇ تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ ماڭغان. مەسىلەن: ئالتە سۇلالىدىن سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋردە (220 — 618) ئۇيغۇرلار يۈەنخې دەپ ياكى ۋۇخۇ دەپ ئاتالغان بولسا سۈي سۇلالىسىغا كەلگەندە ئاندىن ۋېيخې دەپ ئاتالغان ⑧. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم خۇيخې دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ھەمدە ۋۇخۇ دېگەن تەرجىمىسىمۇ ساقلانغان. ⑨ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنيۈەن يىللىرى (785 — 804) خۇيخې دەپ ئاتاش خۇيگې دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرتىلگەن⑩ شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خۇيخې دې-



گەن ئىسىم تەك قوللىنىلغان. پەقەت رەسمىي تارىخلاردا بولسا خۇيگې دەپ يېزىلغان. بەش دەۋر (907 — 979) دە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ ئاجرىلىشىپ نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولغاچقا بۇ دەۋردىكى كىتابلاردا ھەر خىل ئاتالغان. شۇنداقتىمۇ "5 دەۋر تارىخى" دا خۇيخې ۋە خۇيگې دېگەنناملار بىلەن يېزىلغان⑪ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايى بىلەن قوشۇلۇپ گەنجۇ خۇيگې، ساجۇ خۇيگې ۋە خوجۇ خۇيگې دەپ ئاتالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتاپتا يەنە "خۇي-خۇي"، "خۇي-خۇي دۆلىتى" دېگەندەك گەپلەرمۇ ئۇچرايدۇ ⑫ «جىن سۇلالىسى تارىخى» دا بولسا «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جاي بىلەن قوشۇپ ئاتالغان ⑬ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش قوللىنىلغان ⑭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە "سېرىق ئۇيغۇر" دېگەن ئىسىممۇ ئۇچرايدۇ ⑮ يۈەن سۇلالىسىغا كەلگەندە ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنىپ، ئوخشىمىغان خەتلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 21 خىل يېزىلىش ئۇچرايدۇ. ئەڭ مۇھىمى خۇيخې، خۇيدې ۋە خۇي-خۇي دېگەن ئىسىملار ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەنگەن. ۋە ئاتاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن ⑯.

ئەسلى گەپكە كەلسەك، خۇي-خۇي دېگەن بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپتە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا ئىشلىتىلگەن. بۇ ئىسىم قانداق پەيدا بولغان؟ بىزنىڭ "ئۇيغۇر" بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق؟ بۇ توغرۇلۇق ھازىرغىچە خېلى كۆپ ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بەزىلىرى خېلى كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار بە-

لەن ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ئۇيغۇر دىگەن ئىسىم
بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ، " خوي-خوي " نىڭ
ئەسلى ئۇيغۇر دىگەن سۆزنىڭ باشقىچە ئاتى-
لىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۆتكەن گۇ يەنۋۇ
مۇنداق دەيدۇ : " ...... بۇ چەتتىن كەلگەن
تاۋۇش بولغاچقا⑰ ئۇنى ئىپادە قىلىدىغان
مۇقىم بىر خەت يوق ، تاڭ سۇلالىسى ۋاقتى-
دىكى خويخېلار هازىرقى خوي-خويلاردۇر .
تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى خويخېلار خويگې
دەپمۇ ئاتالغان . " يۈەن سۇلالىسى تارىخى "
دا ۋي ۋۇئېر دەپ يېزىلغان . بۇ يەردىكى
" ۋي " دىگىنى " خوي " ، " ۋۇ " دىگىنى
" گې " دۇر . دىمەك خوي خوي دىگىنى
" خويگې " دىگەن ئىسىمنىڭ باشقىچە ئاتى-
لىشىدۇر .⑱

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خوڭ جۈن
مۇنداق دەيدۇ : « ...... " تاڭ نامە " دە
خويگېلار ئەسلىدىكى هونلار ئىدى دىيىل-
گەن ...... " لياۋ سۇلالىسى تارىخى" دا خوي
خوي دىگەن ئىسىم خاتىرىلەنگەن ۋە خويگې
دىگەن ئىسىم بىللە ئىشلىتىلگەن . ئە-
ما " يۈەن سۇلالىسى تارىخى " دا بولسا خوي
خوي ، خويگې دىگەن ئىككى ئىسىم ئۆز ئارا
ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن . " خې " ئۆزگە-
رىپ " گې " يېزىلغان ، " گې " يەنە ئۆز-
گىرىپ " خوي " يېزىلغان . دىمەك ، تاۋۇش-
لاردا ئازراق ئۆزگىرىش بولغاچقا ، تەرجە-
مىلىرى ئوخشاش بولمىغان . ...... »⑲

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دىيىڭ
چيەن مۇنداق دەيدۇ : « خوي خوي دىگەن
ئىسىم ئالدى بىلەن " لياۋ سۇلالىسى تارىخى"
دا قوللىنىلغان . يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى-
نىڭ تارىخلىرىدا مۇشۇ بويىچە ئېلىنغان .
خوي خوي دىگەن ئىسىم خويخې ، خويگې دى-
گەن سۆزنىڭ باشقىچە ئېيتىلىشى ، شۇنداقلا

يۈەنخې ، ۋۇ خۇ دىگەن سۆزنىڭ باشقىچە ئېيى-
تىلىشىدۇر ⑳».

چېن يۈەن مۇنداق دەيدۇ : « ...... بەش
دەۋرگە كەلگەندە خويگېلار ئاجىزلىشىپ ،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قى-
لىدىغانلار بارا - بارا كۆپىيىشكە باشلىغان .
« چاڭچۈن غەرپكە ساياهەت نامىسى » دىكى
ليۇنىڭ غەرپكە ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى توغ-
رىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەردە ئېيتىلغان خوي-
خې دىگەن ئىسىم مۇسۇلمان ئەللەرنى كۆرسە-
تەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا بۇ ئى-
سىملارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى-
نى هىس قىلىپ " ۋيۋۇ" دىگەن سۆزنى ئەس-
لىدىكى خويگې دىگەن ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئال-
ماشتۇرغان . خوي خوي دىگەن ئىسىمنى بول-
سا مۇسۇلمان خويخېلارنى ئاتاشقا ئىشلەتكەن.
" يۈەن سۇلالىسى تارىخى" دا تىلغا ئېلىنغان
" ۋيۋۇ " دىگەن ئىسىم ئەسلى خويگېدۇر .
خويخې دەپ تىلغا ئېلىنغىنى ئەسلى خوي خوي-
دۇر ...... » ㉑ بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت
ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئاكادېمىك
ع. تېنىشىۋ: « ...... ئۇيغۇرلار بەش دەۋردە
جۇيخۇ ، خويخوي دەپ ئاتالغان » دەپ يا-
زىدۇ . تېنىشىۋ ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاپ
كېلىپ : « ئۇيغۇر دىگەن ئىسىمنىڭ قوشۇپ
يېزىلىش شەكلى ئىككى خىل بولغان . بىرى
ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان شەكلى ، يە-
نە بىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان
شەكلى،خوي خوي ، خويخې ، خويگې دىگەن-
لەر ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان ئىسىم-
نىڭ قوشۇپ يېزىلىشىدۇر .㉒

شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
باشلىقى گۇباۋ ئەپەندىمۇ 1964 - يىلى ئۆزى-
نىڭ " يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر
شائىرى "㉓ دىگەن ماقالىسىدا دەلىل - ئىس-
پاتلار ئارقىلىق سادۇللانىڭ هەقىقەتەن ئۇيغۇر

ئىمكەنلىگىنى مۇقىملاشتۇرغان .

خۇي-خۇي بىلەن " ئۇيغۇر " نىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ليۇ يىتاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ " ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات " دىگەن ئەسەرىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن . ۋە ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ قاراشلارغا ھۆرمەت قىلىمىز . لېكىن ، خۇددى دەل ئۆزى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ تالاش - تارتىش ئۈستىدە تۇرغان، ئورتاق يەكۈن چىقىرىلمىغان مەسىلە بولغاچقا، ئۇ قاراشلار ھەممە كىشىنى قايىل قىلىپ كېتىشى ناتايىن. سادۇللانىڭ خۇي-خۇي ئىكەنلىگى ئېنىقلىنىپ بولغان ئىكەن ، بىز يۇقۇرىدىكى ئاساسلارغا تايىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۇيغۇر دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز .

ئەندى تۆۋەندە سادۇللانىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن .

سادۇللانىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك ، ھەممىدە ھەر خىل ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت . سالۇڭگۇاڭ " يەنمىن شېئىرلىرى " گە يازغان كىرىش سۆزىدە سادۇللا شېئىرلىرىنىڭ يېزىلىش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىگىگە ئاساسلىنىپ ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيىتى توغرىسىدا ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇنىڭدىن باشقا يېڭى ئاساسلىق ماتېرىياللار يوق . يەنىلا ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 9 - يىلى ( مىلادى 1272 - يىلى ) سادۇللا ئۆز ۋاقتىدىكى خېدۇڭ سەنشى داۋ ㉔ يىنىڭ لۇ ㉕ تەۋەلىگىدىكى دەيجۇ ئايىمىقىنىڭ يەنمىن دىگەن يېرىدە تۇغۇلغان . 1337 - يىلى ئۇنىڭ " يەنمىن شېئىرلىرى " نىڭ تۇنجى باسمىسىغا گەن ۋېننىڭ يازغان كىرىش سۆزىدە :

" بوۋىسى سىلەن بۇبۇزا دادىسى ئالۇچىلار ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلىگەن ، كۆپ قېتىم ئىجىر كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن شىزۇ ، يىڭزۇڭ ㉖ لار مەخسۇس خانلىق يارلىغى بىلەن يۇن ، دەي ئايماقلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تاپشۇرغان . سادۇللا يەنمىندە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى يەنمىنلىك دەپ ئاتىغان " دەپ يازىدۇ ھەمدە يەنمىندە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دىۋانىغا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتىنىڭ نامىنى بەرگەن ، دەپ كۆرسىتىدۇ ㉗.

سادۇللا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئىچىدە چوڭى بولۇپ بىرىنچى ئىنىسى يې جې ، لەقىمى تيەنيۇ ، جياڭشى جېجياڭ ۋىلايىتىگە ۋالى بولغان ، ئىككىنچى ئىنىسى لاھۇددىن 1347 - يىلى ئۆلكىلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەن . سادۇللا كىچىكىدىن تارتىپلا تىرىشىپ ئۆگىنىپ كۆپ تەرەپلەردىن تالانتلىق بولۇپ يېتىشكەن . ئۇ شېئىر يازاتتى ، رەسىم سىزالايتتى ، ھەمدە ھۆسنىخەتكىمۇ ئۇستا ئىدى . بولۇپمۇ شېئىر يېزىشتا ماھىرلىقى بىلەن ياش تۇرۇپلا شۆھرەت قازانغان .

ھالبۇكى ، يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 30 نەچچە يىلغىچە ( 1279 - 1314 ) كېجۇ ئىمتىھان تۈزۈمى بىكار قىلىنغانلىقتىن سادۇللاغا ئوخشاش ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن ، ئىستىداتلىق زىيالىيلارغا مەنسەپ - مەرتىۋە يولىغا قاراپ قەدەم قويۇش ئۈچۈن ئىشىك تاقىلىپ قالغان . ئۇنىڭ ئۇستىگە نىمە سەۋەپتىندۇر ، بىر نەچچە ئەۋلادىغىچە ئەجىر - تۆھپىسىنىڭ بەدىلىگە خانىنىڭ يۇقۇرى ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان سا جەمەتى بۇچاققا كەلگەندە ھالى خاراپلىشىپ ، سادۇللانىڭ « كىچىك دەريا بويىدىكى كەچكۈز ئىلھاملىرى » دىگەن شېئىرىدا : " مەن سا ئائىلىسىنىڭ ئوغلىمەن ، بىزنىڭ تېرىلغۇ يېرىمىز يوق ،

مال-دۇنيارىمىز يوق» دېگىنىدەك غۇربەتچىلىككە چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن سادۇللا ھايات يولى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە بېرىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش سودىگەرلىك قىلغان، جەنۇپ تەرەپلەرگە بارغان، لېكىن ئاخىرىسىدا ئوقەتتى راۋاج تاپماي ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كونا ئولپەتلىرى بىلەن جەم بولۇپ، شېئىر-نەزم يېزىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ شۇ چاغدا يازغان «تاغ ئارىسىدا تۇرۇپ دوستلارنى ئەسلەپ يازغان ئالتە پارچە شېئىر» دېگەن شېئىرى خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان.

1313-يىلى پادىشا رېنزۇڭ كېجۇ ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يارلىق چۈشۈردى. بۇ چاغدا شائىرنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۆزىنىڭ يېشىمۇ 55 كە بېرىپ قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ 1327-يىلى ئوردا ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئالدىنقى ئۈچىنچى رەتتىكى تەشرىپدارلىققا ئۆتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ سىياسى سەھنىلەردە ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايەن قىلىش ئۈمىدىدە بولدى. ئۇ بىر مەزگىل ئوردا ئەدىبى بولۇپ تۇرغاندىن باشقا، قالدى ھاياتىنى ياقا يۇرتلاردا ئەمەلدارلىق تۇرمۇشى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىق ھاياتى توغرۇلۇق شائىر «كىچىك دەريا بويىدىكى كەچكۈز ئىلھاملىرى» دېگەن شېئىرىنىڭ ئۆزۈن مۇقەددىمىسىدە بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. بىز بۇ مۇقەددىمىدىكى يىلنامىلارنى ئېنىقلاپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلساق شائىرنىڭ 1328-يىلدىن 1331-يىلغىچە ھازىرقى جېن جياڭدا، 1331-يىلدىن 1334-يىلغىچە ھازىرقى نەنجىڭدە، 1334-يىلدىن 1337-يىلغىچە فۇجۇدا، 1337-يىلدىن 1339-يىلغىچە كەيفىڭدە، 1340-يىلدىن 1343-يىلغىچە بېيجىڭدە، 1343-يىلدىن 1346-يىلغىچە خاڭجۇدا، 1346-يىلدىن 1349-يىلغىچە نەنجىڭدە، 1350-يىلدىن 1352-يىلغىچە لۇجۇدا ئوخشىمىغان مەنسەپلەردە بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. شائىر لۇجۇدا ئەمەلدار بولغان ۋاقتىدا 80 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى توغرۇلۇق بەزى رىۋايەتلەردىن باشقا ئىشەنچىلىك ماتېرىيال يوق. پەقەت ئۇنى 1355-يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ.㉘

موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە مىللى زۇلۇم ۋە مىللى كەمسىتىش باشتىن-ئاخىر داۋاملىشىپلا قالماستىن بەلكى ئۇرۇش-يېغىلىقلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوردىنىڭ ۋە يەرلىك مەمۇرلارنىڭ باج-سېلىق، ئالۋاڭ-ياساقلىرىنىڭ زىيادە ئېغىرلىقى قوشۇلۇپ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈنى ئازاپ-ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتكەن. مانا شۇنداق دەۋردە ياشىغان سادۇللا گەرچە رەڭلىك كۆزلۈكلەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئاتا-بوۋىلىرى خېلى چوڭ مەرتىۋە تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسى خاراپلىشىپ غۇربەتچىلىكتە چوڭ بولغانلىقى، كۆڭلىدە يۈكسەك نىيەتلەرنى پۈكۈپ كەلگەن بولسىمۇ 55 يېشىغىچە مەنسەپدارلىق يولىغا قەدەم قويالمىغانلىقى، ئىمتىھاندىن گەرچە ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلماي، پارچە-پۇرات ئەمەللەر بىلەن ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىپ يۈرگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى

نى ئىشقا ئاشۇرالماي ئارمان بىلەن ئۆتكەندىگى سەۋەبىدىن ئۆز زامانىسىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا نارازى بولغان. بۇ نارازىلىق شائىرنىڭ قەلبىدە ھەققانىي ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغاتقان. شائىر ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىق ھاياتىدا يوقسۇل پۇخرالارغا يار - يۆلەكتە بولۇپ قانۇن تۈزۈمنى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلغان. 1329 - يىلى جېجياڭدا ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە زور قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ ھەممە يەرنى ئاچارچىلىق قاپلاپ كەتكەندە ئۇ مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشقا ئەمەلدارلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ غەزىنىدىن ئاشلىق ئاجرىتىپ پۇخرالارنى قۇتقازغان. ئۇ يەنە سىياسىي بىلەن پۇخرالارنى قورقىتىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى قارىتىپ تۇرۇپلا بۇلىۋالىدىغان ئالدامچى باخشى - راھىبلارنى ۋە ئۆز قول ئاستىدىكى پۇخرالارنىڭ شىلىسىگە مىنىۋېلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان، پارىخورلۇق - خىيانەتچىلىك قىلغان بۇزۇق ئەمەلدارلارنى رەھىم قىلماي جازالىغان. پۇخرالارنىڭ داۋا - دەستۇرلىرىنى ئادىللىق بىلەن سورىغان. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تىرىشقان.

ئەمما شائىر ھەر قانچە ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرمىسۇن، ئۆزىنى پاك تۇتمىسۇن، جەمئىيەتتىكى ئىپلاسلىقلار بىلەن ھارماي - تالماي كۆرەش قىلمىسۇن يەنىلا تېگى - تېگىدىن چىرىكلىشىپ كەتكەن فېئوداللىق تۈزۈمنى ئۆزگەرتەلىشى، جاھاننى ئۆزى خىيال قىلغاندەك ھالغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ توغرۇلۇق «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» دا: «ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋۇلىندا تۇرغان، ياخشى ھاۋالىق كۆللىرى ئۈچىسىغا سېۋەت ئېلىنغان ياغاچنى مۇرىسىگە سالغان ھالدا سەيلىگە چىقاتتى. مەن-

زىرىلىك تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغىچە بېرىپ ھوزۇرلانغىچە يانمايتتى، ئىلھامى كەلگەندە شېئىرلار يازاتتى(29)» دەپ يېزىلغىنىدەك ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كېسەللىك، يېقىرلىق ۋە يالغۇزلۇقتا ئۆتكۈزگەن ھاياتىدا يازغان بەزى شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەجىر-تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ، ھەر قانچە قىلسىمۇ يەنىلا ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چەككەن.

سادۇللا ئۆز شېئىرلىرىدا پىششىق بەدىئىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى جەمئىيىتىنى چوڭقۇر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

شائىر ياش چېغىدا سودىگەرلىك بىلەن ۋە كېيىن خىزمەت بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشىغاچقا خەنسۇ خەلقىنىڭ ماكانسىزلىق، ئاچزارلىق، جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى شائىر ئەمەلدارلارنىڭ قوپال، ۋەھشىلىكىنى، خەلقنىڭ ئاھۇ - زارلىرىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلىپ، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈستىدە قايغۇرغان. شۇ ئارقىلىق ئازاپ دېڭىزى ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان خەلققە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ بۇ خىل تېمىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدە «قىز قوشىقى»، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې دەرياسى بويىدا كۆرگەنلىرىم» ۋە «جۈيۇڭ قورۇلىدىن ئۆتكەندە» قاتارلىق شېئىرلىرى مەشھۇردۇر.

شائىر بىر نامرات دېھقاننىڭ تۇرمۇشىنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن ھايات كۆچۈرۈشكە باشقا ئامال تاپالماي ئۆزىنىڭ جان - جىگەر قىزىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، غەزەپ-نەپرەت ئىچىدە «قىز قوشىقى» دېگەن شېئىرنى يېزىپ، بۇنىڭغا ئوخشىغان

ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېزگۈچى سىنىپلارنىڭ زالىملىقى سەۋەب بولغانلىقىنى كەڭ ئەمگەكچى خەلق تەبىئەت ۋە بەندە سالغان كۈلپەتلەرگە چىدىماي ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتسا، ئەمەلدارلارنىڭ پەرۋايى پەلەك ھالدا يەنىلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن ياغ چىقىرىشنىڭ كويىدا بولىۋاتقانلىقىنى قىلچە ئەيمەنمەستىن پاش قىلغان.

سادۇللا ئادالەتپەرۋەر شائىر ئىدى. ئۇ يالغۇزلا ئۆز ھاياتى - كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپلا قالماستىن بەلكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە مۇڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چىرىكلىشىپ ئۆزئارا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش نەتىجىسىدە خەلققە كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتلىرى، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىكى ئۈستىدىمۇ شىكايەت قىلغان. شائىرنىڭ «تاڭ سەھەر خۇاڭخې بويىدا كۆرگەنلىرىم» شېئىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ:

ئاڭلىنار ئىت ھاۋشۇشى ۋەيرانە مىسكىن يېزىدىن،
كەپىلەر ئۈستىدە ئەگىپ تۇمان تىنماس ھامان.
ۋەھىمە سالسا ھەر كېچە قاراقچىلار ئەل يۇرت تالاپ،
كۈندۈزى دەريا تېشىپ، ئەلنى باسار كەلكۈن-توپان.
ئەيشى - ئىشرەتتە ئۆتەر چاڭئەندىكى بەگزادىلەر،
ئۆمرىدە كۆرمەس ئۇلار قايغۇ بىلەن ھەسرەت پىغان...
سارايدا تۇرۇپ بەگلەر ھوسۇل غېمىنى نە بىلسۇن،
بىر پارچە قارا نانغا پېقىرلار يىغلىشار قان-قان.

دېمەك شائىردا مانا مۇشۇنداق ھەققانىي روھ بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا فاڭ گۈجېن باشچىلىقىدىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىنايى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دېخانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ئەگەر بۇنداق كۈچلۈك ھەققانىي ھېسسىيات بولمىسا، شۇنداقلا خەنسۇ ئەمگەكچىلىرىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق تۇيغۇسى بولمىسا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ تۇرغان بىر ئاز سانلىق مىللەت ئەربابى قانداقمۇ خەنسۇ دېخانلىرى قوزغىغان قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قاتارىغا كىرىپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ فېئودال مۇستەبىتچىلىكىگە قارشى تۇرالىسۇن؟

يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا سىنىپى زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم ئېغىر بولۇپ قالماي ئوردا ئىچىدىكى زىددىيەتمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ ھال ھەمىشە ھۆكۈمرانلار ئارا جەڭگە - جېدەلگە سەۋەبچى بولۇپ، خەلقنىڭ بېشىغا تۈگىمەس بالايى - قازالارنى ياغدۇراتتى. شائىر مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي رېياللىققا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتماستىن، بۇ جىنايى ئۇرۇشلارنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن بالايى - قازالىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بىلەن ئادالەتسىز ئۇرۇشلارغا قارشى تۇرغان. شائىرنىڭ «تۇلپار سۈرىتىگە بېغىشلىما»، «جۈيۇڭ قورۇلىدىن ئۆتكەندە» ناملىق شېئىرلىرى بۇنىڭ ئوبدان مىسالى. شائىر بۇ شېئىرلاردا جەڭ مەيدانىنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىسىنى جانلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسىنى قوزغىلىپ تېچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان.

شائىر ئەينى ۋاقىتتا بىر مەزگىل ئوردا ئەدىبى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن مۇددەت ئەمەلدار ھاياتىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئوردا - ھەرەم-



AltunOq

لەرنىڭ ئىچكى تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. بۇنىڭ بىلەن شائىر ئۆزىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا خان جەمەتلىرىدىن تارتىپ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە چىرىك شەھۋانىي قىلمىشلارنى ئېچىپ تاشلىغان. شۇ ئارقىلىق فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ يىرگىنىشلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان ھەم ئەجەللىك يېرىگە تەككۈزۈپ قاتتىق زەربە بەرگەن. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «كۆرگەن - بىلگەنلىرىم»، «پايتەختتە يېزىلغان پارچە - پۇرات شېئىرلار»، «شىمىڭ شياۋيىڭ ھەزرەتكە بېغىشلىما» دېگەن شېئىرلىرى ناھايىتى ئوبدان مىسال بولالايدۇ.

شائىر بىكار تەلەپ ۋە خۇشامەتچى ئەدىبلەرنى ناھايىتى يامان كۆرگەن ۋە ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغان. ئۇ «ماكانىم ئىلھامى بىلەن» دېگەن شېئىرىدا: "شۇ ۋاقىتلاردا ماختانچاق ۋە خۇشامەتگۇيلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۇلار ئۆز ماقالىلىرىنى ئىلتىپات قىلىپ يۇقۇرىغا سۇنۇشاتتى" دەپ يازىدۇ. يەنە «فىڭخۇاڭنەي مۇنارىسىدا جانابى گوخېنىڭ تەلىۋى بويىچە يېزىلغان شېئىر» دېگەن شېئىرىدا: "چاكىنا ئەدىبلەر ئۆتمۈشتىن قۇرۇق گەپ سېتىپ، كۈن بويى ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىپ يۈرەتتى" دەپ يازىدۇ. بۇ شېئىرلاردا بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئارقىلىقلا بىكار تەلەپ تەخسىكەش ئەدىبلەرنىڭ چاكىنا قىلمىشلىرى ۋە يىرگىنىشلىك روھى قىياپىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مەزمۇنغا باي، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ناخشا تېكىستلىرى تارىختىن بويان كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تىلى يارقىن، گۈزەل، يېقىملىق بولۇپ خەنسۇ شائىرلىرىدا بولمىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ئوقۇغان كىشى بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمايتتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، شائىر ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىجادىي قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز ناخشا تېكىستلىرىدىمۇ ناچار ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان، يامانلىقنى ساۋايدىغان قامچىغا ئايلاندۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممىگە قادىر ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق ئوردا ھەرەملەردە خان ۋە بەگزادىلەر تەرىپىدىن خالىغانچە ئاياق - ئاستى قىلىنىۋاتقان كېنىزەك ۋە دېدەكلەرنىڭ ئاھ پىغانىنى خەلق ئالەمنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزگەن. شۇ ئارقىلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ياۋۇز قىلمىشلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن پاش قىلغان. مانا بۇ مەزمۇنلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ يۇقۇرى ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ «ئالتۇن قۇلۇپ» ، «ئاھۇ - زار» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى بۇلارغا ئوبدان نەمۇنە بولالايدۇ.

شائىر سۇدىگەرلىك ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگونىڭ يېرىمىنى دېگىدەك ئايلىنىپ چىققان بولۇپ، جۇڭگو تاغ - دەريالىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە تۈگىمەس ئىلھام بېغىشلىغان. ئۇ ھەيۋەتلىك تاغ - دەريالارنى، مەشھۇر ئاسارە - ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلغان چېغىدا دائىم دېگىدەك ئۆزىنىڭ كۆچلۈك ھاياجىنىنى باسالماي، قەلىمىنى ئوينىتىپ ئۆزىنى مەس قىلغان تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن خۇددى رەسىم سىزغاندەك قەغەز بېتىگە چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى ھېسسىياتلىق بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىشى گويا بىر پارچە رەڭدار سۈرەتكە قاراپ تۇرغاندەك چىنلىق تۇيغۇنى ھېس قىلىدۇ ۋە ھوزۇرلىنىدۇ. ئۇ گاھى مەردانە ئۇسلۇبلار بىلەن تەبىئەتنىڭ سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى نامايەن قىلسا، گاھىدا يارقىن ئۇسلۇب بىلەن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى تەس

ۋىرلىگەن. شائىر ئۆزىنىڭ «مىڭگۈەن قورۇلىدىن ئۆتكەندە» ناملىق شېئىرىدا مەنزىرە تەسۋىرىنى مۇنداق بېرىدۇ:

"تاڭ چېغى ئۆتتۈم داۋاندىن ناقىلا مەن خۇشتار بولۇپ،
ئۇيىنشار ئاپپاق بۇلۇتلار مەن بىلەن دوستيار بولۇپ.
چوققىلار مەپتۇن بولۇپتۇ ئاق بۇلۇتلار قوينىغا،
ئالقىنىمدا جىلغا-سايلار كۆرىنەر قاتار بولۇپ.
سىلكىتىپ قاقسام كىيىمنى، رۇسلىسام قەددىم شۇ چاغ،
زور قىلىپ سۇلار ئاقادۇر بىر ئېقىن ئەنھار بولۇپ.

بوش ۋاقىت بولسىلا تاغ ئىدىر دەريا-كۆللەرنى ئارىلاپ نەزىم پۈتۈشنى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئارامى ھېساپلىغان. ئۇ شىمال تەرەپتە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ:

"قىپ-قىزىل شەپەق نۇرىدا پادىلار بايلاپ يۈرەر،
بارچە يەردىن سۈت-قېتىقنىڭ خۇش پۇراق ھىدى كېلەر.
قاپ-قارا بوران كېلىپ ياغدى قۇملار قار بولۇپ،
كىگىز ئۆيلەر ئىشىگىۋە تۈڭلۈكىنى ھىم ئېتەر"

دىگەنگە ئوخشىغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ جەنۇپقا كەلگەندىن كېيىن بولسا، جەنۇپنىڭ تاغ-دەريالىرىنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىرىسى شائىرغا يېڭىلىق تۇيۇلۇپ، نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «گاۋيۇدىكى شياڭ كۆلىدىن ئۆتكىنىمدە» دىگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

"بېلىق ئوۋلاپ قېيىقتا شۇ كۆلنى كېزىپ،
كۆلنى ئۆتەر سەھەردە بېلىقنى سېتىپ.
ئۆمرى ئۆتتى قېيىقتا چاچلار ئاقاردى.
ئىنا قىلىقتا ئەر-خوتۇن بولدى تەڭ قېرىپ"،

شائىر بۇ شېئىرىدا مەنزىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە جانلىق تۇرمۇش كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن.

دىمەك تاغ-دەريا شېئىرلىرى گويا سۈرەتتەك، ئۇنىڭدا يېزىلغان نەرسىلەر گويا تىرىكتەك تۇيۇلىدۇ. قەدىمقىلار تاغ-دەريا شېئىرلىرىدىن گەپ ئاچقاندا "شېئىردىن سۈرەت پۈتەر» دىيىشكەن. ئەگەر شۇنداق دىيىشكە توغرا كەلسە سادۇللانى ھەرگىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەنزىرە تەسۋىرلىگەن شېئىرلىرى تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۆتكەن مەشھۇر تاغ-دەريا، باغ-ۋاران شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن قېلىشمايدۇ.

سادۇللانىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ قەدىمقىلارنى ئەسلەپ يازغان شېئىرلىرىنى ئېغىزغا ئالماي بولمايدۇ. بۇ تېمىدىكى شېئىرلار گەرچە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە ئاران 16 پارچىلا بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى زوردۇر.

يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا مىللەتلەرنىڭ چەك-چېگىرىسى ناھايىتى قاتتىق ئايرىلغان بولۇپ مىللى كەمسىتىش بەكمۇ ئېغىر ئىدى. شائىر رەڭلىك كۆزلۈكلەردىن بولغاچقا ئورنى ئەلۋەتتە خەنزۇلاردىن يۇقۇرى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، گەرچە "ئەڭ پەس"لەر ئولتۇراقلاشقان جاي ھېساپلانغان جەنۇبى جۇڭگودا ئۇزۇن مۇددەت ئەمەلدار بولغان بولسىمۇ قىلچىمۇ خەنزۇلارنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدا بولمىغان، ئەكسىچە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە خەنزۇ شائىرلىرى، راھىپ، دەرۋىشلىرى بىلەن يېزىشقان مۇشائىرلىرى ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ تارىخى توغرۇلۇق يازغان تارىخى تېمىدىكى شېئىرلىرى بار. ئۇنىڭ بۇ تېمىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدە «مەنجياڭخۇڭ. جىنلىڭدا قەدىمقىلارنى ئەسكە ئالغاندا»، «نىيەنۇجياۋ. تاش قەلئەگە چىققاندا» ۋە «مۇ-

لەنخۇامەن. پىكچىگىدا قەدىمقىلارنى ئەسكە ئالغاندا» ناملىق شېئىرلىرى بەكمۇ مەشھۇردۇر. بۇ شېئىرلار ھازىرمۇ دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، داڭلىق خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ. شائىر بۇ شېئىرلاردا خەنزۇ خەلقىنىڭ تارىخى قەھرىمانلىرىنى، ئۇلۇغ زاتلارنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ياد ئېتىپ قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى خەزىنىسىدە سادۇللانىڭ ئەسەرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىگە تىزغاندىمۇ خېلى - خېلى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن مەن - مەنلىك تالىشالايدۇ.

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەڭ دەسلەپ 8 جىلد قىلىپ توپلانغان. كېيىن قېپ قالغان شېئىرلىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرى قوشۇلۇپ يەنە ئىككى جىلد قىلىپ توپلانغان بولۇپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرى جەمئىي 802 پارچە،[30] سادۇللانىڭ شېئىر دىۋانى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي سەككىز قېتىم بېسىلغان. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىپ كەلگەن، ھەتتا ياپونىيىدىمۇ بېسىلغان. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرىدە سادۇللانىڭ شېئىرلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشمۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس.[31] «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ تەرجىمىھاللار قىسمىدا ئۇنىڭغا: " شېئىر تالانت جەھەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ " دەپ يېزىلغان. تارىختىن بۇيان نۇرغۇن مەشھۇر زاتلار ئۇنىڭ دىۋانىغا كىرىش سۆز يازغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئوبدان باھا بەرگەن بولۇپ، مۇۋەپپەقىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۆز زامانىسىدىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى باھالارنى مىسالغا ئالساق، مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۆتكەن لىيۇزىجۇڭ، " سادۇللا شېئىرلىرىنىڭ جۈملىلىرى ئېغىرراق بولمىسىمۇ، ئۆتكۈر، مىسرالىرىنىڭ چېچىلىشى تازا بولمىسىمۇ ئاھاڭدار... خۇددى دۇلدۇل ھاۋادا ئۇچقاندەك رىتىملىرى ئاجايىپ بولۇپ، گويا دېڭىزدىكى ئەۋرىدىھارنىڭ بىر چۆكۈپ بىر چىققىنىنى بىلگىلى بولمىغاندەك سىرلىق كۆرۈنىدۇ "[32] دەپ باھا بەرگەن. چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى يۇكسەك باھاغا ئېرىشكەن. كۆپلىگەن شائىرلار ئۆز ماقالىلىرىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى "يارقىن ھەم گۈزەل رىتىملىق ھەم راۋان "، " ئوقۇغان كىشى قولدىن چۈشۈرگۈسى كەلمەيدۇ" دەپ تەرىپلەشكەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ ئۇنىڭ دىۋانىدا خەنزۇ كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئۆز نامايەندىسىنى تاپقان بولۇپ، يۇخۇ شېئىرلىرى[33] رىتىملىق ھەم يېقىملىق، ۋەزىنلىك شېئىرلىرىنىڭ تىلى پىششىق ھەم راۋان. رۇبائىيلىرىنىڭ تىلى ساددە لېكىن يوشۇرۇن مەناغا باي، قەدىمقىلارنى ئەسلەپ يازغان شېئىرلىرىدا بولسا كۆتەرەڭگۈ روھ، قەيسەرلىك ئىپادىلەنگەن. ئەڭ مۇھىمى شۇكى شائىر خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا بولمىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇپ ياراتقان.

شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا سادۇللا رەسسام ۋە ھۆسنخەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، بۇ ساھەدىمۇ كامالەتكە يېتىپ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر رەسسامى ۋە خەتتاتى بولۇپ تونۇلغان. ئۇنىڭ سىزغان سۈرەتلىرىدىن ئىككى پارچىسى يۈەن سۇلالىسى سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە پايتەختتە گۇگۇڭ مۇزېيىدا ئەتىۋارلاپ ساقلانماقتا.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۇقۇرىدەك

مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ ئۇنىڭ يۈكسەك سىياسىي غايىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت كۆرەش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆككەنلىكىدە، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن ئۇچرىشىش، تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ مۇشەققەتلىك سودىگەرلىك ھاياتىنى ۋە ئارمان بىلەن ئۆتكەن ئەمەلدارلىق سەرگۈزەشتىسىنى ئۆز بېشىدىن كۆچۈرگەن. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىغا چەكسىز ئىشتىياق باغلىغان...... دېمەك بۇلارنىڭ ھەممىسى سادۇللانىڭ ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولغان ۋە تۈگىمەس خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن.

ئەندى بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇنىڭ يۇقۇرقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرەلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەۋى بار. بۇنىڭ بىرى ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ ئۆگەنگەنلىكى، يەنى سۇلالىسى ۋاقتىدا موڭغۇللار بىلەن رەڭلىك كۆزلۈكلەرنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان، شائىر بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي خەنزۇ مەدەنىيىتىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تارىختا ئۆتكەن كۆپلىگەن مەشھۇر خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ سۆز - جۈملىلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، ئىجادىيەتتە جىددىي، ئەستايىدىل، كەمتەر پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇ بىلىمگەننى ئار كۆرمەي باشقىلاردىن سورىغان. يېزىپ بولغانلىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ پىكىر ئالغان. ئەسەرلىرىنىڭ سۆز-جۈملىلىرىنى قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا يارىغىدەك قىلمىغىچە بولدى قىلمىغان. باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بەرگەن باھاسىدىكى " قارىماققا ئاسانلا تۇرسىمۇ، جاپا - مۇشەققەتنىڭ مەھسۇلىدۇر " دىگەن سۆزلىرى ناھايىتى سەممىي ئېيتىلغاندۇر. ئۈچىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى تەبىئىيلىك، ئاممىباپلىق، ئاددىي ساددىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

سادۇللانىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چوڭقۇر ئىجتىھادى ۋە خەنزۇ تىلىغا ماھىر ئىكەنلىكىگە سەممىي ھۆرمەت بىلدۈرمەي تۇرالمايدۇ. بۇ خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ خېلى قىيىندۇر. ئۇنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىش، ھارماي - تالماي ئىزدىنىش روھى ھەممىمىزنىڭ ئۈلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

1983 - يىل 1 - يانۋار

## ئىزاھاتلار

① «تاشمەن» دېگەن سۆزنىڭ قايسى تىل ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە-نىزاملىرى» دېگەن كىتاپقا قاراڭسۇن.

② «دالۇغۇاچى» مۇڭغۇلچە سۆز. بۇ يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا مۇڭغۇللار ۋە رەڭلىك كۆزلۈكلەرلا بەھرىمەن بولالايدىغان بىرخىل مەنسەپ بولۇپ، ئاساسەن خەقنىڭ داۋا - دەستۇر ئىشىنى سورايتتى.

③ «سادۇللا «خەنسۇچە» 薩都拉 » ياكى « 薩都剌 » دەپ يېزىلغان. يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا پەملە ئىشلەتمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر بەزىلىرى دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى پەملە ئورنىدا قوللانغان. سادۇللا بولسا ئۆز ئىسمىنىڭ بېشىدىكى بىرىنچى ھەرپىنى پەملە ئورنىدا ئىشلەتكەن. شۇڭا بۇنىڭ «مەن سا ئائىلىسىنىڭ ئوغلىمەن» دېمەكچى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بۇ ھەقتە چېن يۈەن ئەپەندىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنسۇلىشىشى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەرىنىڭ 6 - جىلد «ئەدەپ، يوسۇن قىسمى - غەربىي رايونلۇقلارنىڭ ئۆز ئىسمىنى خەنسۇلارغا تەقلىد قىلىشى توغرىسىدا» دېگەن بابىغا قاراڭسۇن.

④ «رەڭلىك كۆزلۈكلەر» - مۇڭغۇللار ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ كۆزلىرىنىڭ ھەرخىل رەڭلەردە بولىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇزىدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى، شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «رەڭلىك كۆزلۈكلەر» دەپ ئاتىغان. يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئۆز پۇقرالىرىنى مۇڭغۇللار، رەڭلىك كۆزلۈكلەر، شىماللىقلار (شىمالدىكى خەنسۇلار) ۋە جەنۇبلۇقلار دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان. رەڭلىك كۆزلۈكلەر گەرچە مۇڭغۇللاردىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ يەنىلا كەمسىتىلىشتىن، زۇلۇمدىن، ئېزىلىشتىن خالىي بولالمىغان.

⑤ «سادۇللا شېئىرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتاپقا قاراڭسۇن.

⑥ سادۇللانىڭ ئىسمىغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئەسلى تەلەپپۇزىنى ئېنىقلاشقا ھازىرچە مۇمكىن بولمىدى. شۇڭلاشقا خەنسۇچە تەلەپپۇزى بويىچە ئېلىندى. بۇ توغرۇلۇق «تۆت قەسىردە ساقلانغان كىتاپلارنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى» دېگەن كىتاپنىڭ 167 - جىلد، دىۋانلار قىسمىغا قاراڭسۇن.

⑦ چېن يۈەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنسۇلىشىشى ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 4 - جىلدىغا قاراڭسۇن.

⑧ «ۋېي نامە» 107 - جىلد «ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى»، «سۈيى نامە» 81 - جىلد «تېلى تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد «خۇيخېلار تەزكىرىسى» گە قاراڭسۇن.

⑨ «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد. «يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلدكە قاراڭسۇن.

⑩ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم باياتلىرى» نىڭ 98 - جىلدىگە قاراڭسۇن.

⑪ «كونا بەش دەۋر تارىخى» 183 - جىلد، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 73 - جىلدكە قاراڭسۇن.

⑫ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 69 - جىلدكە قاراڭسۇن.

⑬ «جىن سۇلالىسى تارىخى» 2 - جىلد ۋە 3 - جىلدكە قاراڭسۇن.

⑭ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 40 - جىلد، «خۇيخېلار تەزكىرىسى» گە قاراڭسۇن.

⑮ يۇقۇرقى كىتاپ، «فۇتەن تەزكىرىسى» گە قاراڭسۇن.

⑯ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 1 - جىلد ۋە 6 - جىلدكە قاراڭسۇن.

⑰ ئاپتۇر بۇ يەردە «چەت» دەپ چەتئەللىك ئەمەس بەلكى، ئاز سانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلارنى كۆزدە تۇتقان.

⑱ گۇيەنۋۇ: «كۇندۇلۇك خاتىرىلەر تەپسىراتى» 29 - جىلد. «تۇبۇت - خۇيخې قىسمى» غا قاراڭسۇن. (ليۇ يىتاڭ نەقىل كەلتۈرگەن):

⑲ خۇڭجۈن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەرجىمىلىرىگە تولۇقلىما» 27 - جىلد. «تۈركى خۇيخېلار قىسمى» گە قاراڭسۇن. (ليۇ يىتاڭ نەقىل كەلتۈرگەن)

⑳ دېبىڭ چيەن: «غەربىي رايوندا خۇي - خۇي ئېلى ۋە خۇي - خۇي دىنى يوق دېگەن ماقالە توغرىسىدا» غا قاراڭسۇن. (ليۇ يىتاڭ نەقىل كەلتۈرگەن)

㉑ چېن يۈەن: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايونلۇقلارنىڭ خەنسۇلىشىشى ھەققىدە تەتقىقات» 1 - جىلدكە قاراڭسۇن.

㉒ ∈ . تېنشۇۋ خۇي خې، خۇي كې، خۇي-خۇي دېگەنلەر «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن باشلىنىپ يېزىلىشى، ۋېي خې، ۋېخۇ، ۋۇخې، ۋېي ۋۇئى لار بولسا، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسمىنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىپ يېزىلىشى، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنى تەستىقلاپ ئاكادېمىك رادلوف: بۇنىڭ 2 - خىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى، 1 - خىلى بولسا خۇيېكى سۆزىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى، يا.



Altun Oq

كى بولمىسا ئۇيغۇر سوزىنىڭ قەدىمقى شەكلى . ياكى بولمىسا بۇ سوزنى خەنزۇ تارىخشۇناسلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن ئەمەس ، تۇنگۇسلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن ،، دەيدۇ . بۇ توغرۇلۇق ئېنىشۇۋنىڭ « تۈرك تىللىرى تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە » دېگەن كىتابىنىڭ « ئۇيغۇر تىلى » دېگەن بابىغا قارالسۇن .

㉓ گۇباۋ ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسىنىڭ تەرجىمىسى « شىنجاڭ ئەدەبىياتى » ژورنىلىنىڭ 1964 - يىلى 4- سانىغا بېسىلغان . بۇ ماقالىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن سادۇللا شېئىرلىرى شۇ ماقالىغا ئاساسلاندى .

㉔ ㉕ يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدىكى داۋ ھازىرقى بىر نەچچە ۋىلايەتكە توغرا كېلىدۇ . لۇ بولسا ھازىرقى بىر ۋىلايەتكە توغرا كېلىدۇ .

㉖ يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرىدىن يۈەن شىزۇ 1281 - يىلىدىن 1294 - يىلىغىچە يۈەن يىڭزۇڭ 1321- يىلىدىن 1223 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان .

㉗ « شائىخەي قەدىمقى كىتابلار نەشرىياتى » 1979 - يىلى نەشر قىلغان « يەنمىن شېئىرلىرى » نىڭ ئاخىرىسىغا قوشۇمچە قىلىنغان گەن ۋېننىڭ كىرىش سوزىگە قارالسۇن .

㉘ شائىرنىڭ تۇتقان مەنسەپلىرىنىڭ نامى ئېنىق . بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ « كىچىك دەريا بويىدىكى كەچكۈز ئىلھاملىرى » دېگەن شېئىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە قارالسا بولىدۇ . سادۇللا شېئىرلىرىدىن تاللانما » دېگەن كىرىش سوزىدىمۇ خېلى تەپسىلى توختالغان . شائىرنىڭ كېيىنكى ھاياتى توغرۇلۇق « يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى » دا فاڭگوجېنغا ئەگىشىپ يۈرگەن ۋاقتىدا ئۆلگەن دېگەن گەپلەر بار . ئەمما يەنە بىر رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، فاڭگوجېن رەڭلىك كوزلۇكلەرنى يامان كورىدىكەن .

㉙ « يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى » 238- جىلدى ، تەرجىمىھاللار قىسمىنىڭ 135 - گە قارالسۇن .

㉚ بۇ يەردە « شائىخەي قەدىمقى كىتابلار نەشرىياتى » نەشر قىلغان « يەنمىن شېئىرلىرى » دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارغا قارىتىلغان . شائىرنىڭ بەزى ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتكەن بولۇشىمۇ ئېھتىمال .

㉛ يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ « پارە - پارە بولۇۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن «ئومۇميۈزلۈك تېچلىق» دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ » دېگەن ماقالىسىدا سادۇللانىڭ « نيەنغۇجياۋ ، شۈۋچىلىك ( يەنى تاش قەلئە ) دىن چىققاندا » دېگەن شېئىرىدىن ،، ئۇيۇق تۇرار ۋۇ - چۇدىمۇ تۇۋەن ياقتا ، قىلچە پەرسە كورۈنمەيدۇ ئۇندىن باشقا ،، دېگەن مىسرالىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىر پۈتى گورغا ساڭگىلاپ ، ھەدەپ گۈاڭجۇ ، نەنجىڭغا قاراپ قېچىشقا باشلىغان ھالىتىنى مەسخىرە قىلغان .

㉜ « شائىخەي قەدىمقى كىتابلار نەشرىياتى » نەشر قىلغان « يەنمىن شېئىرلىرى » دېگەن كىتابنىڭ ئاخىرىسىغا بېرىلگەن قوشۇمچىسىغا قارالسۇن .

㉝ « يۈەنفۇ شېئىرلىرى » - يۈەنفۇ مەھكىمىسى خەن سۇلالىسىدا ئوردا تەرىپىدىن خەلق ئارىسىدا تارقالغان ناخشا - قوشاقلارنى رەتلەپ نوتىغا سېلىش يۈزىسىدىن خانلىق تەرىپىدىن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان ئەنەغمە مەھكىمىسى بولۇپ ، بۇ مەھكىمە توپلىغان شېئىرلار « يۈەنفۇ شېئىرلىرى » دەپ ئاتالغان . كېيىنكى زامانلاردا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بۇ شېئىرلارغا تەقلىد قىلىپ يازغان شېئىرلىرىمۇ يۈەنفۇ شېئىرلىرى دەپ ئاتالغان .

## ئۇقتۇرۇش

ژورنىلىمىز ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئەدەبىي توپلام ئىشلىمەكچى. مەكتىۋىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار (ئىلگىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىقىپ كەتكەنلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مۇشۇ يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئىلگىرى ژورنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمىگە يوللاپ بېرىشىنى كۈتىمىز.

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# كۆڭۈلنىڭ ياخشى دوستى

ئەسقەر ھۈسەيىن

— ئەلىشىر ناۋائىينىڭ « مەھبۇبۇل قۇلۇب » ئەسەرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

## 1 . ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ۋە ماۋزۇنىڭ قويۇلىشى

ئۇلۇغ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋائىي ( 1441 — 1501 ) ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى « مەھبۇبۇل قۇلۇب » (« كۆڭۈلنىڭ دوستى») ① ناملىق ئەسەرىنى يېزىپ بىزگە مىراس قالدۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر بەدىئى پروزىسى خەزىنىسىگە يەنە بىر ئەڭ ئېسىل گۆھەر قوشۇلدى .

ناۋائىي بۇ ئەسەرنى مىلادى 1500 - يىلى ( ھىجرىيە 906 - يىلى ) يازغانلىقىنى ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدىكى بىر رۇبائىسىدا قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ :

① مەھبۇبۇل قۇلۇب— ئەرەبچە سۆز،لەم بولۇپ، مەھبۇب — دوست تۇتۇلغۇچى ، قۇلۇب — دىل ، كۆڭۈل دىگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئىلگىرىكى تەرجىمىلەردە « كوڭۈلنىڭ سويگىنى » دەپ ئېلىنغان بولسىمۇ ، ئەيىەن بولۇشىنى كوزدە تۇتۇپ،« كوڭۈلنىڭ دوستى » دەپ يېشىلىش بېرىلدى.

بۇ نامەغەكىم لىسانىم ئولدى قايىل ،
ھەر نەۋئە ئېل ئىشىگە كىلكىم ئولدى نايىل .
تەئرىخى چۇخۇش لەفزدىن ئولدى ھاسىل ،
ھەركىم ئوقۇسا ئىلاھا ئولغاي خۇشدىل .

(بۇ پۈتۈككە سۆزلىرىم قايىل بولدى ،
قەلىمىم ھەر تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ئىشىغا مۇيەسسەر بولدى .
بۇنىڭ تارىخى خۇش لەۋزىدىن ھاسىل بولدى ،
ئىلاھا ، كىم بۇنى ئوقۇسا ، كۆڭلى شاتلانغاي .)

مەلۇمكى ، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى رۇبائىينىڭ ئۈچىنچى مىسراسىدىكى ”خۇش“ دىگەن سۆزگە يوشۇرۇلغان بولۇپ ، ئەبجەد ئۇسۇلى بويىچە بۇ سۆزدىكى ھەرپلەر ئورنىغا سان قويساق تۆۋەندىكى ھىجرىيە يىلى كېلىپ چىقىدۇ :

خ + و + ش = خوش

906 = 300 + 6 + 600

ناۋائىي پۈتكۈل ئۆمرىدىكى تەجرىبە ۋە بىلىملىرىنىڭ يەكۈنى بولغان بۇ نادىر ئەسەرىدە رىئال ھاياتتىكى زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ، زامانىسىغا كۆرە ئىلغار كۆز قاراشلارنى ھەم پەلسەپىۋى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى .

« مەھبۇبۇل قۇلۇب » نىڭ كىرىش قىسمىغا ئاساسلانغاندا ، مۇئەللىپىنىڭ بۇ ئەسەرنى تاسادىپىي يازمىغانلىقى بايقىلىدۇ . ئۇ بۇ قىسىمدا ، خارلىق ۋە پەرىشانلىقتا ئۆتكەن ياشلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ، تاكى قېرىلىق چاغلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بېسىپ ئۆتكەن دۇنيا يولىدا ، دەۋرانىنىڭ تۈرلۈك ۋەقە – ھادىسىلىرى ، دەۋرنىڭ خىلمۇ – خىل غەۋغالىرى ۋە زامانىنىڭ رەڭۋازلىقى تۈپەيلىدىن ھەر خىل سۈرەتتە مەيدانغا چىقىپ ، ئوخشىمىغان كويلاردا بولغانلىقىنى ؛ ياخشىلار بىلەنمۇ ، يامانلار بىلەنمۇ ئارىلاشقانلىقىنى ؛ گاھىدا ۋەيرانىلاردا نالىزار قىلغان بولسا ، گاھىدا ئىززەت ۋە بايلىق بوستانىدا سۇرۇن تۈزگەنلىكىنى يېزىپ كېلىپ ، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى تۆۋەندىكى مەسنىۋىگە يىغىنچاقلايدۇ:

گەھى تاپتىم فەلەكدىن ناتەۋانلىغ ،
گەھى كۆردۈم زاماندىن كامرانلىغ ،
بەسى ئىسسىغ – ساۋۇغ كۆردۈم زەماندا ،
بەسى ئاچىغ – چۈچۈك تاتتىم جاھاندا .

( گاھى پەلەكتىن ماڭا بىچارىلىق يەتتى ،
گاھىدا زاماندىن دۆلەتمەنلىك كۆردۈم.
زاماننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى تازىمۇ باشتىن كەچۈردۈم ،
دۇنيانىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى بەكمۇ تېتىدىم .)

ناۋايىنىڭ ھاياتىغا ئائىت ماتېرىياللار ۋە باشقا تارىخى يازمىلاردىن مەلۇمكى ، ناۋايىنىڭ نەسەبى گەرچە شاھ سارايلىرىغا يېقىن كىشىلەردىن بولسىمۇ ، لېكىن ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇش — جېدەللەرنىڭ ۋەيرانچىلىقى ۋە ئادالەتسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەمسىزلىكتە ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە 11 ـ 12 ياشلىرىدىلا يېتىملىك كۈنىگە قالغان شائىر، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىشقا باشلايدۇ . ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردە پادىشا ئەبۇ سەئىد ھەم مىرزا ھۈسەيىن بايقارا ئوردىلىرىدا ئەمەلدار ۋە ۋەزىر بولغان چاغلاردىمۇ ، ھەسەتخور، جاھىللارنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچراپ ، ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈلۈپ ، باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ناۋايى ئوردىدىكى ئادالەتسىزلىك ، بۇزۇقچىلىقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. خەلق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ ، ئۇلارنىڭ مۇڭ - زارلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ . جەمئىيەتتىكى ھەر تەبىقە كىشىلىرى بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ، ئىجتىمائى ھاياتتىكى ھەر خىل ۋەقە — ھادىسە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. نەتىجىدە كۆپلىگەن تەجرىبە ۋە بىلىملەرنى توپلايدۇ . بۇ ھال شائىرنى خەلق بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ قەلبىدە زالىملارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكنى ئۇلغايتىدۇ، جەمئىيەتتىكى يارىماس ، ناچار قىلمىشلارغا قارىتا نەپرەت، ياخشى خۇلۇق ۋە ياخشى خىسلەتلەرگە قارىتا مۇھەببەت ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرىدۇ . « مەھبۇبۇل قۇلۇب » تىكى تۆۋەندىكى بايانلاردا بۇ ئەھۋال رۇشەن ھالدا كۆزگە تاشلىنىدۇ : " ناچار ۋە زەئىپلىك پەيتلىرىدە ، يەنى پالاكەت ۋە نامراتلىق كۈنلەردە ؛ گاھى ئىلىم يۇرتلىرىدا پەگادا ئورۇن تۇتتۇم ۋە ئالىملار يىغىلىشلىرىدا ئىلىم نۇرىدىن كۆزۈمنى يورۇتتۇم . گاھى ئىبادەتگۇيلار مەسچىتلىرىدە ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرگە يۈزۈمنى قويدۇم ۋە تولا سەجدە قىلىپ پېشانەمنىڭ تېرىسىنى سويدۇم . گاھى پاك كۆڭۈل كىشىلەر خانىقاسىنىڭ ئىشىكىگە سۇ قۇيماق بىلەن ئۇلارغا ياراپ قالدىم . گاھى مەيخانىدا ساقىلىق بىلەن ئاتاق ئالدىم . گاھى پەسكەشلەر ئارىسىدا خارلىق ، ئېتىبارسىزلار ئالدىدا بىئېتىبارلىق كۆردۈم . گاھى ئىشق كوچىسىدا بەڭۋاشلىق قىلدىم ۋە جان ئالغۇچى پەرى يۈزلۈكلەرگە جان پىدالىق قىلدىم . گاھى ساراڭلىق مەھەللىسىدە ئەسكىلەر بوينۇمغا ئۇردى ۋە باللار بېشىمغا تاش ياغدۇردى . گاھى ئۆز شەھىرىم كىشىلىرى زۇلمىدىن غېرىپلىققا تۇشتۇم ۋە غېرىپ كىشىلەرگە قوشۇلدۇم ھەم قويۇشتۇم. گاھى تاغ غارلىرى ئارامگاھىم بولدى ۋە گاھى چۆللەر ئېتىكى پاناھىم بولدى . گاھى بۇ قاتتىقچىلىقتىن ۋە تەندىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتتىم ۋە نام - نىشانسىز بولۇڭ - پۇچقاقلارنى جاي ئەتتىم . گاھى غېرىپلىقتا ساقسىز ۋە غېرىپلار ئارىسىدىمۇ ئېتىبارسىز بولدۇم... ئەمما ئەمەلدارلىق ۋە دۆلەتمەنلىك چاغلاردا ، كۆڭۈل مەملىكىتى خەلق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ؛ گاھى ئىمارەت تەختىدە ئولتۇردۇم ۋە ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە داۋا سوردۇم. گاھى پادىشا ۋەزىرلىكىدە يېقىنلىق

غەۋغاسىنى تۈزدۈم ۋە كۆز تىككۈچىلەرگە ئۆزۈمنى كۆرگۈزدۈم. گاھى ئۇلۇغلۇق ئايۋانىنى ماكان قىلدىم، كاتتىلار ۋە شەرەپ ئىگىلىرىنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن مېھمان قىلدىم. گاھى خوشاللىق بېغىدا ئاجايىپ بەزمە سالدىم ۋە ساقى، سازەندىلەر بېغىشلىغان ھوزۇردىن بەھىر ئالدىم. گاھى پادىشالار زىددىيەتلىرىدە ئارىغا كىردىم ۋە ئىختىلاپلىرىنى ياراشتۇردۇم. گاھى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئۆزۈمنى سالدىم. جاھىللىق- نادانلىق تۆھمىتىنى بويىنۇمغا ئالدىم...»

بۇ قۇرلار ئاپتورنىڭ ئەسەرنى باشلاش ئۈچۈنلا زومۇ-زو يېزىپ قالدۇرغان قۇرلىرى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆز ھايات مۇساپىلىرىنى بۇ قەدەر تەپسىلىي ئەسلەپ ئۆتىشى ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب»نى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىدىن بېشارەت بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ناۋائىينىڭ نەزىرىدە، "ھەر كويدا يۈگۈرۈپ"، "ياخشى ۋە يامانىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلىپ"، "يامان ۋە ياخشىنىڭ خىسلەتلىرىنى تەجرىبە قىلىپ"، "ياخشىلىق- يامانلىقتىن راھەت ۋە نەشتەر كۆكسىگە يەتكەن" كىشى ئۆز تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ كېتىشى لازىم ئىدى. چۈنكى، بەزى كىشىلەر "بۇ ھاللاردىن خەۋەرسىز، كۆڭۈللىرى بۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئەسەرسىز" ئىدى. يەنى:

نە بىلگەي ئول كىشىكىم شەھدۇ مەيىنى تاتمابدۇر،
كى ھەجرۇ ۋەسل كەبى ئول چۈچۈك دۇرۇر بۇ ئاچىغ.
بىلۇر زەلىل مۇساپىركى پۇيە ئەيلەردە،
قۇم ئانى ئالىدە يۇمشاغۇ خارەدۇر قاتىغ.

(ھەسەل بىلەن شاراپ ھىجران بىلەن ۋىسالغا ئوخشايدۇ،
ئۇنى تېتىپ كۆرمىگەن كىشى قايسى تاتلىق قايسى ئاچچىق بۇنى نەدە بىلسۇن؟!
قۇمنىڭ يۇمشاقلىقى ۋە تاشنىڭ قاتتىقلىقىنى،
خارلانغان مۇساپىرلار يۈرگەندە بىلىدۇ.)

دېگەندەك ئىدى. ھالبۇكى، شائىرغا بۇ خىل كىشىلەرنى ئويغاتماق، ئۇلارنى ئۆز تەجرىبىسىدىن بەھىر ئالدۇرۇپ، ھوشيار قىلماق تولىمۇ لازىم كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىدى: كىشىلەر ھەر خىل گۇرۇھ ۋە ھەر خىل تەبىقە ئادەملىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدىن خەۋەر تاپسۇن، نامۇناسىپ كىشىلەرگە سۆھبەتداش بولمىسۇن، كۆرۈنگەنلا كىشىگە ئۆز سىرلىرىنى دېمىسۇن، ئىپتىقۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن كالتەك يېمىسۇن، مېنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىمدىن ئۈلگە ۋە ئىبرەت ئالسۇن، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

ئاپتور «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ كىرىش قىسمىدا، ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىدىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دەپ ماۋزۇ قويغانلىقى ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىدۇ. ناۋائىي ئۆز تەجرىبە، بىلىملىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش مەقسىدىدە بۇ ئەسەرنى يازغان ئىكەن، ئۇنىڭ ماۋزۇسى (ناۋائىينىڭ تىلى بويىچە ئېيتى) مۇ بۇ مەقسەتكە ماس كېلىشى لازىم ئىدى. يەنى ئۇ ئۆز ئەسەرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە سۆيۈملۈك دوستقا ئوخشاش ئورۇن ئېلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. بۇنى: "ھەر خىل كىشىلەر سۆھبىتى، خۇسۇ-



AltunOq

سىيىتى ئۇلارغا ھەۋەس بولغاي، بۇ پەقىرنىڭ تەجرىبىسى ئۇلارغا بەس بولغاي، شۇنىڭ بىلەن بۇ ماقالاتنىڭ مەھبۇبلىقى مەلۇم بولدى ۋە ئاڭا «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئات قويۇلدى» دىگەن قۇر-لاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن

## 2. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى

ئەسەر مۇقەددىمە (كىرىش قىسمى) دىن بۆلەك ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن.

مۇقەددىمىدە كىلاسسىك تىرادىتسىيە بويىچە خۇداغا «ھەمد» پەيغەمبەرگە «نەئت» بايان قى-لىنغاندىن كېيىن ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەپلىرى، قىسىملارغا بۆلىنىشى، مۇئەللىپنىڭ كىتاپخان-لاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدى قاتارلىقلار يېزىلغان.

بىرىنچى قىسىم «فەسىل» دەپ ئاتىلىدىغان 40 بۆلۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمىيەت-تىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ۋە ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپكە تەۋە كىشىلەرنىڭ جەمىيەتتە تۇتقان ئورنى، رولى ھەم خاراكتىر-خۇسۇسىيەتلىرى ئاپتورنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشى بويىچە تەھ-لىل قىلىنىدۇ، باھا،كۆز قاراشلار، مۇھەببەت ياكى نەپرەت ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. زالىم پادىشالار، نائىنساپ ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار، ئالدامچى مۇپتى، قازىلار، سودىگەرلەر قاتارلىق ھۆكۈمران گۇ-رۇھ ۋە تەبىقىلەر، شۇنىڭدەك ئالدامچىلىق، ھىلىگەرلىك، تەييارتاپلىق، يالغانچىلىق قاتارلىق نا-چار ئىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان ھەر خىل كىشىلەر قاتتىق تەنقىت قىلىنىدۇ. ئۇلار ئا-دالەتكە، ئىنساپقا، خالىسلىققا، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىنىدۇ. كىشىلەرگە پايدا-مەنپەئەت يەتكۈز-گۈچى، ئۆز مېھنىتى بىلەن ھالال ياشىغۇچى ئەمگەكچىلەر، بولۇپمۇ دىخانلارغا چىن مۇھەببەت ۋە يۇ-قۇرى ھۆرمەت بىلەن مەدھىيىلىنىدۇ.

ئىككىنچى قىسىم 10 باپتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قىسىمدا تۆۋە، ئىبادەت، تەۋەككۇل، قا-نائەت، سەبىر، تەۋازۇ، (ئەدەپلىك بولۇش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش)، زىكرى قىلىش، تەۋەج-جۇھ (يەكدىللىق، جان دىل بىلەن بېرىلىش)، رىزا (رازىلىق)، ئىشق قاتارلىق 10 مەسىلە ھەق-قىدە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن.

ئۈچىنچى قىسىم ياخشى خۇلۇق ۋە يامان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدىكى تەنبى-ھە - نەسىھەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتور بۇ قىسىمدا نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىك پەلسەپىۋى پى-كىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قىسىم ناۋايى تەجرىبە - بىلىملىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، پۈتۈن ئە-سەرنىڭ جەۋھىرى ھىساپلىنىدۇ. ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ بۇ قىسىمدا كىشىلەرنى راست سۆزلەشكە، مۇلايىم-يۇمشاق بولۇشقا، بىلىم ئېلىشقا ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىشلىتىشكە، ئەخلاقلىق، كەمە-تەر، ئېغىر - بېسىق بولۇشقا، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ۋاپادار بولۇشقا، ئەلگە خىزمەت قى-لىشقا چاقىرىدۇ. نادانلىق، جاھىللىق، بېخىللىق، يالغانچىلىق، ۋاپاسىزلىق، تەكەببۇرلۇق، ئاب-رۇيپەرەستلىك، ھەسەتسىزلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ناچار خۇسۇسىيەتلەرنى تەنقىت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» شەكلى جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە. يەنى ئەسەردىكى ئۈچ قىسىم شەكىل ۋە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بىر - بىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ. ئاپتور ئۈچ قىسىمدىكى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ ئۈچ قىسىم ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان شەكىل تاللىۋالغان.

بىرىنچى قىسىمدىكى «فەسىل» دەپ ئاتالغان 40 بۆلەك گەرچە ھەجىم جەھەتتە ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلار شەكىل تەرەپتىن ئۆز ئارا ئوخشاشلىققا ئىگە. ئاپتور ھەممە «فەسىل» دە ئوخشاشلا مۇلاھىزە بايانىنى ئاساس قىلىپ، ئاخىرىدا ھەر خىل لىرىك پارچىلار (نەزم، بېيىت، قىتئە، رۇبائىي، مەسنەۋى) ئارقىلىق ئۆز مۇلاھىزىلىرىدىن يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

ئىككىنچى قىسىمدا، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتى ماقالاتچىلىق① ئەنئەنىسى بويىچە ئىش كۆرۈلگەن. يەنى بۇ قىسىمدىكى 10 باپنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ھەرخىل لىرىك پارچىلار ۋاستىسى بىلەن بۇ مۇلاھىزىلەردىن يەكۈن چىقىرىش؛ ئارقىدىن ھىكايەت (ئېپىك پارچىلار) ئارقىلىق ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى دەلىللەپ، ئاخىرىدا يەنە لىرىك پارچىلار ئارقىلىق ھۆكۈم خاراكتېرىدىكى خۇلاسىلارنى ياساش يولى بىلەن باپنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ قىسىمدىن ناۋائىينىڭ شەرق ماقالاتچىلىق ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى يەنىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئۈچىنچى قىسىمدا، ئوخشاش بولمىغان ھەجىمدىكى «تەنبىھ» دەپ ئاتالغان 120 پارچە نەسىھەتنامە بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نىسبەتەن كەڭرەك ھەجىمدىكى تەنبىھلەرگە لىرىك پارچىلار ئارىلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، كىچىكرەك ھەجىمدىكى قالغان تەنبىھلەردە بۇ خىل پارچىلارنى ئۇچرىتالمايمىز. يەنە قىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ تەنبىھدە (102-، 118 ۋە 119-تەنبىھلەردە) زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا 3 تەمسىل بېرىلگەن. مەزمۇن ئېتىبارىدىن ئالغاندا، بۇ تەنبىھلەر ئاساسەن خىلمۇ - خىل بولسىمۇ، بەزى تەنبىھلەردە ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەرنىڭ يەنە باشقا تەنبىھلەردە تەكرارلانغانلىقىنى ئانچە - مۇنچە ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

## 3 . جەمئىيەت ئەزالىرىغا باھا

ناۋائىي 15 - ئەسىر فېئودال پادىشالىق تۈزۈم ئاستىدىكى خۇراسان شاھلىقى جەمئىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ، بۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر قايسى گۇرۇھ ۋە تەبىقىلەر ئۈستىدىن چىقارغان يەكۈنلىرىنى « مەھبۇبۇل قۇلۇب » تا بىر -

① ماقالات — كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى مۇلاھىزە، ھىكايەت، لىرىك پارچىلار (رۇبائىي، قىتئە، مەسنەۋى ۋە باشقا شەكىللەردىكى نەزمىلەر) نىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر خىل ئۇسلۇبتىكى ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپىنچە ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى، ھايات تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلىرى توغرىسىدىكى ھېكمەتلىك پىكىرلەر ئورۇن ئالغان بولىدۇ.

بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. شائىر بۇ ئەسەردە جەمىيەتنىڭ ئەڭ يۇقۇرى قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى پادىشالاردىن تارتىپ، ئەڭ تۆۋەن قاتلام ھىساپلانغان دىخانلارغىچە ئۆزىنىڭ باھا ۋە كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ باھا ۋە كۆز قاراشلىرى ئەينى زاماندىكى بىردىن - بىر ھۆكۈمران ئىدىيە — ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنى يېتەكچى قىلسىمۇ، كۆپ تەرەپلەردە يەنىلا زامانىسىغا كۆرە ئىلغارلىقىغا ئىگە ئىدى.

ناۋايى كىشىلەرگە باھا بەرگەندە، ئادىللىق، توغرىلىق، پاكلىقتىن ئىبارەت ئۆلچەمنى چىقىش قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پادىشا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەمەلدارلار ( ۋەزىرلەر، بەگلەر، نايىپلار، چىرىكلەر، قازىلار )، ئادالەتنى جارى قىلسا، شۇنىڭدەك جەمىيەتتىكى ھەر خىل تەبىقە ۋە ھەر خىل كەسىپكە تەۋە بولغان كىشىلەر ( موللىلار، مۇدەررىسلەر، تىۋىپلەر، كاتىپلار، شائىرلار، ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر، ئېلىپ - ساتقۇچىلار، سازەندىلەر، ناخشىچىلار ۋە باشقىلار ... ) توغرا يولدا ماڭسا زامان چوقۇم تۈزىلەتتى. زاماننىڭ بۇزۇلغىنىغا پادىشانىڭ ئادالەتسىزلىكى، ۋەزىر ۋە نايىپلارنىڭ زالىملىقى، ساداقەتسىزلىكى سەۋەپ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەتتە ئادىل پادىشانىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا " پادىشاغا دىلداش " ئەمەلدارلار قويۇلىشى لازىم ئىدى. زاماننىڭ تۈزىلىشى ئۈچۈن يەنە جەمىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز كەسىپلىرىنى ھالاللىق بىلەن ئادا قىلىشى، باشقىلارنى ئالدىماسلىقى، بىر - بىرىگە زۇلۇم سالماسلىقى، ناچار يوللاردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك ئىدى. جەمىيەت ئەزالىرىغا باھا بېرىشتە يۇقۇرقىلارنى ئاساس قىلغان شائىر ئۆز ئەسەرىدە ئادىل پادىشالارنى، " ئىسلام پانا بەگ " لەرنى مەدھىيىلەش بىلەن، زالىم ۋە جاھىل پادىشالارنى، قارا نىيەت ۋەزىر - ئەمەلدارلارنى، پارىخور قازى، مۇپتىلارنى، بەدخۇي تىۋىپلارنى، ماختانچاق، قابىلىيەتسىز شائىرلارنى، رىياكار شەيخلەرنى، ئالدامچى پالچىلارنى، ھىلىگەر، نائىنساپ ئېلىپ - ساتارلارنى قاتتىق قامچىلايدۇ.

ناۋايى مەملىكەتنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرىنى پادىشالارغا باغلايتتى. ئۇ ئادىل پادىشالار يۇرتنىڭ ئاۋات، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىنىڭ كاپالىتى دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش، زالىم پادىشالار مەملىكەتنىڭ خاراپ، خەلقنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەپچى بولىدۇ، دەپ تونۇيتتى. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ قاراش « مەھبۇبۇل قۇلۇب » تىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇ ئادىل پادىشالارنى " قوياشتەك باھار يۈز بىلەن قارا تۇپراقتىن گۈللەر ئاچقۇچى، مەملىكەت خەلقىنىڭ بېشىغا ئالتۇن بىلەن گۆھەر چاچقۇچى " دەپ تەرىپلىسە، زالىم ۋە جاھىل پادىشالارنى مەملىكەتنى ۋەيران قىلغۇچى، خەلق پەرىشانلىقىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغۇچى، دەپ ئەيىپلەيدۇ. ناۋايىنىڭ ئادىل پادىشالارنى مەدھىيىلەپ، زالىم پادىشالارنى قامچىلىشى ئۇنىڭ نوقۇل ئادالەت كۆز قارىشىنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولۇپ، ئۇ، پادىشالارنى ئىنساپقا چاقىرىش يولى بىلەن ئادالەت ئورناتقىلى بولىدۇ، دەپ ھىساپلايتتى. 15 - ئەسىر شارائىتىدا ياشىغان شائىرغا جەمىيەتنى سىنىپى نوقتىئىنەزەر بىلەن كۆزىتىش تەلىۋىنى قويۇشنىڭ كۈلكىلىك بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇنىڭ مەملىكەت ۋە خەلقنى كۆزدە تۇتۇپ، پادىشالارنى ئادالەت ۋە ئىنساپقا دەۋەت قىلىشىنى بىر خىل ئىلغار كۆز قاراش دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ناۋايى ۋەزىرلەر ئۈستىدە توختالغاندا ، نائىنساپ ، سادىقەتسىز ۋەزىرلەرنى : " مەم‑
لىكەت خەلقى يىغقاننى تەرگۈچىلەر ، مەملىكەتنى بەربات بەرگۈچىلەر ، بۇلار جۇملىسى چايانلار ، خالايىققا يەتكۈزەر زىيانلار ... نەشتىرى قانچىلىغان مەزلۇملارغا سانچىلغاي ، ئۇممەت شۆكى باشلىرى ئەجەل تىغى بىلەن يانچىلغاي" دەپ نەپرەت بىلەن تەنقىتلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ .

مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنىڭ نۇرغۇن يەر ـ زېمىن ۋە مۈلۈكلىرىنى ئىگەللىۋېلىپ ، ئۇنىڭ ھېساۋىغا كۈننى كەچۈرۈپ ـ ساپا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان تەييار تاپ ، دىيانەتسىز ، شاراپخور سەدىر① لەردىن قاتتىق يىرگەنگەن شائىر ئۇلارنى بېشىغا ئەلاقە (سەللىسىنىڭ قويۇپ بېرىلگەن ئۇچى ) سى ئۇزۇن سەللە يۆگەپ ، ئۇچىسىغا رىدا ( يەكتەك ) كىيىپ ، قوتاز قۇيرىغىنى بوينىغا ئاسقان ئىشەك سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ .

ناۋايى « مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا قازى ۋە مۇپتىلار ھەققىدىمۇ يازىدۇ ، ئۇلاردىن ئادىللىق ۋە توغرىلىقنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە ، بۇ تەبىقە ئىچىدىكى " ئادەمخور تىۋىپ" لەرنى نەپرەت قامچىسى بىلەن ساۋايدۇ . شائىر بۇ خىل جاھىللارنى، پارىخورلارنى " بىر تىيىن ئۈچۈن يۈز ھەقنى ناھەق قىلغۇچى ... بىر ساپ ئۈزۈم ئۈچۈن بىر باغنى كۆيدۈرمەكتىن غېمى يوق ۋە بىر قاچا بۇغداي ئۈچۈن بىر خاماننى ۋەيران قىلماقتىن ئەلەمى يوق " كىشىلەر ، ھىلە بىلەن پەتىۋا تۈزىدىغانلار دەپ ئۇلارنى ھەقلىق ھالدا ئېيىپلەيدۇ.

ناۋايى تىۋىپلەر توغرىسىدا يازغاندا، ئۇلارنى ئۈچ خىلغا ئايرىيدۇ. بىرى ئۆز كەسپىدە كامالەتكە يەتكەن ، شەپقەتلىك ، يۇمشاق سۆزلۈك ، خۇشخۇي يۈزلۈك تىۋىپلەر . يەنە بىرى ئۆز كەسپىدە ماھىر بولسىمۇ ، ئەمما بەدخۇي ، بىپەرۋا تىۋىپلەر . ئۈچىنچىسى بولسا ، يالغان تىۋىپلەر. شائىر بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى قۇرلارنى قالدۇرىدۇ : " تىۋىپكە ئۆز پېشەسىدە كامالەت كېرەك ۋە كېسەللەر ھالىغا شەپقەت ... سۆزىدە مۇلايىملىق ۋە دىلجۇيلۇق ②، يۈزىدە كۈلكە ۋە خۇشخۇيلۇق . يېتۈك تىۋىپكى شەپقەتسىز بولغاي ، ئەيسا رۇھىللاغا نىسبەتسىز بولغاي ، ئەيسا ئۆلۈشى چىققان جاننى تەنگە كىرگۈزمەك دۇئا بىلەن ، بۇنىڭ ئىشى چىقمىغان جاننى تۇساق داۋا بىلەن ، مۇنداق تىۋىپنىڭ يۈزى كېسەل كۆڭلىگە مەھبۇبدۇر ، سۆزى ئاغرىقلار جېنىغا خوپ. نەپسى ئاجىزلارغا داۋا ، قەددى خەستىلەرگە شىپا ، خىزىر نىجات ئۇنىڭ تەبىئىتى، ھاياتلىق سۈيى ئۇنىڭ شەربىتى . ئەگەر ئۆز پېشەسىدە ماھىركى ، بولسا بەدخۇي ، بىپەرۋايۇ دەرەشتگۇي③، كېسەلگە بىر تەرەپتىن ئىلاج يەتكۈزۈر ، نەچچە تەرەپتىن غەيرى مىجەز يەتكۈزۈر ۋە لېكىن نادان تىۋىپكى جاللات شاگىرتىدۇر ، جاللات تىغ بىلەن ، بۇ زەھەر بىلەن ھالاك قىلغۇچىدۇر. "

ئەسەرنىڭ " نەزمە گۈلۈستانىنىڭ خۇش نەغمىچى بۇلبۇللىرى " توغرىسىدىكى بابىدا ، شائىرلار ھەققىدىكى باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ئاپتور بۇ باپتا ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى ھەر خىل ئۇسلۇبلىرى ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزۈپ ، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا نۇرلار چاچقان پېشىۋالاردىن فەرىدىدىن ئەتتار ، جالالىدىن رۇمى ، زوھرىددىن سەئدى شىرازى ، خۇسراۋ دېھلەۋى ، زوھرىددىن سانايى ، شەيخ ئوھەددىن ، شەمسىددىن مۇھەممەت ھاپىز شىرازى ، كامال

① سەدىر — مەسچىت ـ مەدرىسلەرنىڭ ۋەقپە يەرلىرىنى باشقۇرغۇچى دىنىي تەبىقە.
② دىلجۇي — دىلنى تارتىدىغان، كۆڭۈلنى ئوۋلايدىغان.
③ دەرەشتگۇي — دەرەشت سانجىغۇچى

ئىسفاھانى، خاقانى، شىرۋانى، خوجا كىرمانى، جالالىدىن، كامال ئەنۋەرى، ئابدۇلۋارىس دايىرى، سالمان ساۋچى، ناسىر بۇخارى، كاتىپ نىشاپۇرى، شاھى سەبزىۋارى، نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق پارس ۋە تۈركى شائىرلارنى زور ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ ھەم ئۇلارغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ناۋايىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتىشى ھەرگىز ئاساسسىز بولماستىن، بەلكى، ئۇلارنى ئۆزلىرىدە شائىرلىق تالانت ۋە خۇسۇسىيەتلىرى يوق تۇرۇغلۇق شائىرلىق داۋاسى قىلىپ "ئاۋازلىرىنى يەتتە قات ئاسماندىن ئاشۇرىدىغان» لارغا نىسبەت قىلىش ئۈچۈن ئىدى. شائىر بۇ باپتا، "يۈز مۇشەققەت بىلەن بىر بېيىت قوراشتۇرىدىغان»، "سۆزلىرىدە ھەقىقەت ۋە مائارىپ شەربىتىدىن ھالاۋەت بولمىغان»، "نەزمىلىرىدىن زەۋق ۋە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت تېپىلمايدىغان» بىمەنا شائىرلار ئۈستىدىن كۈلىدۇ.

ناۋايى ئەسەرىنىڭ مۇغەننىلەر (سازەندىلەر) توغرىسىدىكى بۆلىكىدە ساز ۋە سازەندىلەرنىڭ ئىنسانلار روھىنى ئەسىر قىلغۇچى سېھىرلىك كۈچىنى ئاجايىپ گۈزەل مەدھىيىلەر ئارقىلىق تەرىپلەش بىلەن بىرگە، بۇ ئىپە ئىچىدىكى پەس تەبىئەتلىك، ناچار خۇلقلىق كىشىلەرنى مۇناسىپ ھالدا تەنقىتلەشنىمۇ نەزەردىن چەتتە قالدۇرمايدۇ. ئاپتور بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازىدۇ: "بۇيرۇغۇچىدا بەخش ۋە ئىنئام بار، ئۇلار مۇلازىم ۋە خىزمەتكار، ئولتۇرۇشتا نېمەت كۆپ، ئۇلارغا بارچە ئەمىر ۋە بۇيرىغىنىڭ خوپ. بەزىدە نېمەت ئاز بولدى، ئۇلارنىڭ ئىشى ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە ناز بولدى. نېمەت دېگەن نەمە تامام يوق بولدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى سەندىن سوۋۇق بولدى. ئەگەر يىللاپ بەھر ئالسىمۇ ياخشىلىغىڭدىن، تونۇشلۇق بەرمەي ئۆتەر يېنىڭدىن. ئەگەر يىللاپ ياخشىلىق قىلساڭ بولۇپ ھەمخانە، بىر قېتىملا بىر نەرسە بەرمىدىڭ سەندىن بىگانە...»

ئەسەرنىڭ تىجارەت ئەھلى توغرىسىدىكى بۆلىكىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئاپتور بۇ بۆلەكتە دائىما بىرنى يۈز قىلىشنى، خامنى تاۋار - دۇردۇنغا ئۆرۈشنى ئويلايدىغان، سودا ئۈچۈن دېڭىزغا، مەرۋايىتنى دەپ لەھەڭنىڭ ئاغزىغا قەدەم قويىدىغان، يېڭى كىيىمنى ئاياپ، ئەسكى چاپان كىيۋالىدىغان، تاتلىق غىزانى ساقلاپ، قۇرۇق نان غاجىلايدىغان ئاچكۆز، پېخسىق سودىگەرلەرنى يىنىك ھەجۋى بىلەن مەسخىرە قىلىدۇ.

"ئېلىشتا كىتاننى① بوز دەپ، سېتىشتا بۆز ھەققىدە كىتاندىن ئارتۇق سۆز دەپ، شالنى② تورقە③ ئورنىغا ئۆتكۈزەلىسە تەخىر يوق ۋە بورىنى زەربەپ (زەر يالتىلغان رەخ) ئورنىدا ساتالىسا تەقسىر يوق ...» بۇ قۇرلار شائىرنىڭ شەھەر ھايانكەشلىرى ھەققىدىكى خۇلاسىلىرىدۇر.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا يەنە بازار كاسىپلىرى، ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرى، مەدداھلار، يۇلتۇزغا قاراپ پال باققۇچىلار (مۇنەججىملەر)، مەكتەپدارلار، ئوۋچىلار، زىندان باققۇچىلار، ھارام تاماق نەۋكەرلەر، ئاياللار، رىياكار شەيخلەر، مەيخانە ئەھلى ئۈستىدىمۇ كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

① كىتان - كاناپتىن ئىشلەنگەن قىممەتباھا رەخ كىيىم.
② شال - يۇڭدىن توقۇلغان ئاددى كىيىم.
③ تورقە - كىتاندىن تىكىلگەن قىممەتباھا كىيىم.



Altunoq

بۇلار ئىچىدە نۇقتىلىق ھالدا زىندان باققۇچىلار، ھارام تاماق نەۋكەرلەر، رىياكار شەيخ-لەر، خارابات ئەھلى، يامان خوتۇن قاتارلىقلار ئەيىپلىنىدۇ. بىز بۇ ھەقتە ئالدامچى شەيخلەر ۋە مەيخانە ئەھلى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەردىن ئىككى پارچىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

"يەكتەكنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپقۇچى ۋە ئالدامچىلىق چاپىنىدا ئىگىز دېگەن ئۇنىڭ ھەرىپى. رەڭۋازلىق-تۇر تەسۋىرىنى سىرىدىغى، كىشىگە كۆرسەتمەكتۇر ئۇزۇن ناماز ئوقۇمىغى. ئول دۆلەتمەنگە دۆلەتتۇر كۆلا بىلەن سەللە، ئۇزۇن ساڭگىلىغان سەللە ئۇچى تۈلكە قۇيرىغىدىن بەلگە. مەھەلسىز چىققان ئاۋاز-لىرى ناھايىتى سوغۇق، گويىكى ۋاقىتسىز قىچقارغان تاۋۇق①... بارچە خۇي-پەيلى ھىلىگەرلىك ۋە جىمى ھەرىكىتى غەرەزلىك. ۋەقەلىرى بارى ياسالغان ۋە ئويغا قىلىغىدا دىگەنلىرىنىڭ ھەممە-سى يالغان. بۇ ھەيۋەتلىك زاتتا بەكمۇ ئارايىش②، پاك كىشىلەر كۆرۈنىشىدىن ئاندا نامايىش. ھەي-ھات، ھەيھات! ئۇيات، يۈز مىڭ ئۇيات!!!(1 - قىسىم 38 - فەسىل)

ھاياسىز خاراباتى، مەي ئىچمەك بىلە ئۆتەر ئۇقتى... نومۇس سەللىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، بىر ئوتلام شاراپ ئۈچۈن مەيپۇرۇشنىڭ ئايىغىغا سىلىپ، ھەر مەي قۇيغۇچى قولىدىن جامى تارتىپ، جەمشىتنىڭ شۆھرىتى - شەۋكىتى ئارتىپ... ياقىسى مەيخور گۆزەللەر ئىلكىدىن چاك، كۆڭلى ھەم ئۇلار ئىشقىدىن زەخمىناك... رەسۋالىق كونىدە ئايىغى يالاڭ ۋە بېشى ھەم، قارا مەسلەر جاڭجال-لىرىدىن پېشانىسى يارا، قېشى ھەم. ئۆز ۋۇجۇدىنى قىلىش ئۈچۈن خاراپ، سورۇندىكى كەش بازى-رىمۇ كۆڭلىگە ياراپ... گەرچە نەپسى تۇپراققا تىكىز، ھىممىتى گويا پەلەكتىن ئېگىز. زامان ناۋا-لىرىدىن كۆڭلى غەمسىز، پەلەك ھادىسىلىرىدىن دىلى ئەلەمسىز... زامان ياخشى - يامىنى بىلەن ئىشى يوق، دىسە بولغايكى ئالەمدە مۇنداق كىشى يوق......».

ناۋايى ئاياللارغا باھا بەرگەندە بىر قانچە ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، تارىخىي چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن، قىسمەن ھاللاردا پاسسىپ كۆز قاراش تەسنىدنىسىملىرىنىڭ ئەسەردە ئورۇن ئېلىشىغا يول قويغان. ئۇ فېئوداللىق قائىدە-تۈزۈملىرىنىڭ ئاياللارنى پەس كۆ-رۈشتىن ئىبارەت ئىسكەنجىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئېقىللىق ئاياللارنى "ئۆيىنىڭ زىننىتى"، "دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تىرىكى"، "تۇرمۇشنى سەرەمجانلاشتۇرغۇچىلار، قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا ئۆز ھەمرىيى بىلەن بىرگە بولغۇچىلار» دەپ مەدھىيىلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا زىت ھالدا، ئۇنداق ئايال-لار دۇنيادا ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ، ھەتتا "يۈز يىلدا ئانىسىدىن بىر تۇغۇلمايدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ "كەدخۇدا »③لىقنى "كەدخۇدالىق، قۇتۇلماس بالاغا مۇپتىلالىق، داۋاسىز دەرتكە گىرىپتارلىق، ئىلاجسىز جاپاغا خارۇ زارلىق» دەپ ئەيىپلىسىمۇ، يەنىلا "ئۇنىڭ تاپاۋىتى بار» دەپ ھىساپلايدۇ. يالغانچى، مەنمەنچى، ھىلىگەر، خىيانەتكار يامان ئاياللارنى "پەردىدە ئولتۇرمىغى ھىلىگەرلىك، ياسىنىپ جابدۇنمىغى بىر سەۋەپلىك» زىننەتلىك كىيىملىرى ئۆمۈچۈك تورى، كەمپىر بولسىمۇ ئەسكى تۇلۇمغا رەڭ سۈرتكەندەك، ئەگلىك قىلىدۇ. قېرى، دوك

① تاۋۇق - توخا.

② ئارايىش - كۆركەملىك، كۆرۈنۈشلۈك.

③ «كەدخۇدا» - ئەرلەر ئاياللارنىڭ پېردىم خۇداسى، شۇڭلاشقا ئاياللار ئەرلەرگە سۆزسىز بويسۇنىشى، ئۇلارنىڭ بۇيرۇغىدىن چىقماسلىغى، ئۇلار نېمە قىلسا رازى بولىشى كېرەك دەيدىغان فېئوداللىق كۆز قاراش.

بولسىمۇ ياسىنىشقا ئالدىرايدۇ. ھەتتا ئارپا يېيەلمەيدىغان ئېشەك سۈپىتىدە بولسىمۇ، چىرايلىق توقۇم ۋە نوختىغا خۇشتار. بۇلارنىڭ بىچارە ئەرلىرى يۈك كۆتىرىدىغان ئېشەكلىرى ۋە ئاجىز چارىسىز قوللىرى، بەلكى دېدەكلىرى.» ئىبلىس خۇيلۇق، دىۋە سۈپەتلىك بۇنداق ئاياللارنىڭ ھۆنىرى ھىيلە ۋە مەككارلىق، ئۇلارنىڭ ئالدىدا دىۋىلەر ھېچنېمە ئەمەس، شەيتانمۇ ئۇلارنىڭ قېشىدا گول ۋە ھاماقەت «ئۆي ئائىلە بۇزماق ئۇلارغا مەسچىت ياسىغاندەك پەن①»، ناھەق قان تۆكمەك ئۇلارغا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن بىلەن تەڭ. بىر ياخشىلىق قىلغانغا يۈز يامانلىق ئىشلىرى، راھەت يەتكۈزگەنگە نەشتەر ئۇرماق قىلمىشى» دەپ قامچىلىغاندىمۇ، ئۇلاردىكى بۇ نۇقسانلارنى ئاياللارنىڭ «ناقىس ۋە چەپ يارىتىلغان» لىقىدىن ئىزدەيدۇ. ناۋايىنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بۇ-خىل زىددىيەتلىك ھالالرنى ياخشىسى تارىخىي چەكلىمىلىكتىن ئىزدەش كېرەك.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» تىكى قەدىرلەشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭدىكى دېھقانلار ھەققىدىكى ئادىل باھادۇر. ئۇ دېھقانلارنى راستچىل، قەلبى ساپ، ئالەمنى مەمۇر قىلغۇچى، پۈ-تۈن ئالەمدىكى جانلىقلارغا رىسقى يولىنى ئاچقۇچى، كىشىلەرگە قۇۋۋەت ۋە بەرىكەت بېغىشلىغۇچى دەپ قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئىشىغا بەرىكەت-سائادەت تىلەيدۇ. تۆۋەندىكى قۇرلار بۇنىڭ مى-سالىدۇر: «دېھقانكى دانە چاچار، يەر يىرتماق بىلەن رىسقى يولىنى ئاچار ...... ئالەم مەئمۇرلىقى ئۇلاردىن. ئالەم خەلقى شاتلىقى - مەغرۇرلىقى ئۇلاردىن. ھەر يانغا قىلسىلەر ھەرىكەت، خەلققە قۇۋۋەت يەتكۈزگەي ھەم بەرىكەت. دېھقانكى تۈزلۈك بىلەن ئۇرۇق چاچار، ھەق بىرىگە يۈزلەپ ئىشىكنى ئاچار، تا چاچقان ئۇرۇغى كۆكەرگىچە، ئوراپ خامان قىلىپ ھوسۇلىنى كۆتەرگىچە؛ قۇ-رۇت، قۇشلار ئۇنىڭدىن بەھرىمەن، دەشت ھايۋانلىرى ئۇنىڭ بىلەن خۇرسەن ... ساھىل (تى-لەمچىلەر)خالتىسىدا ئۇنىڭدىن ئوزۇق، شاھ غەزنىسىدە ئۇنىڭدىن چاچرىغان مال تولۇق...».

## 4. بىر يۈرۈش تەشەببۇسلار

ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا گۇناغا تەۋبە قىلىش، ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، ھەر ئىشتا ئاتلانغاندا تەۋەككۇل قىلىشقا تايىنىش، قىلغان ئىبادەت قوبۇل بولغانغا قەدەر قانائەت قىلىش، سەۋرى - تاقەت بىلەن ئۆزىگە چىدام بېرىش، ئاللانى دائىما ياد ئېتىش، ھەر ئىشقا كىرىشكەندە خۇدا يولىدا يەكدىل بولۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىسلام تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇلار ئىسلام ئىدىيولوگىيىسى پەيدا بولغاندىن تارتىپ تەشەببۇس قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەر بولۇپ، ناۋايىنىڭ بۇنىڭدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ناۋايى تەشەببۇس قىلغان كۆز قاراشلار ئىچىدە يەنە تەۋازۇ (مۇلايىملىق، كەمتەرلىك)، رىزا (رازى بولۇش)، ئىشق قاتارلىقلارمۇ بار.

ئاپتور تەۋەززۇدىن ئىبارەت ياخشى خولۇق توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇنى: «ئادەملەرنى كىشى مۇھەببىتىگە سازاۋەر قىلغۇچى» ياخشى سۈپەت دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇ تەۋەززۇدىن «دوستلۇق

① پەن - ھۈنەر.

گۈلشەنىدە نازارەت گۈللىرى ئېچىلىدۇ ۋە ئۇل گۈلشەندىن دوست-ئۇلپەت بەزمىسىگە تۈرلۈك گۈللەر چېچىلىدۇ». تاۋازۇ «ئادەتلەنگەن ھاياسىزلارنى ئۇيات تەرەپكە باشقۇرىدۇ ۋە ئىنساپسىز دۈشمەنلەرنى يامانلىقتىن قايتۇرىدۇ»، «ساخاۋەت قىلماي ئالەمنى شات قىلىدۇ، نەرسە ئاتا قىلماي كىشىنى غەمدىن خالاس قىلىدۇ»، «كىچىكلەر مېھرىنى چوڭلار كۆڭلىگە سالىدۇ ۋە بۇ مۇھەببەت كۆڭۈلدە مەڭگۈ قالىدۇ»، «ئەدەپ ۋە تەۋازۇ دوستلۇق ئەينىكىگە جۇلا بېرۇر، ئىككى تەرەپتىن يورۇقلۇق يەتكۈزۇر، تەۋازۇ ۋە ئەدەپتىن كىشىلەرگە تازىم ۋە ھۆرمەت يېتەر ۋە ئۇل ئۇرۇقنى تېرىغان كىشى بۇ جەۋاھىر ھوسۇلنى جەمئى ئېتەر» دەپ يېزىپ، تەۋازۇنىڭ ئادەم ۋۇجۇدىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل تەبىئەت ۋە ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ناۋايى ئۆزىنىڭ تەۋازۇ توغرىسىدىكى بۇ مۇلاھىزىلىرىنى دەلىللەش مەقسىتىدە كەمتەرلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق سېلىشتۇرما قىلىنغان مۇنداق بىر ھېكايىنى مىسال كەلتۈرىدۇ: بىر كۈنى خۇسراۋ پەرۋىز ئوۋغا چىقىپ، شاھلىق تاجىدىكى قىممەتباھا گۆھەرنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ. قايتىپ كېلىپ بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىزلەشكە ئادەم چىقىرىپ، تېپىپ كەلگۈچىلەرگە ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئۇلار گۆھەرنى تېپىش ئارزۇسىدا كېتىۋاتقاندا، ئىككى ھەمراھ شەھەرگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئېتى مۇدبىر جاھانگەرد، يەنە بىرىنىڭ بولسا مۇقبىل جەۋانمەرد ئىدى. بۇلار يولدا گۆھەر ئىزلىگۈچىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، مۇدبىر تەكەببۇر بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ. مۇقبىل بولسا، ئۇلارغا ئەدەپ يۈزىسىدىن باش ئېگىپ تازىم قىلىدۇ - دە، ئايىغى ئاستىدا تۇرغان گۆھەرگە كۆزى چۈشىدۇ. ئۇنى ئېلىپ شاھ كىشىلىرىگە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇسراۋنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىدۇ. مۇدبىر تەكەببۇرلۇقىنىڭ كاساپىتىدىن شەھەر گۈلخەنىدە ئورۇن تۇتسا، مۇقبىل ئەدەپ ۋە تەۋازۇنىڭ خاسىيىتىدىن شاھ گۈلشەنىدە ئارام تاپىدۇ. ئاپتور بۇ ھېكايە ئارقىلىق تەكەببۇرلۇقنىڭ زىيىنى بىلەن كەمتەرلىكنىڭ خاسىيىتىنى بىر - بىرىگە روشەن ھالدا سېلىشتۇرما قىلىدۇ.

ناۋايى ئەسەرنىڭ رىزا توغرىسىدىكى بابىدا، دوست رازىلىقى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش، ھەتتا جاننى تەلەپ قىلسا ئۇنىڭغا رازى بولۇپ بېرىش، توغرىسىدىكى ئابىستىراكىت ئىنسانىيەت دوستلۇقى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. ئۇنى يەنىلا ھەق رىزاسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىشق توغرىسىدىكى بابىدا، ئىشقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ خىللىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىلىدۇ. ناۋايى ئىشققا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «ئىشق يۇلتۇزدۇركى، پارلاپ تۇرغان، ئىنسانىيەت كۆزىنىڭ نۇر ۋە روشەنلىكى ئۇندىن؛ گۆھەردۇركى جۇلالاپ تۇرغان، ئادەملىك تاجىنىڭ زىننەت ۋە باھاسى ئۇندىن. قۇياشتۇركى تولۇق چىققان، مىسكىن دىللار تىكەنزارلىقى ئۇندىن گۈلشەن؛ ئايدۇركى نۇر چېچىپ تۇرغان، قاراڭغۇ كۆڭۈللەر شەبىستانى① ئۇندىن روشەن. دېڭىزدۇركى پايانسىز، ھەر دولقۇنى يۈزلەپ ئەقىل - ھوش كېمىسىنى چۆمدۈرگەن؛ شولا - دۇركى ئوتلۇق، كۆپ جانۇ - كۆڭۈلنى خەستەك ئېرىتىپ سۇ قىلغان. چاقماقتۇركى، يالتىراپ چاققان، كۆپ جانۇ - كۆڭۈلنى كۈل قىلغان. ئەجدىھادۇركى قانخور، ئالەمنى دەم تارتماق ئاڭا مەقسەت؛ پادىشادۇركى غەزەپلىك، مەقسىدى ئالەم ئەھلىنى بىر يولى ئۆلتۈرمەك...» بۇ تەبىرلەردىن مەلۇمكى، ئىشق ئۇلۇق مەقسەت تۈرتكىلىگەندە ئىنسان ۋۇجۇدىنى ئىختىيارسىز چۇلغىغان ھارارەتلىك ئەقىدە

① شەبىستان — قاراڭغۇلۇق.

بولۇپ، ئۇ كىشىنى مەقسەت گۈلشىنىگە باشلىغۇچى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك بىر كۈچ. بۇ يولدا ھەر قانداق خەۋپ - خەتەر ۋە قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بەرگەنلەرلا مەقسەت گۈلشىنىگە يېتەلەيدۇ.

ناۋايىنىڭ ئىشق توغرىسىدىكى بۇ باپتا ئابدىراخمان جامىنى ئۈچ ئورۇندا تىلغا ئېلىپ، ئۇنى پاك ئىشق ئىگىلىرىگە ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئاپتور تىلغا ئالغان بۇ ئىشق سۆزى گۈزەل بىر يارغا بولغان نوقۇل ئىشق بولماستىن، كىشىلەر يۈرىكىدە ئويغانغان يېڭىلمەس بىر ئەقىدىنىڭ «ئىشق» سۆزى بىلەن ئاتىلىشىدۇر. ئابىستىراكىت ئۇقۇم بولغان ئىشق سۆزىنى ئاپتورنىڭ 3 كە ئايرىپ چۈشەندۈرگەنلىكىمۇ بىزنىڭ يۇقۇرقى پىكرىمىزنى ئاساسلايدۇ.

## 5 . تەربىيىدىغانلار ئۈچۈن ئۆرۈق

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا «تەنبىيە» نامى بىلەن نۇرغۇنلىغان نەسىھەتنامىلار بېرىلگەن. بۇ نەسىھەتنامىلارنىڭ مەزمۇندا ئېرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئائىت بولغان كۆپ مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلار تۆۋەندىكىلەرگە مەركەزلىشىدۇ: ئىلىمنى ئۇلۇغلاش، ئۇگەنگەننى ئەمەلدە ئىشلىتىش؛ ياشلىقنى قەدىرلەش، قېرىغاندا ئۆكۈنمەسلىك؛ ئۆمۈرنى بىھۇدە زايا قىلماسلىق؛ ئەدەپلىك ۋە مۇلايىم بولۇش؛ گۈزەل ۋە يۇمشاق سۆزلۈك بولۇش؛ ئاز سۆزلەش، ئويلاپ سۆزلەش ۋە تىلنى ئاسراش؛ كىشىلەرگە ئېھسان قىلىش، خەيرى-ساخاۋەتلىك بولۇش، بېخىللىق قىلماسلىق؛ ياخشىلار بىلەن ھەمدەم بولۇش ۋە نادانلارنى دوست تۇتماسلىق؛ ئەل (خەلق) ئۈچۈن ئىشلەش؛ سىرنى ياخشى ساقلاش؛ راس سۆزلەش، يالغان سۆزلىمەسلىك؛ كىشىلەرگە يالغاندىن تۆھمەت چاپلىماسلىق؛ گەپ توشۇماسلىق، غەيۋەت قىلماسلىق؛ دۈشمەندىن ھوشيار بولۇش، مەغلۇپ دۈشمەنگە ياخشىلىق قىلىش؛ يامانلارغا يامانلىق قىلىش؛ باشقىلارغا ۋاپادار بولۇش، بىۋاپالىق قىلماسلىق؛ دۇنيادىن پاك ئۆتۈش؛ بەدخۇي بولماسلىق، ئوچۇق چىراي بولۇش؛ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق؛ ئۆز خاتالىقىنى تونۇش؛ كۆڭۈلنىڭ كەڭ بولۇپ كەمىرمەسلىك؛ ئالدىراڭغۇ بولماسلىق؛ ئالىملار نادانلار بىلەن تەڭ بولماسلىق؛ ئۆزىدە بولمىغان سۈپەتلەرنى باشقىلاردىن تەلەپ قىلماسلىق؛ شۆھرەتپەرەس ۋە تەكەببۇر بولماسلىق؛ جاھىللارغا تەربىيىنىڭ كار قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا؛ ئەرلەر، بولۇپمۇ قېرىلارنىڭ ياسانچۇق بولماسلىقى توغرىسىدا؛ ئورۇنسىز چاقچاق قىلماسلىق؛ تاماخور بولماسلىق؛ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك؛ شاراپنى قانداق ئىچىش توغرىسىدا؛ شۈكرى - قانائەت قىلىش؛ ئاخىرەتنىڭ يارىقىنى قىلىش، مال - دۇنياغا بېرىلمەسلىك.

يۇقۇرىدىكىلەر 15 - ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇتىۋەر تېمىلىرى سانىلاتتى. ناۋايى بۇ تېمىلاردا قەلەم تەۋرىتىپ، بۇ ھەقتىكى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى تەڭداشسىز ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بەردى. تۆۋەندە بۇلاردىن نەمۇنىلەر كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

ناۋايى ئىلىم مەرتىۋىتىنى قىزغىن سۈيەتتى ۋە ئۇنى ئۇلۇغلايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ بىر نەچچە جايىدا ئىلىم ئۆگىنىش، ئۇگەنگەننى ئەمەلدە قوللىنىش توغرىسىدا قىم-

مەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ. ئۇ ئېقىل - پاراسەت يۈزىسىدىن ”پادىشانىڭ كەمبەغەللەرگە ھاجەتمەن قىلىدىغان» ئىلمىدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك نەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈشتە بىلمىگەننى سوراش، بىر - بىرلەپ ئۆگىنىش، بۇ يولدا مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشنى تەكىتلەيدۇ، مەسىلەن :

بىلمىگەننى سوراپ ئۆرگەنگەن ئالىم،
ئارلانىپ سورامىغان ئۆزىگە زالىم.
ئۆرگەنۈردىن قاچقانلەۋەند،
ئىمگەك تارتىپ ئۆرگەنگەن خىرەدمەند.

(بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم،
نومۇس قىلىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم.
ئۆگىنىشتىن قاچقان يارىماس كىشىدۇر،
جاپا چېكىپ ئۆگەنگەن كىشى ئېقىللىق.)

ئاپتور بىلىم ئېلىپ ئىشلەتمەسلىكنى كارىز قېزىپ، سۇ باشلاپ ئۇرۇق چاچمىغانغا، ئۇرۇق چاچسىمۇ، ھوسۇلنى يىغمىغانغا تەققاس قىلىدۇ:

ئىلىم ئوقۇپ قىلمىغان ئەمەل مەقبۇل.
دانە ساچىپ كۆرتەمەدى مەھسۇل.

(بىلىم ئېلىپ ئىشلىتىشنى قىلمىغان قوبۇل،
ئۇرۇق چاچتى ۋە لېكىن يىغمىدى ھوسۇل.)

ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا «ئۆمۈرنىڭ گۈلشىنى ۋە باھارى»، «ھاياتقا راڭغۇلۇغىنىڭ نەھارى[1]» بولغان ياشلىق بىلەن ئۆمۈرنىڭ ھەممە زەئىپلىكلىرى مەلۇم بولىدىغان قېرىلىق چاغلارنى سېلىشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ياشلىقنىڭ قەدرىگە يېتىشكە ئۈندەپ مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ:

ئەھباپ يىگىتلىكنى غەنىمەت تۇتىڭىز،
ئۆزنى قارىلىغ مەھنەتىدىن قۇتقارىڭىز.

① نەھار - سەھەر، تاڭ


Altunoq

ئائىن ئاداۋەت ھەسەددىن ئۆتمگىز،
ھەر نەۋئ ئىلە ئۆزنى ئىچەكۈن ئاۋۇتمگىز.

(دوستۇم، يىگىتلىكنى غەنىمەت بىلىگىز،
ئۆزىگىزنى قىرىلىق جاپاسىدىن قۇتقۇزىگىز.
ئاداۋەت ۋە ھەسەتنى يۇيۇگىز،
ھەر قانداق قىلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆزىگىزنى خوش تۇتمگىز.)

ئاپتور ئۆمۈرنى بىھۇدە زايا قىلماسلىق توغرىسىدا مۇنداق قۇرلارنى يازىدۇ

ئۆمۈرنى غەنىمەت بىل،
سىھەت ۋە ئەمنىيەتخە شۇكرى قىل.
بىپايدا سۆزنى كۆپ ئېيتما،
فايدەلىغ سۆزنى كۆپ ئىشتۇردىن قايتما.

(ئۆمۈرنى غەنىمەت بىل،
ساقلىق ۋە ئامانلىققا شۇكرى قىل.
پايدىسىز سۆزنى كۆپ ئېيتما،
پايدىلىق سۆزنى كۆپ ئاڭلاشتىن يانما.)

ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ تەبىيىلەر قىسمىدا ئەدەپلىك، مۇلايىم، ئېغىر- بېسىق بولۇشنى بىر قانچە ئورۇندا تەكىتلىگەن، ئۇ ئەدەپ - ئەخلاق شەخسنىڭ ئېغىر باھالىق كىيىمى "ئۆمرۈڭنىھايا ۋە ئەدەپ بىلەن ئۆتكۈز" دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ:

ھەلىم ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ فەۋاكىلىغ باغىدۇر،
ئادەمىلىغ ئالەمىنىڭ جەۋاھىرلىغ تاغى.
ھىلىمنى ھەۋادىس دەرياسىدا كىشىلىك
كېمەسىنىڭ لەڭگەرى دىسە بولۇر،
ئىنسانىيەت مىزانى تاشىغا نىسبەت بەرسە بولۇر.

(مۇلايىملىق ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ پاكلىق بېغىدۇر،
ئادەملىك ئالەمىنىڭ گۆھەرلىك تېغى،

مۇلايىملىقنى ھادىسىلار دەرياسىدا ئۆزگۈزگۈچى كىشىلىك كېمىسىنىڭ لەڭگىرى دېسە بولۇر، ئىنسانىيەت تارازىسىنىڭ تېشى ھەم دېسە بولۇر.)

ناۋايى بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق بېيىتنى كەلتۈرىدۇ:

ئېغىرلىق ۋەزنىدىندۇر سىيىلدىن ھەرايى تاغى،
يەڭىللىك فەرتىدىن بارباد ئىرۇر قەمغاق ياپراغى.
(ئېغىر بولغاچ غەم يەمەس سەلدىن ھىرات تېغى،
يەڭگىل بولغاچ توزۇپ كېتەر قامغاق ياپرىغى.)

گۈزەل ۋە يۇمشاق سۆزلۈك بولۇش توغرىسىدىكى پىكىر «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تەكى تەنبىيھلەرنىڭ قىممەتلىكلىرىدىندۇر. ناۋايى گۈزەل ۋە يۇمشاق سۆزنى ئۆلۈككە جان بېغىشلىغۇچى قۇدرەتكە ئىگە دەپ ھېساپلايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ كىشىلەرنى يامان سۆز بىلەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە جاراھەت، ئۆز بېشىغا ئاپەت كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىشقا چاقىرىدۇ.

يامان تىللىك ئانداقكى، ئېل كۆڭلىگە جاراھەت يەتكۈرۈر،
ئۆز باشىغە ھەم ئاپەت يەتكۈرۈر.

نادانىنىڭ مەۋھەش ھەرزە بىلە بوغزىن قىرماغى،
ئېشەكنىڭ جەھتىسىز ئاۋازە قەھتەرماغى.

خۇشگۈيلىكى سۆزنى رەفىق ۋە مەۋاسا بىلە ئېيتقاي، كۆڭۈلگە يۈز غەم كېلەدۇرغان بولسا، ئانىڭ سۆزىدىن، قايتغاي. سۆزدەدۇر ھەر ياخشىلىقكى ئىمكانى بار، مۇندىن دەبدۇرلەركى، نەفەسنىڭ جانى بار.

(يامان سۆزلۈك ئادەم كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە جاراھەت يەتكۈزۈر، ئۆز بېشىغا ھەم ئاپەت.

نادانىنىڭ ئەنىسىز لاۋزا سۆزلەر بىلەن گاكىرىمىغى،
ئېشەكنىڭ زورلاپ ھاڭرىمىغى.

چىرايلىق سۆزلىگۈچىلەر سۆزنى دوستانە ۋە ياردەم تەرىقىسىدە ئېيتقاي، كۆڭۈلگە يۈزلەپ

غەم كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن قايتقاي. سۆزدە ھەر قانداق ياخشىلىق كېلىشىنىڭ ئىمكانى بار، بۇ ھەقتە شۇنداق گەپ باركى: نەپەسنىڭ جېنى بار.)

ناۋايى ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ تىل ئارقىلىق پەرقلىنىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە، كىشىلەرگە تىلنى ئاسراش، ئويلاپ سۆزلەش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ.

تىلىگە ئىختىيارسىز، ئەلگە ئىشتىيارسىز،
ھەرزە گۆيلىكىم كۆپ تەكەللۇم سۈرگەي،
ئېيتىدىكى دۇركى، كىسىچە تاتقۇنچە ھۆرگەي···

تىلىڭنى ئىختىيارىڭدا ئاسرىغىل ۋە سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلە دېگىل. مەھەلىدە ئېيتۇر سۆزنى ئېيت، ئاسرىما، ئېيتماس سۆز تېكراسىغا يولاما. سۆز باركى، ئېيتقۇچىنىڭ تەنىغە جان كىيورۇر ۋە سۆز باركى، ئېيتقۇچىنىڭ باشىن يەلگە بېرۇر··· سۆزنى كۆڭۈلدە پەشقارماگۇنچە تىلىگە كېلتۈرمە ۋە ھەر نەكىم كۆڭۈلدە بار تىلغە سۈرمە. ئەيتۇر سۆزنى ئەيت، ئەيتماس سۆزدىن قايت!

(تىلىگە ئىختىيارسىز، كىشىلەر ئالدىدا ئېيتمۇارسىز. لاۋزا گەپ قىلغۇچىلار تولا سۆز سۈرگەي، گويا ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئالدىغا سۆڭەك كەلگىچە ھۈرگەي··· تىلىڭنى ئۆزلىگىڭدىن ئاسرىغىل ۋە سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن دېگىل. جايىدا كەلگەن سۆزنى ئېيت، ئايىما، دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان سۆزگە يولىما. شۇنداق سۆز باركى، ئېيتقۇچىنىڭ تىنىگە جان كىرگۈزۈر، شۇنداق سۆزمۇ باركى، ئېيتقۇچىنىڭ بېشىنى كەتكۈزۈر··· سۆزنى كۆڭۈلدە پىشۇرۇۋالمىغىچە دېمە، كۆڭلۈڭگە نىمە كەلسە، سۆزلەۋەمە. دېيىشكە تېگىشلىك سۆزنى ئەيت، دېمەسلىككە تېگىشلىك سۆزدىن قايت!)

تىلنى ئاسراش توغرىسىدا ئېيتىلغان بۇ ھېكمەتلىك پىكىرلەر ھەققىدە ھەر قانداق ئىزاھات بېرىشمۇ ئارتۇقتۇر.

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، خەيرى ساخاۋەتلىك بولۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلار ناۋايى ئىلگىرى سۈرگەن ئىلغار كۆز قاراشلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ: ياخشىلىقنى «مەڭگۈلۈك سائادەت»، «ئىنسانىيەت بېغىنىڭ دىلىنى تارتقۇچى مۇۋىسى»، «سۇپەتلەر كانىنىڭ جەۋھىرى» دەپ تەرىپلەيدۇ. ناۋايى يەنە ساخاۋەت (سېخىلىق) نى "ئادەملىك زېمىنىنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىزى، بەلكى ئول دېڭىزنىڭ قىممەت باھا گۆھىرى" دەپ مەدھىيىلىسە، ساخاۋەتسىزلىك (بېخىللىق) نى "يېغىنسىز ئەبر باھار[1]، پۇراقسىز مۇشك تاتار"، مېۋىسىز ياغاچ". "گۆھەرسىز سەدەپ" دەپ ئەيىپلەيدۇ. بۇ توغرىدا «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دىن تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كەلتۈرۈش مۇمكىن:

---

[1] ئەبر باھار — باھار بۇلۇتى

ياخشىلىغ تۇخمىنى ساچقىل كىم ئېرۇر دەھقانغە سۆز،
كىم قەيۇ تۇخمىكى ئەكدىلىك غەيرە تۇت ھەم ئانى كۆز.

( ياخشىلىقتىن چاچ ئۇرۇق، دېخانغا تەمسىلدۇر بۇ سۆز،
نېمىدىن چاچساڭ ئۇرۇق يەرگە، ئالارسەن شۇنى كۆز.)

تائامىم زايە بولمىسۇن دىسەڭ، يىدۇر،
تىلەسەڭكىم لىباسىم ئەسكىرماغاي كىيىدۇر.

( ئېشىم زايا بولمىسۇن دىسەڭ يىدۇر،
كىيىمىم ئەسكىرىمىسۇن دىسەڭ كەيدۇر. )

ناۋايى ئىھسان، ساخاۋەت، كەرەم، مۇرەۋۋەت ئىبارىلىرىنى ياخشىلىقتىن ئىبارەت بىر سۆزگە مۇجەسسەملەيدۇ. ياخشىلىق، يەنى كەمبەغەل - بىچارىلارغا ياردەم قىلىش، ئاجىزلارنى يۆلەش، ياخشىلىققا - ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇش ناۋايىنىڭ ئارزۇسى بولۇپ، بۇ فېئودال - پادىشالىق تۈزۈم شارائىتىدىكى ئەينى دەۋردە ئەمەلگە ئېشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناۋايى كىشىلەر ئارىسىدىن مېھرى - شەپقەت، ياخشىلىق كۆتىرىلىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلىپ:

ھەر كىمگە كىم بىر خىزمەت قىلدىڭ ئول شىددەتتە مۇھەييا تۇرماغ كېرەك ۋە ھەر كىشىگە كىم بىر مۇلايىمەت كۆرگۈزدۈڭ، مىڭ ئىللەت ۋە كەدۇرەتتە سەلا ئۇرماغ كېرەك ... بىر ساغەر مەي بەرگەندىن قەدەھ - قەدەھ خۇناب يۇتماغ كېرەك ۋە بىر قەدەھ نۇش ئەتكەندىن، ئاياق - ئاياق زەھەرغە ئۆزنى ئامادە تۇتماغ كېرەك ... ئەگەر باشلارىغە گۈل سانچىساڭ، ئالاردىن يۈزۈڭگە تىكەن سانچىلۇر ۋە ئەگەر گۈل سانچماغنى بەس قىلساڭ باغرىڭغا چۆكۈر تىكىلۇر ...

( كىمگە بىر خىزمەت قىلدىڭ، ئۇنىڭ زەربىسىگە تەييار تۇرماق كېرەك ۋە كىمگە بىر مۇلايىملىق كۆرسەتتىڭ، مىڭ ئىللەت ۋە قايغۇغا رازى بولماق كېرەك ... بىر پىيالە مەي بەرگىنىڭ ئۈچۈن، قەدەھ - قەدەھلەپ قان يۇتماق كېرەك ۋە بىر قەدەھ ئىچكۈزسەڭ، قاچا - قاچىلاپ زەھەر ئىچىشكە ئۆزنى تەييار تۇتماق كېرەك ... ئەگەر باشلىرىغا گۈل قىستۇر-

ساك ، ئۇلار تەرىپىدىن يۈزۈڭگە تىكەن سانچىلىدۇر ، گۈل قىستۇرۇشنى توختىتىساڭ، باغرىڭغا چېقىر تىكەن قادىلىدۇر...

ياكى : جەفالار كىم مېنىڭ جانىمغە يەتمىش دەھر خەلقىدىن،
بەرى كۈففاردىن كېلمەس ئەسىر ئولغان مۇسۇلمانغە.
نەبىدادىكى ئىستەرلەر قىلىپ سۆگرە ئۆكۈش تۆھمەت،
داغى يۆكلەرلەر ئاخىر بۇ جەفاكەش زار ھەيرانغە .

(جاپالار يەتتى جانىمغا زامانە ئەھلى ـ خەلقىدىن ،
بارى كۇففاردىن كەلمەس ئەسىر بولغان مۇسۇلمانغا .
نەجەبرۇ ـ زۇلمىكى ئىستەر قىلىپ ئاندىن تولا تۆھمەت،
يەنە يۆكلەرلەر ئاخىر بۇ جاپاكەش زارۇ ـ ھەيرانغا.)

دەپ يازغىنىدا ، ئۇنىڭ سەۋەپلىرىنى "زامان ئىنقىلاۋى قۇسۇرىدىن» ، ياكى "دەۋران ، زامان ئەھلى ئەقلىنىڭ ۋە ئادەمگەرچىلىكىنىڭ كەملىكىدىن » ئىزدەيدۇ . ئۇنىڭ ئىجتىمائى يىلتىزىنى تونۇپ يېتىش دەرىجىسىگە كۆتىرىلەلمەيدۇ .

ياخشىلىغ قىلا ئالماساڭ ، بارى يامانلىغ ھەم قىلما ، ياخشىلىغنى يامانلىغدىن ياخشىراق بىلمەسەڭ ، بارى يامانراق ھەم بىلمە . ياخشىلىغنى بىلمەسەڭ ، ياخشىلارغا قوشۇل ... فىسىق شۇملىغىدىن ئۆزۈڭنى ياخشىلاردىن ھۆر ئەتمە ۋە يامانلار ئاراسىدە قاتما .

(ياخشىلىق قىلالمىساڭ ، يامانلىقمۇ قىلما ، ياخشىلىقنى يامانلىقتىن ياخشىراق بىلمىسەڭ ، يامانراق ھەم بىلمە ، ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ ياخشىلارغا قوشۇل ... فىسقى ـ پاسات شۇملۇقىدىن ئۆزۈڭنى ياخشىلاردىن يىراق تۇتما ۋە يامانلار ئارىسىغا قاتما .)

يۇقۇرىدىكىلەر ناۋايىنىڭ ياخشىلار بىلەن ھەمدەم بولۇش، يامانلارغا قوشۇلماسلىق توغرىسىدىكى پايدىلىق نەسىھەتلىرى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائى ھاياتتا ھەربىر كىشى ھەمىشە ئېسىدە تۇتۇش لازىم بولغان بۇ نۇقتا ئۈستىدە ئەسەرنىڭ بىر قانچە يېرىدە ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتىدۇ . ناۋايى ياخشىلار بىلەن قوشۇلۇش ھەققىدە سۆزلىگەندە ، نادانلارنى دوست تۇتماسلىق توغرىسىدىمۇ كېرەكلىك نەسىھەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ئۇ نادانلارنى "ئېشەك ، بەلكى ئېشەكتىن كەمرەك» دەپ ئېيپلاش بىلەن ئۇلارنى دوست بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس ، دەپ ھىساپلايدۇ . مەسىلەن :

نادان دوستنى دوست سانىغا كىيۈرمە ۋە خىرەد شەمئىن ئانى ھەرزە ئەفسانەسى يېلىدىن ئۆچۈرمە ، بەسا ئەتفالكى ئەيىن مۇھەببەت يولىدىن ئاتا ساقالىن تارتىب ئۈزۈبدۇر ۋە سۆجادەسى مېھرابىدە بىمەدە بىلىغ كۆرگۈزۈبدۇر. بەسا مەسكى نىياز يۈزىدىن ئەياغ ئۆپكەلى ئىگىلىبدۇر ، بىئىختىيار قەيدىن پاك دامەنلەر ئىتەكىن مەلۋەس قىلىبدۇر.

(نادان دوستىنى دوست سانىغا كىرگۈزمە ۋە ئېقىل چىرىشىنى ئۇنىڭ بىمەنە ئەفسانىسى شامىلىدىن ئۆچۈرمە. قارا، كىچىك بالا مۇھەببەت يولىدىن ئازىسىنىڭسا قالىنى تارتىپ يۈلىدۇ ۋە مېھراپتا سەجدىدە تۇرغاندا، بوينىغا مىنىۋېلىپ ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ، ھەمدە نامىزىنى بۇزىدۇ. قارا، مەست ھۆرمەت يۈزىسىدىن پۇت سۆيگەنلىكى ئېيتىلىدۇ، ئەمما ئىختىيارسىز قۇسۇپ پاك كىشىلەرنىڭ ئېتىكىنى بۇلغايدۇ.)

ناۋايى: "دانا دۈشمەندىن نەپ ئىمكانى بار، نادان دوستتىن زەرەر ئىمكانى كۆپرەك" دىگەن مىسكەتلىك سۆزلەر بىلەن بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى خۇلاسىلايدۇ.

ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا ئوتتۇرىغا قويغان نەسىھەتلەر ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى خەلق ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش توغرىسىدىكى نەسىھەتتۇر. ئۇ كىشىلەرنى ۋاقىتلىق ئۆمرىنى خەلق خىزمىتىگە سەرپ قىلىپ، «ئۆمىر جاۋىدان» (مەڭگۈلۈك ئۆمۈر) گە ئىگە بولۇشقا، باش كەتسىمۇ، بۇ بۇرچىنى ئۇنۇتماسلىققا چاقىرىدۇ. ئاپتور بۇ مەقسەتتە:

ئىرانلار خىزمەتىدىن چېكماغىل باش،
ئەگەر باشىڭغا گەردۇندىن ياغار تاش.
گەر ئول تاشلار بىلە باشىڭ ئۇشالغاي،
سائادەت خەتتىدۇر گەر زەخمى قالغاي.
(كىشىلەر خىزمىتىدىن تارتمىغىن باش،
زاماندىن ياغسىمۇ باشىڭغا گەر تاش.
ئەگەر ئول تاش بىلە باشىڭ يېرىلسا،
بەختىڭنىڭ بەلگىسى بىل تاتۇغى قالسا.)

دىگەن نەزمىنى بېرىش بىلەن، "كىشىلىكنىڭ شان - شەرىپى، بەخت ۋە ئامىتى - خەلق ئۈچۈن چەككەن جاپادا" دىگەندىن ئىبارەت كۆز قارىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا ئاشكارىلىماسلىققا تېگىشلىك سىرنى چوقۇم ساقلاش كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇنداق نەسىھەتلەر بار:

ئۆزۈڭ سىرىڭ ئاسراردىن ساڭا مالالدۇر ۋە يەنە بىراۋ ئانى ئاسراماغى مەھالدۇر.
ئۆز مەخزەنىڭنى ئاچساڭ ۋە مەخفى دۇرلەرىڭنى ساچساڭ، تېرگەن كىشى سىپاماي نىتكەي ۋە ئاسرادەپ مۇبالىغە قىلغانىڭ نى يەرگە يېتكەي؟ ئۆزۈڭ ئۆز سىرىڭنى ئاسرايالماغىڭنى بىلۇرسەن، ۋە يەنە بىراۋ فاش ئېتسە ھەم ئەيب قىلۇرسەن؟!

(ئەگەر ئۆز سىرىڭنى ساقلاش ساڭا مالالدۇر، باشقىلارنىڭ ئاسرىمىغى مەھەلدۇر. ئۆز خەزىنەڭنى ئاچساڭ ۋە مەخپى گوھەرلىرىڭنى چاچساڭ، ئۇنى تېرىۋالغان كىشى چاچماي قانداق قىلسۇن ۋە ئۇنى ساقلا، دەپ ئاشۇرغىنىڭ قەيەرگە يەتسۇن؟! ئۆز سىرىڭنى ساقلاشنى ئۆزۈڭ بىلمەيسەن، باشقىلار ساقلىمىسا يەنە نېمە دەپ ئەيىپلەيسەن؟!

ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى» نىڭ ئاچقۇچى بولغان سۆز-

نى راسلىقتا ، سەمىمىيلىكتە ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ . ئۇ راس سۆز بىلەن يالغان سۆزنىڭ قىممىتىنى سېلىشتۇرۇش بىلەن ، يالغانچىلىقنىڭ شەرمەندە ئاقىۋىتىدىن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ . ئۇلارنى راست سۆزلەشكە ، راست سۆزدىن ئىبارەت بۇ گۆھەرنى قەدىرلەشكە چاقىرىدۇ . تۆۋەندىكىلەر ناۋايىنىڭ راستچىل بولۇش ھەققىدىكى نەسىھەتلىرىدۇر :

چىن سۆز مۆئتەبەر ، ياخشى سۆز مۇختەسەر ··· سۆزكى فەساھەت يۈزىدىن مۇزەييەن ئېمەسدۇر ، ئاڭا چىنلىق زەيۇرى بەسدۇر . يالغانچى ھەرنىچەكىم سۆزىدە فەسەھراق ، سۆزى قەبىھراق . چىن سۆزنەچەكى بىتەكەللۇپ ، قايىلىغە ئىبارەت ساددەلىغىدىن يوق تەئەسسۇف . گۇلگە يىرتۇك لىباسىدىن نى زىيان ، دۇرغە بەد شەكىل سەدەفدىن نى نۇقسان ······ ھەر كىمنىڭ سۆزى چىن بولماغاي ، راستلار كۆڭلىگە ئول سۆز قوبۇل ئايىن بولماغاي . يالغانچى سۆزىن بىر — ئىككى قەتلە ئۆتكەرگەي، ئۆزگە نىتكەي، يالغانى زاھىر بولغاندىن سۆڭرە رەسۋالىغ يەتكەي ··· چىن سۆزنى يالغانغا چۇلغاما ۋە چىن ئېيتار تىلنى يالغانغە بۇلغاما . يالغانچى كىشى ئېمەس، يالغان ئەيتماغ ئېرانلار ئىشى ئېمەس. يالغان سۆز — دىگۈچىسىنى بىئېتىبار قىلۇر، ئىنچۇككى ئول گۆھەرنى خەزەفدىك خار قىلۇر . ئولكى چىن سۆزنى يالغانغا قاتار، دۇررى سەمىننى ئىنجاسەتغە ئاتار.

(راستگەپ ئەتىۋا ، ياخشى سۆز قىسقا بولىدۇ ··· سۆزكى گۈزەللىكجەھەتتىن زىننەتلىك ئەمەستۇر ، ئۇنىڭغا چىنلىق كۆركى بەستۇر. يالغانچى سۆزى قانچىكى گۈزەلدۇر، سۆزىدە قەبىھلىك شۇنچىكى تولىدۇر. راست سۆز قانچىكى بىتەكەللۇپتۇر، قايىلغا بىشارەتكى ساددەلىغىدىن گۇمان يوقتۇر . گۈلگە يىرتىق كىيىمىدىن ① نىمە زىيان، گۆھەرگە كۆرۈمسىز سەدەپتىن نىمە نۇقسان ؟! ··· كىمنىڭ سۆزى راست بولمىغاي، راستچىللار كۆڭلىگە قوبۇل بولمىغاي . يالغانچى ئۆز سۆزىنى بىر — ئىككى قېتىم ئۆتكۈزگەي ، باشقا نىمە قىلالىغاي ؟! يالغىنى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن رەسۋا بولغاي ··· راست سۆزنى يالغانغا چۇلغىما ، راست سۆزلۈك تىلنى يالغان بىلەن بۇلغىما . يالغانچى كىشى ئەمەس، يالغان سۆزلىمەك ھەقىقىي ئادەملەر ئىشى ئەمەس . يالغان سۆز سۆزلىگۈچىنى بىئېتىۋار قىلۇر، گۆھەرنى ساپالدەك خار قىلۇر . كىمكى راست سۆزنى يالغانغا قاتار ، قىممەتباھا مەرۋايىتنى نىجاسەتكە ئاتار.)

« كۆمۈشنى ئالتۇن بىلەن روكەش قىلغۇچى شەرمەندە زەرگەر» لەر — يالغانچىلاردىن تولىمۇ نەپرەتلەنگەن ناۋايى :

ئول كىشىنى قۇتلۇق ئەيۇدىن تاشقارى سۈرمەك كېرەك،
قۇتلۇق ئەيۇ دۇنيادۇرۇر يەئنى ئۆلتۈرمەك كېرەك.
( ئۇنداق كىشىنى قۇتلۇغ ئۆيدىن تاشقىرى سۈرمەك كېرەك،
بۇ قۇتلۇق ئۆي دۇنيادۇر . دىمەك ئۇلارنى ئۆلتۈرمەك كېرەك.)

① ئاپتۇر بۇ يەردە گۈلنىڭ تالا - تالا بەرگىنى كوزدە تۇتقان .

دەپ يېزىپ، يالغانچىلارغا بولغان كۈچلۈك غەزىپىنى ئىپادىلەيدۇ.

ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب»تا كىشىلەرگە يالغان سۆز بىلەن بۆھتان قىلغۇچى قارا يۈزلەرنى، گەپ توشۇغۇچىلارنى، ھەسەتخورلارنى قاتتىق تەنقىت ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇ «زەھەرنىڭ مىقدارى گەرچە ئاز بولسىمۇ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ.» بۆھتان ۋە غەيۋەت گويا ئەنە شۇ زەھەرگە ئوخشاش، دەپ كۆرسىتىدۇ. ھەسەتخورلۇقنى بولسا «جان ئالغۇچى كېسەل»، «ھەسەتخورلارنىڭ ئۆز خۇي - پەيلى تۈپەيلىدىن راھەتتىمۇ ئاچچىق» دەپ ئېيىپلايدۇ. ناۋايى بوھتان ۋە غەيۋەتنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

زەھەرنىڭ ئاز ئىسسە مىقدارى داغى موھلەكدۇر،
ئىگنەنىڭ نەۋكى زەئىف ئىرسە داغى كور قىلۇر.

(بولسىمۇ مىقدارى ئاز ئاغۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈر،
يىڭنىنىڭ ئاجىز تىغى، لېكىن يەنە ئۇكور قىلۇر.)

دۈشمەنگە ھۇشيار بولۇش، ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىدىن مەس بولماسلىق؛ كۈچلۈك دۈشمەن مەغلۇپ بولغاندا، ئۇنى بىر تەرەپتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ياخشىلىق دەرۋازىسىنى ئېچىش؛ ئاجىز دۈشمەن مەغلۇپ بولغاندا، ئۇنىڭغا كەچۈرلۈك قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار تاكتىكىلىق مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمۇ ئاپتورنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمىغان. ناۋايىنىڭ دۈشمەنلەر ۋە يامان كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى پىكىرلىرى ئىچىدە، ئۇنىڭ يامانلارغا رەھىم قىلماسلىق توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ئەڭ ئەھمىيەتلىكتۇر.

يامانلارغا لۇتفۇ - كەرەم، ياخشىلارغا مەۋجەب زەرەر ۋە ئەلەم. مۈشۈككە رىئايەت، كەبۇتەرغە ئاپەتدۇر. شەغال جانىبىن تۇتماق، تاۋۇغ تۇخمىن قۇرۇتماقدۇر. فەرد بۆرىنى قوزى بىلەن قىلغان سىمىز، كىيىك جەمئىغەدۇر رەھمىسىز.

(يامانلارغا ياخشىلىق يەتكۈزمەك، ياخشىلارغا زىيان ۋە ئەلەم كەلتۈرمەك. مۈشۈككە يول قويماق، كەپتەرنى ئاپەتكە يولۇقتۇرماق. تۈلكىنىڭ تەرىپىنى ئالماق، توخۇنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتماق. كىمكى يالغۇز بۆرىنى قوزا بىلەن قىلسا سەمىز، ئۇدۇر كىيىكلەر توپىغا رەھىمسىز.)

ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب»تا ۋاپا ۋە مېھرى - شەپقەت توغرىسىدا كۆپرەك توختىلىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەردىن ۋاپادار بولۇش، بىر - بىرىگە مېھرى - شەپقەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشى «جاھان گۈلشىنى ۋاپا گۈلىدىن زىننەتسىز ۋە ئىنسانىيەت گۈلى ۋاپا پۇرىقىدىن بويىسىز»، «ئىنسانىيەت تاجى ۋاپا گۆھىرىدىن زىننەتسىز» بولغان فېئودال - پادىشالىق تۈزۈم شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھېچقانداق تاسادىپى ئەھۋال ئەمەس ئىدى. زۇلۇم ۋە رەھىمسىزلىك ئەۋج ئالغان ئەكسىيەتچى دەۋردە ۋاپاسىزلىق ناۋايى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئوخشاشلا يولۇققان ھايات قائىدىسى ئىدى. شۇڭلاشقا:

كىمگە قىلدىم بىر ۋەفا كىم، يۈز جەفاسىن كۆرمىدىم،
كۆرگۈزۈپ يۈز مېھر ئانىڭ دەردۇ بالاسىن كۆرمىدىم.
(كىمگە بىر ۋاپا قىلسام، ئۇنىڭ يۈزلەپ جاپاسىنى تارتماي قالمىدىم.
يۈزلەپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، دەردۇبالاسىنى كۆرمەي قالمىدىم.)
دەۋر بىۋەفالىرى جەۋرىدىن داد،
دەھر بىھايالىرى بىدادىدىن پىغانۇ ـ پەرياد.
(زامان ۋاپاسىزلىرىنىڭ جەۋرىدىن دات،
جاھان ھاياسىزلىرى زۇلمىدىن پىغانۇ پەريات.)

دەپ يازغان ئىدى ناۋائىي.

ئاپتور ۋاپا توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ۋاپانىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ۋاپاسىزلارنىڭ ماھىيىتى ۋە ۋاپاسىزلاردىن ئۈمىت كۈتمەسلىك لازىملىقى قاتارلىق ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىدۇ. مەسىلەن،

ۋاپا توغرىسىدا:

ۋەفاغە ھەيا بىلە پەيۋەستەلىغ، ئەنداغكى، ھەياغە ۋەفا بىلە ۋابەستەلىغ... ۋەفا زەيلىدە ھەيا زىكرى... ھەر كۆڭۈلدە كىم ۋەفا مەسكەن قىلۇر، ھەيا ھەم قىلۇر ۋە ھەر مەسكەندەكىم ئۇل تاپىلۇر، بۇ ھەم تاپىلۇر. ۋەفاسىزدە ھايا يوق ۋە ھاياسىزدە ۋەفا يوق.

(ۋاپا ھايا بىلەن تۇتاشتۇر، شۇنداقلا، ھاياغا ۋاپا ئۇلدۇر... ۋاپانىڭ كەينىدىن ھايا سۆزلىنىدۇ... قايسى كۆڭۈلدە ۋاپا ماكان تۇتۇپتۇر، ھايا ھەم تۇتۇپتۇر ۋە قايسى ماكاندا ۋاپا تېپىلار، ھايا ھەم تېپىلار، ۋاپاسىزدا ھايا يوق، ھاياسىزدا ۋاپا.)

ۋاپاسىزلار توغرىسىدا:

ئادەمى شەرىنى ئەلكۈنىندۇر ۋە ئىت نەجىس لەئىن. ئەمما... بىۋەفا ئادەم ۋەفالىغ ئىتىدىن كەم. ۋەفالىغ قوتۇرئىت ياخشىراقكى ۋەفاسىز خۇش بەرنا يىگىتدىن.
(ئادەم ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىكتۇر.، ئىت پاسكىنا ۋە لەنەتلىكتۇر. ئەمما... ۋاپاسىز ئادەم ۋاپادار ئىتتىن كەم. ۋاپادار قوتۇرئىت ۋاپاسىز خۇشقامەت يىگىتتىن ياخشىراق.)

يەنە: بىۋەفا ھەق ناشۇناس ئېلىدىن يىراقلىغ ئىستەكىم،
كېلمادى ھەرگىز ئالاردىن غەيرىبىدادۇ ـ جەفا.

ئىنتىغە ئىستىلىك ئەيلەمەك جانۇ - كۆڭۈل بىرلە بولۇر،
ھەقشۇناس ئولسا ۋۇ بولسا ئۇندا ئايىنىدۇر ۋەفا.
(ھەق يولدا ماڭمايدىغان بىۋەفالاردىن يىراق بول،
ئۇلاردىن ھەرگىز جاپا ۋە زۇلۇمدىن ئۆزگە ھىچ نەرسە كەلمەيدۇ.
ئىنتىنىڭ ئىستىلىك قىلمىغى بىجانىدىللىك بىلەن بولىدۇ،
ئۇ ھەق يولىدا بولسا، ئۇنىڭدىن ۋاپا كېلىدۇ.)

ۋاپاسىزلاردىن ئۈمىت كۈتمەسلىك توغرىسىدا:
ھەرنەكىم بىۋەفادۇر، ئاڭا كۆڭۈل باغلىماق خاتادۇر.
(كىمكى بولسا بىۋاپا، ئاڭا دىل بەرمەك خاتا.)

«مەھبۇبۇل قۇلۇب»تا ئوچۇق يۈزلۈك بولۇش، تېز ئاچچىقلانماسلىق، ئالدىراڭغۇ بولماسلىق، كۆڭۈلنىڭ كەڭ-كەڭرى، كەمسىلىك، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرگەندە، ئالدى بىلەن ئۆز ئەيىبىنى كۆرۈش قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى ئۇزلەشتۈرۈش توغرىسىدىمۇ ئەھمىيەتلىك نەسىھەتلەر بېرىلگەن.

ناۋايى "يامان قىلىقلىق، بەدخۇي ۋە تېز ئاچچىقى كېلىدىغان سۇرۇن چىراي كىشىلەر ھامان بىر بالاغا گىرىپتاردۇر، ھەريان قاچسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ، دۈشمەنلىرى غالىپ، ئۆزى مەغلۇپ بولىدۇ." دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن، كىشىلەرنى "كۈلكە چىراي، خۇش ئەخلاق، ئۆچ ئاداۋەتتىن يىراق" بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ زىيانلىرىنى كۆرسىتىپ: "ئىشتا ئالدىرىغان كۆپ تېيىلۇر، كۆپ تېيىلغان كۆپ يىقىلۇر" دەپ يېزىش بىلەن، بۇ ھەقتىكى پىكرىنى:

ھەركىمسەكى ئەيلەمەس ئاشۇقىلىقنى خىيال،
يافراغنى ئىپەك قىلۇر، چەچەك بەرگىنى بال.
(ئالدىراڭغۇلۇقنى كىم ئەيلىمىسە ھەرگىز خىيال،
قىلغۇسى ياپراقنى مەشۇت، گۈل - چېچەك بەرگىنى بال.)

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق خۇلاسىلايدۇ.

ناۋايى "ئالىملار جاھىللار بىلەن تەڭ بولالماسلىقى ..." ئۆز ئىلىمىنىڭ قەدرى ۋە مىقدارىنى ياخشى ئۆلچىشى، "گوھەرنى ئىمتىھان ئۈچۈن تاشقا ئۇرماسلىقى" توغرىسىدا:

خارەغە ھەركىشىكىم دۇررى سەمىننى ئۇرغاي،
خىرەد ئاڭلاركى قەيۇ بىر - بىرىنى سۇندۇرغاي.
(كىمكى تاشقا قىممەتباھا گۆھەرنى ئۇرغاي،
ئېقىل بايقاركى قايسى قايسىسىنى سۇندۇرغاي.)



AltunOq

دەپ يېزىپ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھۆكۈمىنى بەدىئىي يول بىلەن ئىزھار قىلغان.

ناۋايى شۆھرەتپەرەستلىك، تەكەببۇرلۇق، تاماخورلۇق، نەپسانىيەتلىك قاتارلىق يامان خۇسۇسىيەتلەردىن يىرگىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆز ئەسەرىنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا بۇ ھەقتە ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تەكەببۇر ۋە شۆھرەتپەرەست كىشىلەردىن نەپرەتلەنگەن شائىر ئۇلارغا يېقىنلاشماسلىق توغرىسىدا: « بۇ خىل ئەسكىلەرنىڭ سورۇنىدىن زىندان ياخشىراق ۋە بۇ نىجىسلەر بەزمىسىدىن خالاجاي ئېرىغراق » دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇ تاماخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە:

« تەمەئ مەزەللەتغە دەلىل ۋە غەنى تامەئ خارۇ زەلىل ··· خارلىقلار باشىن تەمەئ بىلگىل »

( تاماخارلىنىشقا دەلىل ۋە باي تاماخۇر خار ۋە زەلىل ··· بارلىق خارلىقنىڭ بېشىنى تاما دەپ بىل ) دەپ يازسا، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ زىيىنى توغرىسىدا:

« ئاز دېمەك ھېكمەتغە بائىس، ئاز يېمەك سىھھەتكە بائىس. ئاغىزغە كەلگەننى دېمەك ناداننىڭ ئىشى ۋە ئالىغە كېلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى. كۆپ دېمەك بىرلە بولمىغىل نادان، كۆپ يېمەك بىرلە بولمىغىل ھايۋان » دەپ يازىدۇ.

ناۋايى « مەھبۇبۇل قۇلۇب »تا يالغۇز كىشىلىك ھاياتتا رۇئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان چوڭ - چوڭ ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۈستىدىلا پىكىر يۈرگۈزۈپ قالماستىن، يەنە كىشىلەر نەزىرىگە ئانچە يېقىن بولمىغان بەزى كىچىك ئىشلار توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە بىر نەچچە مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئورۇنسىز چاقچاق قىلماسلىق توغرىسىدا:

ھەزلغە شۇرۇئدىن بەھۇرمەتلىكىغ ئارتار، ھەزلنىڭ نەھايەتى جەدەلغە تارتار. كۆپ لەغۋ ھايا پەردەسىن چاك ئېتەر. ئەدەپ ۋە ھۆرمەت ئەھلى بىباكلىغ قىلا ئالغانچە تەئزىم ۋە ئەدەپ بىناسىن يىقمە، ھەيا ۋە ھۆرمەت خىلۋەتىدىن تاشقەرى چىقمە.

( چاقچاققا بېرىلىشتىن ھۆرمەتسىزلىك ئارتار، چاقچاقنىڭ ئاخىرى جېدەلگە تارتار. كۆپ چاقچاق ھايا پەردىسىنى يىرتار. ئەدەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەر يولدىن چىقمىغىچە تازىم ۋە ئەدەپ بىناسىنى يىقىتما، ھايا ۋە ھۆرمەت ئۆيىدىن تاشقىرى چىقما. )

مەي ئىچمەك توغرىسىدا:

مەي ئىچمەك نەھى ئېرۇر تەڭرى قەۋلى، ھەرھال بىلە ئەنىڭ تەركى ئەۋلا. ئاشكار ۋە كۆپ ئىچمەكى ناساز، شەرتى مەخفى ئىچمەكتۇر ۋە ئاز. ئىچمەمەكى ھېكمەتغە دال، مەخفى ئىچمەكى ھۇش ئەھلىغە خەسال. ياخشىسى ئىچمەمەكى خەلقەتى سالىم ئېلىگە ھال، مۇتلەق ئىچمەمەكى ئافىيەتكە مەئال··· بەدمەستقە دەمادەم ئىچماغدىن نى بەھر، ئادەمىلىغ قەتلىغە ئىچەر قەدەھ - قەدەھ زەھر. ئاقسۇم ئۇسرۇكلاردىن خارەج تەرانە، تېلبە ئىتلار ئۇلۇشقاندىك نىشانە. مەسلەر ئاراسىدە بىر ھۇشيار، ھۇشيارلار ئاراسىدە بىر مەس ھۆكمە بار.

( مەي ئىچمەكنى تۇسقان تەڭرى تائالا، ھەرھال بىلەن ئۇنى تاشلىغان ئەلا. ئاشكارا ۋە كۆپ ئىچمەك ئەمەستۇر ساز، شەرتى مەخپى ئىچمەك ۋە ئاز. ئىچمەسلىك ھېكمەتكە سەۋەپتۇر، مەخفى ئىچمەك ھۇشيارلارغا خىسلەتتۇر. ياخشىسى ئىچمەسلىك سالامەت كىشىلەر ئۈچۈن

ئوبدان ھال، مۇتلەق ئىچمەسلىك تەن ساقلىقىغا دال ... قارا مەسكە دائىما ئىچمەكتىن نىمە بەھر، ئۆز ئۆلىمى ئۈچۈن ئىچەر قەدەھ ـ قەدەھ زەھەر. مەسلەردە يوقتۇر خۇش ئاۋاز ـ تارانە، غالجىر ئىتلار ھولىشىدىن نىشانە، بولسا مەسلەر ئارىسىدا بىر ھوشيار، ھوشيارلار ئارىسىدا بىر مەس بولغانغا ئوخشاش.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، «مەھبۇ بۇل قۇلۇب» تا نۇرغۇنلىغان ئىجابى پىكىرلەرگە ياندىشقان ھالدا، دەۋر چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن بەزىبىر پاسسىپ كۆز قاراشلارمۇ ئورۇن ئالغان. بۇلار شاھلارغا قارىتا تونۇش، ئاياللارغا بولغان مۇئامىلە، تۈرلۈك تەبىقىلەرگە قارىتىلغان تەھلىل، زۇلۇم ۋە ۋاپاسىزلىقنىڭ مەنبەسىنى تونۇش، زامان ئادالەتسىزلىكلىرىگە قانداق جاۋاپ بېرىش قاتارلىق تەرەپلەردە كۆزگە چېلىقىدۇ.

ناۋايى مەملىكەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىنى پادىشاغا باغلايدۇ. پادىشا ئادىل بولسىلا گويا «تىكەندىن گۈللەر ئېچىلغاندەك» مەملىكەت ئاۋات، خەلق باياشات بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭچە «ئاياللار چەپ ياندىن، ناقىس يارىتىلغان»، شۇڭلاشقا «خوتۇنغا ئىشەنمەسلىك» كېرەك. جەمىيەتتىكى ھەر خىل تەبىقىلەر قانداقلا بولمىسۇن ھەق يولىنى تۇتسىلا بولىدى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەران ياكى مەھكۇم ئورۇندا بولىشى جەمىيەتتە تۇتقان ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. زامانىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زامان كىشىلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، ھەممە زۇلۇم، جەۋرى ـ جاپا ھەم ۋاپاسىزلىقنىڭ مەنبەئى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەسكىلىكى، يەنە ئۇلارنىڭ بىۋاپالىقى ۋە بىھايالىقى، شۇڭلاشقا جىمى ئېغىرچىلىقلارغا رىزا ۋە سەۋرىدە بولۇش لازىم. بۇ خىل چەكلىمىلىك ئەسەردە يولۇقىدىغان قىسمەنلىك بولۇپ، بۇلار «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى قىممىتىگە ھەرگىزمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

## 6. ئەسەرنىڭ بەدىئى قىممىتى

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ يۇقۇرى بەدىئى قىممىتىنى لايىغىدا باھالاپ چىقىش قىيىن بىر ئىش بولسىمۇ، قۇدرىتىمىز نىڭ يېتىشىچە ئۇرۇنۇپ كۆرگىنىمىزدە تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن سۆز ئېچىشقا بولىدۇ:

ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىدىكى ماقالاتچىلىق شەكىلنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرى بىلەن ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ نەمۇنىسىنى يارىتىپ، بەدىئى پىروزىنى يېڭىچە شەكىل، يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن جانلاندۇردى. «مەھبۇبۇل قۇلۇب» مەزمۇن جەھەتتە ناۋايىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدىكى تەجرىبە ۋە بىلىملىرىنىڭ يەكۈنى بولغىنىغا ئوخشاش، بەدىئى ئۇسلۇپ جەھەتتە، ئۇنىڭ ئەينى زامان ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتى بىلەن خەلق ئېغىز ئىجادىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان ئۇزۇن مۇددەتلىك يىغىنچاقلىق تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ناۋايى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىي يولىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كەڭرى ۋە ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلىغان، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالغان. شۇڭلاشقا ئۇ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئەپلىك ۋە گۈزەل بەدىئىي شە- كىللەردىن جايىدا پايدىلاندى. ئۇنى ئەسەرنىڭ خەلق چۆچەكلىرىدە بولىدىغان سەج ① ئۇسۇلى- دا يېزىلغانلىقىدىن ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن.

مەسىلەن:

يىگىتلىك ئۆمر گۈلشەنىنىڭ باھارىدۇر ۋە ھايات شەبىستانىنىڭ نەھارى.
تەلبە قۇلاقىغا پەند، قۇيۇن ئاياغىغا بەند.
(يىگىتلىك ئۆمۈر گۈلشەنىنىڭ باھارى ۋە ھايات قاراڭغۇلىقىنىڭ نەھارى.②
تەلۋىگە نەسىھەت قىلماق، قۇيۇننىڭ پۇتىغا ئىشكەل سالماق.)

ناۋايى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئالغىنى ئۈچۈن، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە ئوخشاش، ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بولغان نۇرغۇن ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ياراتتى. «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا «تەنبىھ» دەپ ئاتالغان كۆپلىگەن نەسىھەتنامىلار بېرىلگەن بولۇپ، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇلار خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلاردا ھەر قانداق ئىزاھلاشلارنىمۇ كېرەك قىلمايدىغان خۇلاسە خاراكتېرلىك پەلسەپىۋى ھۆكۈملەر ئورۇن ئالغان بولۇپ، كۆپىنچە- سى خەلق ماقال - تەمسىللىرى شەكلىدە تۈزۈلگەن. ھەتتا بەزىلىرىنى ماقال - تەمسىللەردىن پەرق قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ خىل ھېكمەتلىك سۆزلەر خەلق ئىچىگە كەڭرى تارقىلىپ، كېيىنكى چاغلاردا خەلقنىڭ فولكلور بايلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە بىر نەچچە نەمۇنە كەلتۈرۈش ھا- جەتسىز ئەمەس:

دەرتلىك كۆڭۈل — شولىسىز چىراق،
ياشلىق كۆز — سۇلۇق بۇلاق.
ئوتنىڭ ئىشى قورىماق، يەلنىڭ ئىشى سورىماق.
سۆزنىڭ مەزىسى مۇز بىلەن، ئاشنىڭ لەززىتى تۇز بىلەن.
ساقلىق تىلىسەڭ كۆپ يېمە، ئىززەت تىلىسەڭ كۆپ دېمە.
تاماخوردىن كەرەم تىلىمە، گادايدىن دەرەم (تىلىمە)
ئەرنىڭ قىلىغى، سۆزنىڭ ئىللىغى.
ياسانچۇق مەردانە بولماس، كېپىنەك پەرۋانە (بولماس.)

---

① سەج — نەسرى ئەسەرلەردىكى قاپىيە.
② نەھار — تاڭ، كۈندۈز.

پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا (تىلىمە)
ئىشقىسىز كىسەك، دەرتسىز ئىشەك.
يەر تۈزى ئەلدىن، سۇ ئەگرىمى يەلدىن.
بالىنىڭ ئىشى نىمە بولماس، پىستە شاكىلى كىمە (بولماس)
ياخشى بول يا يامان، ئىككىسى بولمەن دىگەن يامانۇ يامان ھامان.
يامان بىلەن ياخشى ئارىسىدا كۆپ پەرقتۇر،
ئىككى كىمىنىڭ ئۇچىن تۇتقان سۇغا غەرقتۇر.
ياماندىن ياخشىلىق كۈزلىمەك قۇرۇق خىيالدۇر، مۇشۇكتىن كەپتەرگە شەپقەت مەھەلدۇر.
پايدىسىز سۆزنى كۆپ ئېيتما، پايدىلىق سۆزنى كۆپ ئاڭلاشتىن قاچما.
ئاز دىگەن ئاز يېڭىلۇر، ئاز يىگەن ئاز يىقىلۇر.
ئېغىزغا كەلگەننى دىمەك نادانىنىڭ ئىشى،
ئالدىغا كەلگەننى يىمەك ھايۋانىنىڭ ئىشى.
ۋاپاسىزدا ھايا يوق، ھاياسىزدا ۋاپا (يوق.)
مىۋىسىز ياغاچ ھامانۇ ئوتۇن ھامان،
يېغىنسىز بولۇت ھامانۇ تۇتۇن ھامان.

ئاپتور «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن مەنتىقىلىق تەپەككۇرنى ئۆز-ئارا زىچ بىرلەشتۇرۇپ، دۇنيادىكى مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ تۈپكى ماھىيىتىنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن چۈشەندۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئەسەردە بېرىلگەن ھەر بىر نەسىھەت كىشىلەردە يېڭى بىر ئېقىل پەيدا قىلىدۇ.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇجەسسەملەنگەن جىمى بەدىئى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى پروزىدا نامايىش قىلىشنىڭ نادىر ئۈلگىسىدۇر. گەرچە «مەھبۇبۇل قۇلۇب» بەدىئى ئەدىبىيا تىنىڭ پروزا تۈرىگە تەۋە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئورۇن ئالغان چوڭقۇر شېئىرى پىكىر، گۈزەل، ئوبرازلىق شېئىرى تىل، رەڭدار ۋە خىلمۇ-خىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئاپتورنىڭ ئىنچىكە كۈزىتىش ئىقتىدارى بىلەن يۈكسەك بەدىئى تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسەرنى بىر لىرىك داستان'باسقۇچىغا كۆتەرگەن. ئەسەرنىڭ كىشىلەرگە بېغىشلايدىغان ئاجايىپ گۈزەل ۋە نازۇك ئىستېتىك زوقىدىن بەھىر ئالالىغان ھەربىر كىشى بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزدىن ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ.

ئەدىبى ئەسەرلەردە تىلنىڭ بەكمۇ بەدىئى بولىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا بۇ پىرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەل بولىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدىغان بەزى تالغۇلارنى ئۆز پېتىچە ئىشلەتكەندە قوپال بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېغىشلايدىغان ئىستېتىك زوقىنىڭ تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئورنىغا شۇ مەنىنى بىرىدىغان ئوبرازلىق سۆزلەرنى ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى قوللانغان. مەسىلەن:

مالىلىغ نادانىنىڭ دىمەكى،
ئالتۇنلۇغ چىبىننىڭ يىمەكى.

(مال - دۇنيا ناداننىڭ دەيدىغىنى،
ئالتۇنلۇق چىشىنىنىڭ يەيدىغىنى)

مەلۇمكى ئاپتور بۇ يەردە چىشىنىنىڭ ئۇزۇغى بولغان نىجاسەتنىڭ ئۆز ئىچىنى دېگەندە، سۆزنىڭ ئەدەبىي بولمايدىغانلىقىنى ھېساپقا ئېلىپ، ئۇنى ” ئالتۇنلۇق “ دېگەن ئىبارە بىلەن ئاتىغان. ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ بىر جايىدا يەنە ” ئۇسۇرسا “ دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ” كەينىدىن يەل سەكرىسە “ دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەن. بۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەدەبىي تىل ئۆلچەملىرىگە خىلاپ ھالدا قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئەدەبىي تىل لېكسىكىسىنى بۇزغۇچىلارنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ئۈچۈن ئوبدان سېلىشتۇرمىدۇر.

« مەھبۇبۇل قۇلۇب » نىڭ تىلى 15 - ئەسىردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان پۈتكۈل مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ( « چاغىتاي تىلى » دەپ ئاتالغان تىل ) بولۇپ، ناۋايى ئۆز ئەسەرىدە بۇ تىلنىڭ باي لېكسىكىسىنى، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىپادىلەش قۇدرىتىنى نامايىش قىلغان. ئۇ ئەسەرنى باشتىن - ئاياق قاپىيىلىك نەسر بىلەن يازغانلىقى تۈپەيلى، گەرچە قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن ئەرەپ ۋە پارس تىللىرىغا كۆپرەك مۇراجەت قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەسەردىكى مۇناسىپ ئورنىغا چەكلىمە بەرمىگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئورنىغا زومۇ - زو ھالدا ئەرەپ، پارس تىللىرىنى كىرگۈزمىگەن. پەقەت سۆز تەكرارلىقىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغان. مەسىلەن:

بىر ساغەر مەي بەرگەندىن قەدەھ - قەدەھ خوناپ يۇتماغ كېرەك ۋە بىر قەدەھ
نۇش ئېتكەندىن سوڭرە ئەياق - ئەياق زەھرىغە ئۆزنى ئامادە تۇتماغ كېرەك.

دېگەن جۈملىلەردىكى ” قەدەھ “ نىڭ ئورنىغا يەنە ” ساغەر “ دېگەن سۆزنى، ئىككىنچى ئورۇندىكى ” قەدەھ “ نىڭ ئورنىغا يەنە ” ئەياق “ دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، جۈملىنى:

بىر ساغەر مەي بەرگەندىن ساغەر - ساغەر خوناپ يۇتماغ كېرەك ۋە بىر ئەياق نۇش
ئېتكەندىن سوڭرە ئەياق - ئەياق زەھرىغە ئۆزنى ئامادە تۇتماغ كېرەك.

دەپ تۈزگەندە، سۆز تەكرارلىقى كېلىپ چىققان بولاتتى. ئېنىقكى ئاپتور بۇنداق قىلىشنى خالىمىغان.

يەنە قەيت قىلىش زۆرۈركى، ناۋايى ئۆز ئەسەرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ باي لېكسىكىسىدىن شۇ قەدەر كەڭ ۋە ئەتراپلىق پايدىلانغان. «مەھبۇبۇل قۇلۇب » تا قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا ئائىت بولغان كۆپلىگەن سۆزلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقى بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋر ئەدەبىي تىلىنىڭ قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە ساقلىغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ناۋايىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن بۈيۈك ئەجرىنى رۇشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. « مەھبۇبۇل قۇلۇب » تا ناۋايىغا زامانداش باشقا شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن بولمىغان قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە كۆپلىگەن سۆزلەرنىڭ ئورۇن ئېلىشى بىزنىڭ يۇقۇرقى پىكرىمىزنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، « مەھبۇبۇل قۇلۇب » 15 ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ياخشى ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ.

Altunoq

喀什师院学报（维文版）

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تىراژى: — 1500